بایراقتار بایراقلی

# ئیسلام

# وە

# ئایال

تەدبر نەشریاتی

**كىتاب ئىسمى: ئىسلام ۋە ئايال**

**ئاپتورى: بايراقتار بايراقلى**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئە. قاراقانلى**

**كوررېكتور: ت. بەكرى**

**ئىجتىمائىي تاراتقۇ ئادرېسلىرى:**

www.yuzlen.net

https://www.facebook.com/QuranicWoman

2023-يىلى مارت بىرىنچى ئىلكىتاب نەشرى

# مۇندەرىجە

مۇقەددىمە ........................ 7

## بىرىنچى باب
## ئايال

1. ئايالنىڭ ئالاھىدىلىكى ........................ 15

1) قىز پەرزەنت ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىلتىپات ........ 15

2) قىز پەرزەنتلىرىنى ئۇقۇتىدىغان ئائىلىلەر جاھانغا

ھۆكۈمران بولىدۇ ........................ 21

3) ئاياللار پىسخىكىسى ........................ 27

4) ئايال كىشى قۇياشقا ئوخشايدۇ ........................ 33

5) ئاياللار، تەقۋالىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت ......... 38

6) ئايال ۋە ھايا ........................ 42

7) ئاياللار ۋە ئىپپەت ........................ 48

8) قۇرئاندا ئاياللاردىن تەلەپ قىلىنغان سۈپەتلەر ... 56

2. ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى ............ 66

1) قۇرئان ئاياللارنى ئۆزلىرىگە لايىق ئورۇنغا قويىدۇ... 66

2) قۇرئان ئايالنى ئەمگەك ھەق ـ ھوقۇقىغا

ئىگە قىلىدۇ ........................ 71

3) قۇرئان ئاياللار ھوقۇقى ساھەسىدە قانۇنىي

خاراكتېرلىك ئىنقىلابنى بارلىققا كەلتۈردى ........... 76
4) قۇرئان ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ.. 81
5) ئايالنىڭ پىكىر ئەركىنلىكى ....................... 89
6) ھەزرىتى مەريەم ۋە ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى.. 94
7) ئايالنىڭ مىراس ئېلىش ھوقۇقى ................. 101
8) ئاياللار ۋە خىزمەت ھاياتى........................ 107
3. ئايال، نىكاھ ۋە تالاق ............................ 113
1) ئايال ۋە نىكاھ ....................................... 113
2) قۇرئان كەرىم تالاق مەسىلىسىدە ئايال
كىشىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدايدۇ ............. 120
3) قۇرئان ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسى .... 131
4) ئايالغا تاياق ئەمەس، گۈل يارىشىدۇ ............ 135
5) ئايال ۋە مائارىپ.................................... 140

## ئىككىنچى باب

## مېھرى ـ مۇھەببەت

1. مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتى ۋە مائارىپ ........ 149
1) مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك
ئۇقۇملار ................................................ 149
2) مۇھەببەتنىڭ تۈرلىرى.............................. 184
3) ئاللاھ كىمنى ياخشى كۆرىدۇ؟ ..................... 199
4) ئاللا كىمنى ياخشى كۆرمەيدۇ ياكى دوست
تۇتمايدۇ؟ .............................................. 218

## ئۈچىنچى باب

## ئاساسلىق ھەق ـ ھوقۇقلار

1. كىشىلىك ھەق ـ ھوقۇقلار ........................ 229
1) ھاياتلىق ـ ياشاش ھوقۇقى ........................ 229
2) مائارىپتىن بەھرىلىنىش ھوقۇقى ................ 252
3) ئۈۋالچىلىققا قالغۇچىلارنىڭ ھەققىنى دەۋا
قىلىش ھوقۇقى.................................. 256
4) مۈلۈك ھوقۇقى.................................. 260
5) ئەمگەك ھوقۇقى.................................. 266
2. ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلار.......................... 270
1) ئاتا ـ ئانا ھەققى ................................. 270
2) بالىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى........................ 275
3) ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ......... 289
4) يوقسۇللارنىڭ ھەققى ............................. 294
5) تەشكىللىنىش ھوقۇقى.............................. 299
6) جامائەت ھوقۇقى ................................. 304
7) يېتىم بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى.................. 333
خاتىمە ............................................ 338

## مۇقەددىمە

ھەممىگە قادىر ئاللاھ كائىناتتىكى بارلىق سەۋەب ـ نەتىجە مۇناسىۋەتلىرىنى بەلگىلەيدىغان چەكسىز ئىلمى ۋە ھېكمىتى بىلەن، ئەر كىشىنى ئايالغا، ئايال كىشىنى بولسا ئەر كىشىگە موھتاج قىلىپ ياراتتى.

گەرچە ھەر ئىككى جىنس ئىنسان بولۇش جەھەتتە ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش شەرەپ ۋە قىممەتكە ئىگە بولسىمۇ، ئەمما ئۇلار يارىتىلىش قانۇنىيىتىنىڭ نىشانى ۋە ھېكمىتىدىن يىراقلاشقاندا، بىر ـ بىرىگە ناتوغرا مۇئامىلىدە بولۇشتىن ساقلىنالمىغان. بولۇپمۇ، ئەرلەر ئۆزىگە بەخش ئېتىلگەن جىسمانىي ئارتۇقچىلىق ۋە كۈچنى خاتا ئىدراك قىلىپ، ئاياللارنى تارىختىن بۇيان ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغان مەۋجۇدىيەت دەپ قارايدىغان چۈشەنچىگە ئىگە بولۇپ كەلگەن. بۇ خاتا يۈزلىنىش ئۆزگەرمەس ئادەتكە ئايلانغان بەزى تارىخى دەۋرلەر، خانىم ـ قىزلارنىڭ ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتلەردە خىزمەتچى ۋە مالاي سۈپىتىدە قاتتىق زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقىغا شاھىت بولغان.

ئەلۋەتتە، ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا بولغان بۇ دۈشمەنلىك پوزىتسىيىسىنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ باشقا ساھەلىرىدىكى زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكتىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. ھەربىر مەۋجۇدات ۋە ھەربىر ھادىسە ئىلاھىي يارىتىلىش تەرتىپىدە ئىگە بولغان ئۆلچەم ۋە تەڭپۇڭلۇق، ئىنسانلارنىڭ ئۆز قولى بىلەن سادىر قىلغان قىلمىش ـ ئەتمىشلىرىنىڭ تەبىئىي نەتىجىسى سۈپىتىدە ئېغىر

بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ئاساسلىق ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىدىكى بۇ بۇزۇلۇش ۋە چىرىكلىك مۇقەررەر ھالدا ئىلاھىي مۇداخىلىنى تەقەززا قىلىدىغان ھالەتكە يەتكەن. بۇنىڭ نەتىجىسىدە، ئەۋەتىلگەن ساماۋى كىتابلار ئالدى بىلەن شەخسلەرنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىغان ۋە ئېغىپ كەتكەن نىشانلارنى ئېتىقاد ۋە ئەخلاق بىلەن ئوڭشاشنى، ئاندىن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئەكس ئەتكەن بۇ بۇزۇلۇش ۋە يىمىرىلىش سەۋەبىدىن بۇزۇلغان ئۆلچەم ۋە تەڭپۇڭلۇقنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلغان ئىدى.

ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتتە، ھەممىگە قادىر ياراتقۇچى بەلگىلىگەن ئۆلچەم ۋە تەڭپۇڭلۇق ئەرلەر تەرىپىدىن بۇزۇپ تاشلىنىپ، ئاياللارغا قارىتىلغان ناھەق ۋە رەنجىتىدىغان مۇئامىلىلەر ئەڭ ئاخىرقى ئىلاھىي كىتاب «قۇرئان كەرىم» بىلەن ئەسلىگە قايتۇرۇلدى. قۇرئانى كەرىم بەلگىلىگەن قاتتىق تەدبىرلەر ئارقىلىق رىلىستىن چىقىپ كەتكەن ئەرلەرنى چىقىش نۇقتىسى قىلىدىغان كۆزقاراشلارنىڭ ئورنىغا ئۆزئارا مۇھەببەت، ھۆرمەت ۋە ھەمكارلىقنى دەسسىتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ كېلەچىكى ئۈچۈن پارلاق ئۇپۇق - نىشاننى كۆرسىتىپ بەردى.

پەيغەمبەرلەرگە قورساق كۆتۈرگەن، ئۇلارنى باققان، چوڭ قىلغان، شۇنداقلا تەربىيىلىگەن ئانىلىرىمىزنىڭ چەتكە قېقىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ ئالىيجانابلىقى، پەزىلىتى ۋە قەدىر - قىممەتلىرىنى كېمەيتىپ، ئۇنىڭ بېيىشىنى توسۇپ قويغان. چەتكە قېقىلغان، ئۇرۇپ سوقۇلغان، تاۋار بۇيۇمى سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغان، شۇنداقلا شەھۋەتنى قاندۇرىدىغان جىنسىي بۇيۇم بولۇشتىن ئارتۇق قىممەتكە ئىگە بولالمىغان ئاياللارنىڭ كۆز ياشلىرى سەل كەبى ئېقىپ، نالە - پەريادى ئەرشئەلانى تىترىتىپ، ئىنسانىيەت

ئالىمگە قارا بولۇتتەك سايە تاشلىغان.

جانابىي ئاللاھ توختىماي ئېقىۋاتقان بۇ كۆز ياشلىرىنى توختىتىش، دىل ئازارىغا دەرمان بولۇش ۋە قارا بۇلۇتلارنى تارقىتىش ئۈچۈن قۇرئان ئەۋەتتى. خانىم ـ قىزلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇق مەسىلىسىدە ئۇزۇل ـ كېسىل ئىنقىلاب ئېلىپ بارغان قۇرئانى كەرىم، ئۇلارنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، ئۆزلىرىگە لايىق ماقامغا ئولتۇرغۇزدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ دەردىنى يەڭگىللەتتى. گەرچە قۇرئانى كەرىم خانىم ـ قىزلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇق مەسىلىسىدە ئىنقىلاب ئېلىپ بارغان بولسىمۇ، لېكىن ئىنسانىيەت ئۆتمۈشتىكى چىرىك مەدەنىيەتنىڭ تەسىرىدىن تەلتۆكۈس قۇتۇلۇپ بولالمىغاچقا، خانىم ـ قىزلارنى چەتكە قېقىش، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىش ۋە ئىككىنچى دەرىجىلىك مەۋجۇدات سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىش ئۈزلۈكسىز داۋاملىشىپ كەلدى. خانىم ـ قىزلار بەزى جەمئىيەتلەردە ناھايىتى ئوڭايلا ئىندەككە كەلتۈرگىلى بولىدىغان ياكى شەھۋەت قاپقىنىغا چۈشۈرۈلۈپ سودا بۇيۇمى ـ تاۋارغا ئايلاندۇرغىلى بولىدىغان مەۋجۇدات سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغان بولسا؛ بەزى جەمئىيەتلەردە ئۇلار قۇلغا ئوخشاش ئىشلىتىلىدىغان، ئىززەت ـ ھۆرمىتى بولمىغان مەۋجۇداتقا ئايلاندۇرۇلدى. ئەپسۇسكى، 20 ـ ئەسىردىمۇ خانىم ـ قىزلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى مەسىلىسىدە جاھىلىيەت دەۋرىدىكىگە قارىغاندا ئانچە كۆپ ئىلگىرىلەش ھاسىل بولمىدى.

ئەگەر ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسىردە خانىم ـ قىزلارنى قەدىر ـ قىممەت، ئالىيجانابلىق، پەزىلەت جەھەتتە ئۇلار لايىق بولغان ماقامغا يەتكۈزۈشتە مۇۋەپپەقىيەت قازانسا، روياپقا چىقارغان بۇ ئۆزگىرىشلىرى بىلەن كېيىنكى ئەسىرلەردە ماختىنىشقا لايىق بولىدۇ. ئېنىقكى، بىز خانىم ـ قىزلارنىڭ كۆز يېشى قۇرۇمىغان، دىلى

سۇنۇق ھالەتتە كېيىنكى ئەسىرلەرنىڭ پارلاق ئۈپۈقلىرىغا ھەرگىز يېتەلمەيمىز. خانىم - قىزلىرىمىزغا قىلىدىغان ياخشى مۇئامىلىمىز، ئۇلارغا بەخش ئېتىدىغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت، شۇنداقلا بىز ئۇلارغا ئاتا قىلىدىغان شەپقەت ۋە مەرھەمەت بىز ياشاۋاتقان ئەسىرنىڭ روھىنى شەكىللەندۈرۈشى كېرەك. ئۆتمۈشتە سادىر قىلىنغان خاتالىقلارنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇش ئۈچۈن، خانىم - قىزلىرىمىزغا سەمىمىي مېھىر - مۇھەببەت بىلەن مۇئامىلە قىلايلى، ئۇلارنىڭ ئەجرىگە مىننەتدارلىق بىلدۈرەيلى، ئۇلارنى ئىنسانىي ئالاقە - مۇناسىۋەتتىن مەھرۇم قىلمايلى. ئۇلارنىڭ قېنى، جېنى ۋە سۈتىنىڭ تومۇرلىرىمىزدا، توغرىسى بارلىق ھۈجەيرىلىرىمىزدە ئېقىپ يۈرگەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. ئەرلەرنىڭ شەخسىيەتچى ۋە رەھىمسىز دۇنياسى ئالالھنىڭ قىممەتلىك بەندىسى بولغان خانىم - قىزلارغا كۆز يېشى بىلەن تولغان ئەلەملىك ھاياتنى مەجبۇرلاپ، ئىنسانىيەتكە داد - پەريات بىلەن تولغان مەدەنىيەتنى مىراس قالدۇردى.

سىز خانىم - قىزلارغا بەخش ئەتكەن مېھىر - مۇھەببەت ۋە كۆرسەتكەن رەھىم - شەپقەت بالىلىرىڭىز ئارقىلىق سىزگە يانىدۇ. چۈنكى، ئېرىدىن مېھىر - مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەن ئايال بالىلىرىغا مۇھەببەت بېرەلمەيدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنى مۇھەببەت بۆشۈكىدە چوڭ قىلالمايدۇ.

بۇ ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تۈرتكىسىدە، مەن سىزگە قۇرئاننىڭ خانىم - قىزلارغا بەرگەن قىممىتىنى يەتكۈزمەكچى ۋە قۇرئاننىڭ ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قانداق مۇھىم ئورۇنغا قويغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتۈشنى نىيەت قىلدىم. ئايال - ئانا ئۆز قورسىقىدا سىزگە ئورۇن بەرگىنىدەك، سىزنىڭمۇ ئۇنىڭغا قەلبىڭىزدىن ئورۇن بېرىشىڭىزنى، بىر كىشىلىك ئورۇن ئاجرىتىشىڭىزنى ئۈمىد

قىلدىم. كىشىلىك ھەق ـ ھوقۇق نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئىنسانىيەت ئەيىبكاردۇر. چۈنكى، كىشىلەر قۇل قىلىنغان، ئاتا ـ ئانا ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان، كىشىلىك ۋە ئىجتىمائىي ھوقۇقلىرى سەل قارالغان دۇنيا يارىلانغان، چىرىگەن، مۇستەبەتكە تولغان ۋە تەرەققىي قىلمىغان بولىدۇ. خىزمەتكە سېلىنغان كىشىلەرنىڭ ئىش ھەققىنىڭ بېرىلمەسلىكى، ناھەقچىلىك ـ زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارنىڭ ئادالەت تەلەپ قىلىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىنىشى قاتارلىق جىنايەتلەر تۈپەيلىدىن، دەۋرىمىزدىكى ئىنسانىيەت بەلكىم ئاخىرەتتە نىجاتلىققا ئېرىشەلمەسلىكى مۇمكىن. ئىنسانىيەتنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلارغا ھۆرمەت قىلماسلىقى، ئۇلارنى دەپسەندە ـ پايخان قىلىشى بولسا، ئىنسانىيەتنىڭ قانۇن ۋە مەدەنىيەت جەھەتتە مېڭىسى ئۆلۈپ ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغانلىقىدىن، شۇنداقلا بارلىق پەزىلىتىنى يوقاتقانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ھەق ـ ھوقۇق ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلغان دۇنيا، ئىنسانىيەت ئۆز ئەينىكىدە ئۆزىنى كۆرۈشكە جۈرئەت قىلالايدىغان دۇنياغا ئايلىنىدۇ. ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلىدۇ، ئۆزىنىڭ ئىش ـ ھەرىكىتى سەۋەبىدىن خىجالەت ھېس قىلمايدۇ، يۈزى قىزارمايدۇ. مانا بۇ ئىنتىزار بولۇنغان، تۆت كۆز بىلەن كۈتۈلگەن ۋە ھەربىر ئويغاق ئىنسان تەقەززا بولغان ئىنسانىيەت دۇنياسى. مەن بۇ ئەسەرنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىدا تۆھپىسى بولغان زىيا ئەرەن ئەپەندىمگە رەھمەت ئېيتىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ مەرھۇم يېقىن ـ يورۇقلىرىغا ئاللاھتىن رەھمەت ۋە مەغپىرەت تىلەيمەن.

پروفېسسور دوكتور بايراقتار بايراقلى

# بىرىنچى باب

# ئايال

# 1. ئايالنىڭ ئالاھىدىلىكى

## 1) قىز پەرزەنت ئاللاھ ئاتا قىلغان ئىلتىپات

ئىنسانىيەتنى ئاللاھنىڭ غەزىپىگە دۇچار قىلىدىغان ئىشلاردىن بىرى، ئۇلارنىڭ قىز پەرزەنتلىرىگە تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىسى ۋە ئۇلارنى خالىماسلىقى بولۇپ، مانا بۇ توغرا پوزىتسىيە ۋە مۇئامىلىگە خاتىمە بېرىش، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئايرىمچىلىقنى يوقىتىش، ئاياللارنى ئۆزى لايىق بولغان يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلىش، شۇنداقلا ئۇلارنى ئەرلەرنىڭ زۇلۇم ۋە ئادالەتسىزلىكىدىن قوغداش قۇرئاننىڭ نازىل قىلىنىشىدىكى ئاساسلىق مەقسەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ.

قۇرئاندا، تارىخنىڭ ھەربىر دەۋرىدە مەۋجۇت بولغان ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ناھەق كەمسىتىش ۋە كەمسىتىلىشنى ئەيىبلەيدىغان مۇنداق ئىككى ئايەت بار:

لِلّٰهِ مُلْكُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِؕ يَخْلُقُ مَا يَشَٓاءُؕ يَهَبُ لِمَنْ يَشَٓاءُ اِنَاثاً وَيَهَبُ لِمَنْ يَشَٓاءُ الذُّكُورَۙ اَوْ يُزَوِّجُهُمْ ذُكْرَاناً وَاِنَاثاًۚ وَيَجْعَلُ مَنْ يَشَٓاءُ عَق۪يماًؕ اِنَّهُ عَل۪يمٌ قَد۪يرٌ

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ ئىگىدارچىلىقى ئاللاھقا خاستۇر. ئۇ نېمىنى خالىسا شۇنى يارىتىدۇ: ئۆزى خالىغان ئادەمگە قىز پەرزەنت ئاتا قىلىدۇ، خالىغان ئادەمگە ئوغۇل پەرزەنت بەخش ئېتىدۇ ياكى ئۇلارغا ئوغۇل - قىزنى ئارىلاش بېرىدۇ. ئۇ ئۆزى خالىغان ئادەمنى تۇغماس قىلىدۇ. ئۇ ھەقىقەتەن ھەممىنى

بىلگۈچى ۋە ھەممىگە قادىردۇر» (سۈرە شۇرا 50 ـ ، 49 ـ ئايەتلەر)

ئايەتلەرنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئوقۇغىنىمىزدا، بىز چۈشىنىشكە تېگىشلىك بولغان ئاساسلىق ھۆكۈملەرنىڭ تۆۋەندىكىدەك ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز:

**i. ئاللاھ مۈلك (بارلىق شەيئىلەر) نىڭ ئىگىسى**

مەزكۇر ئايەتنىڭ ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىنىنىڭ مۈلۈكلىرىنىڭ ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان ھۆكۈم بىلەن باشلىنىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. ئىنسانلارنىڭ ئارزۇسى، ئىستىكى، ئىرادىسى ۋە مايىللىقى ھېچقانداق كۈچكە ئىگە بولمىغان يارىتىلىش تەرتىپىدە، ئاللاھنىڭ يارىتىشىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان پوزىتسىيەگە قارشى، ئاللاھ ئۆزىنىڭ ئالەمدىكى بۇ تەرتىپنىڭ ياراتقۇچىسى ۋە ئۇنىڭ ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىدۇ، شۇنداقلا پەرزەنتلەر ياكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئىختىيارلىقىدا بولمىغان قىز ياكى ئوغۇل پەرزەنتلىك بولۇش مەسىلىسىدە، كىشىلەرنىڭ چىن دىلىدىن ئۆزى (ئاللاھ)گە شەرتسىز تەسلىم بولۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.

**ii. ئاللاھ ئۆزى خالىغىنىنى يارىتىدۇ**

پەرزەنتنىڭ قىز ياكى ئوغۇل يارىتىلىشىدا ئىرادىنىڭ پۈتۈنلەي ئاللاھقا مەنسۇپ ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى ھۆكۈم، پەرزەنتلەرنىڭ ياكى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ئارزۇسى سىرتىدا ئەمەلىيلەشكەن يارىتىش ھادىسىسى، ھەمدە ئارزۇسىغا مۇخالىپ بالا تۇپەيلىدىن، كىشى نامايان قىلغان نارازىلىق پوزىتسىيىسىنىڭ مەنتىقسىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بولۇپمۇ، قىز پەرزەنتنىڭ

خارلىنىشى ياكى ئۇنى تۇغقان ئانىنىڭ ئەيىبلىنىشى، «ئاللاھ ئۆزى خالىغاننى يارىتىدۇ» دېگەن جۈملە بىلەن ئېنىق رەت قىلىنغان بولۇپ، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قىز پەرزەنت سەۋەبىدىن ئاللاھقا قارشى سادىر قىلىشى مۇمكىن بولغان ھۆرمەتسىزلىك توغرىسىدا باشتىلا ئاگاھلاندۇرۇلىدۇ.

**iii. ئىلتىپات ۋە قىزنىڭ ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇشى**

مەزكۇر ئايەتتە، بەزىلەرگە قىز، يەنە بەزى بەزىلەرگە ئوغۇل پەرزەنت ئاتا قىلىنىشىنىڭ ئىلاھىي ئىرادىنىڭ نەتىجىسى ئىكەنلىكى تەكىتلەنگەن، شۇنداقلا بۇ تەقدىرنىڭ روياپقا چىقىش جەريانى «يارىتىش» كەلىمىسى بىلەن ئەمەس، بەلكى «ئىلتىپات / بەخش ئېتىش» ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلەنگەن. «ئىلتىپات قىلىش، ئېھسان قىلىش، قىممەتلىك نەرسىنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ۋەھب (وهب)» ئۇقۇمى، «يارىتىلىش» نىڭ ئالاھىدە شەكلى سۈپىتىدە ئىنسان پەرزەنتىنىڭ ئىلاھىي ئىلتىپات ئىكەنلىكىنى يارقىن تىل بىلەن ئىپادىلەيدۇ. ئۇندىن باشقا، ئايەتتىكى ئىلاھىي سۆز تەرتىپىدە ئالدى بىلەن قىزنىڭ تىلغا ئېلىنىشى، ئىنسانلار بەزىدە چىرايىنى تۈرۈپ ناخۇش مۇئامىلىدە بولىدىغان قىز پەرزەنتنىڭ ئەسلىدە ئىلاھىي ئىلتىپات ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ ئارقىلىق، كىشىلەر تەرىپىدىن چەتكە قېقىلغان، خارلانغان، سوغۇق مۇئامىلە بىلەن كۈتۈۋېلىنغان، ھەتتا خالانمىغان قىز پەرزەنت ئاللاھ تەرىپىدىن ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇلۇش ئارقىلىق ھېچكىم تەۋرىتەلمەيدىغان ماقامغا ئىگە قىلىنغان.

ئايالنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ۋە ئۇنىڭغا ئېتىبار بېرىش ئىجتىمائىي ئادەت ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ بىر ئىلاھىي ئادەت ـ سۈننەت. ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان كىشىلەر قىز پەرزەنتنى

ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى دەپ بىلىشى، بۇنداق پوزىتسىيەنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىشى، شۇنداقلا بۇ چۈشەنچىنى ئومۇملاشتۇرۇشقا تىرىشىشى كېرەك. ئاللاھ نېمەت دەپ قارىغاننى كەمسىتكەن كىشى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. قىز پەرزەنتنى ئاللاھ ئاتا قىلغان نېمەت دەپ قاراش مۇھىم، ئەمما بۇ تېخى يېتەرلىك ئەمەس. چۈنكى، نېمەت بولغان مەۋجۇدىيەت چوقۇم قوغدىلىشى، ياخشى تەربىيەلىنىشى ۋە مائارىپتىن ئەڭ ياخشى شەكىلدە بەھرىمەن بولۇش شارائىتىغا ئىگە قىلىنىشى كېرەك.

ئايەتتە ئايالنىڭ ئەرنىڭ ئالدىدا تىلغا ئېلىنىشىنىڭ يەنە بىر سەۋەبى، ئەرنىڭ ئۇنىڭدىن تۇغۇلۇشىدۇر. تۇنجى ئىنسان يارىتىلغان «نەفس» دەپ ئاتالغان «جەۋھەر»مۇ چىشى جىنس ئىدى. شۇڭا، ئىلاھىي يارىتىلىشتا تەقدىر قىلىنغان بىرىنچى ئورۇننى چىشى جىنس ئىگىلىگەن. ئايالنى كەمسىتىش ئىلاھىي تەقدىرنى قوبۇل قىلماسلىقتىن دېرەك بېرىدۇ، بۇ ئەمەلىيەتتە، چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئايەتتىن يەنە شۇنى بىلىمىزكى، كىشىلەرگە قىز ياكى ئوغۇلنىڭ ئىلتىپات قىلىپ بېرىلىشىدە يەنىلا ئاللاھنىڭ ئىرادىسى مۇھىم رول ئوينايدۇ. دەل بۇ سەۋەبتىن، ھەر ئىككى جىنستىن ئىلگىرى ئىلاھىي ئىرادە تىلغا ئېلىنغان.

### vi. ئاللاھ قىز - ئوغۇل پەرزەنتنى ئارىلاش ئاتا قىلىدۇ

ئايەتتە، قىز - ئوغۇل ئايرىم بېرىلگەندە ئىلتىپات مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋەھەب ئۇقۇمى ئىشلىتىلگەن. ئارىلاش، يەنى ئوغۇل - قىز پەرزەنت ئارىلاش بېرىلگەندە بولسا «قوشماق بېرىش (يُزَوِّجُهُ)» پېئىلى قوللىنىلغان. ئارىلاش ئۇقۇمىنى ئىپادىلىگەندە، ئوغۇلنى ئالدىنقى ئورۇنغا، قىزنى كېيىنكى

ئورۇنغا قويغان. 49 ـ ئايەتتە، ئايال ئالدىنقى قاتاردا ئورۇن ئالغان بولسا، 50 ـ ئايەتتە ئەر ئىككىنچى ئورۇندا يەر ئالغان. ئايال ھەر ئىككىلا ئەھۋالدا، يەنى ئايەتلەر ئىچىدە مۇھىم ئورۇنغا قويۇلغان.

**٧. ئاللاھ تۇغماس قىلىپ ياراتتى**

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتتە، ھەممىگە قادىر ئاللاھ پەرزەنتلىك بولالمىغانلارنىڭ قايغۇرماسلىقى ئۈچۈن، يەنە بۇ ئەھۋالنىڭ ئىلاھىي خاھىش ۋە ئىرادىنىڭ تەقەززاسى بىلەن مەيدانغا كەلگەنلىكىنى بايان قىلغان. ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىگە قادىر بولغان ئاللاھ بۇ ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ ئىنسانلارنىڭ پېشانىسىگە پۈتۈلگەنلىكىنى بىلدۈرۈش ئارقىلىق، خانىم ـ قىزلارنىڭ كەمسىتىلىشىگە خاتىمە بېرىشنى مەقسەت قىلغان. پەيغەمبەرلەرنىڭ ھاياتىنى كۆزدىن كۆچۈرگەن ۋاقتىمىزدا، قىز ـ ئوغۇل پەرزەنتكە ئىگە بولۇشنىڭ ھەر خىل مىساللىرىنى كۆرەلەيمىز. ئاللاھ لۇت ۋە شۇئەيب پەيغەمبەرلەرگە پەقەت قىز پەرزەنتلەرنى بەخش ئەتكەن بولسا، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامغا پەقەت ئوغۇل پەرزەنتلەرنى، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بولسا قىز پەرزەنتلەرگە قوشۇپ ئوغۇل پەرزەنتنىمۇ ئاتا قىلغان.

يۇقىرىدىكىلەرگە ئاساسلانغاندا، قۇرئاننىڭ روھى بىزگە، شۇنداقلا دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەرگە ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا جىنسىيەتتىن كېلىپ چىققان ھەر قانداق ئايرىمچىلىقنى، يەنى خانىم ـ قىزلارنى كەمسىتىدىغان ئىدىيە، مۇئامىلە ۋە پوزىتسىيەلەرنى تەرك قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكىنى بىلدۈرىدۇ. ئىنسانىيەت قىزلارنى تارىخ ئۇلارغا تاڭغان ناھەق مۇئامىلە رامكىسىدىن قۇتۇلدۇرۇشى، قىزلارنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخولوگىيىلىك خاسلىقىنى نەزەرگە ئالمىغاندا، ئۇلارنىڭ

ئوغۇللارغا ئوخشاشلا ھەق ـ ھوقۇق ۋە مەسئۇلىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭمۇ ئاللاھنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك بەندىلىرى ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىدىغان مۇئامىلە ئەندىزىسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۇلارنى باغرىغا بېسىشى كېرەك. قىزلارنى ياخشى تەربىيىلەپ، ئۇلارنى ئىنسانىيەتكە پايدىلىق شەخس قىلىپ يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ قابىلىيەت ۋە تالانتى بىلەن ئىنسانىيەت خەزىنىسىنى بېيىتىشى كېرەك. ئاياللارنى خورلاپ، ئۇلارنى زۇلۇم ـ قاراڭغۇلۇققا مەھكۇم قىلىش ئۇلارنى ئۆزلىرى لايىق بولغان يۈكسەك مەرتىۋىدىن مەھرۇم قىلغانلىق بولىدۇ. ھۆرمەتكە سازاۋەر دۇنيا، بەخت ـ سائادەتلىك ئىنسانىيەت ۋە پارلاق كېلەچەككە ئىگە بولۇش، خانىم ـ قىزلارنىڭ يارىتىلىش قانۇنىيىتىگە مۇۋاپىق يۈكسەك ئەخلاق ـ پەزىلەت پرىنسىپى بىلەن ئۆزىنىڭ ئىندىۋىدۇئاللىقىنى ۋە كىشىلىك دۇنياسىنى بارلىققا كەلتۈرۈپ، ئۆز جىنسىنى ئەرلەرگە ئوخشاش كۈچلۈك ۋە ساغلام تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىدارىغا باغلىق.

## 2) قىز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتىدىغان ئائىلىلەر جاھانغا ھۆكۈمران بولىدۇ

بۇ ماۋزۇنىڭ ئىلھام بۇلىقى بولغان «بۆشۈك تەۋرىتىدىغان قوللار، جاھانغا ھۆكۈم ئەيلەر» دېگەن ماقال، قەدىمكى دەۋرلەردە ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقالغان بولۇپ، بۇ ماقال ئارقىلىق ئاياللارنىڭ پەرزەنتلەرنى دۇنياغا ئاپىرىدە قىلىپ، ئۇلارنى بېقىپ قاتارغا قوشۇش ئارقىلىق مىللەتنىڭ تەقدىرىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينىغانلىقى ئىپادىلەنگەن. ئاياللارنىڭ ئەڭ مۇھىم قابىلىيىتى دەپ قارالغان تۇغۇش، قەدىمكى دەۋرلەرنىڭ كۈچ - قۇدرەت ۋە ھاكىمىيەت قارىشىدا مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيتتى.

ئەگەر بۇ كونا ماقال ئازراق ئۆزگەرتىلسە، يەنى «بۆشۈك تەۋرەتكەن قوللار» دېگەن ئىبارىنىڭ ئورنىغا «قىز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتقانلار» دېگەن جۈملە قويۇلسا، ئۇ ھالدا بۈگۈنكى زامانىۋى دەۋر چۈشەنچىسىدە مەنە جەھەتتىن ھېچقانداق مۇبالىغە قىلىنمىغان يۇقىرىدىكى ماۋزۇ ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئىسلام دۇنياسى قىز پەرزەنتلەرگە ياخشى مائارىپ شارائىتى يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق، تەرەققىيات يولىدا ئاقساپ قېلىشقا سەۋەب بولغان ئامىللاردىن بىرىنى سۈپۈرۈپ تاشلاشقا مۇۋەپپەق بولىدۇ. نوپۇسنىڭ يېرىمى ئاياللاردىن تەركىب تاپقان دۇنيا ئاياللىرىنى ھېچ بولمىغاندا ئەرلىرىگە ئوخشاش تەربىيەلىمەستىن، ئىنسانىيەت ساغلام، كۈچلۈك، ئىجادچان ۋە يۇقىرى مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە يېتىشكە قادىر بولالمايدۇ.

قىز پەرزەنتلەرنى ئوقۇتۇش، ئاياللارنى تەربىيلەش باسقۇچىدىكى تۈنجى قەدەم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز تۆۋەندىكى ماۋزۇلاردىن بۇ جەريانىنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈپ يېتەلەيمىز:

**i. مائارىپ**

بىلىمنىڭ ئېشىشى ۋە بىلىمنىڭ تېخنىكا بىلەن ئىقتىسادىي تۇرمۇشقا ماسلىششى خىزمەت ساھەسىنى ئىنتايىن مۇرەككەپلەشتۈردى. بۇ، ئاتىلار بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمايدىغان، ئائىلە تەربىيسى پۈتۈنلەي ئانىلارنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن ۋەزىيەتنى بارلىققا كەلتۈردى. بۇ سەۋەبتىن، ئانىلار مەكتەپ بىلەن ئائىلە ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت ۋە ئالاقىنى ماسلاشتۇرۇشقا مەجبۇر بولماقتا.

بالىنىڭ تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپكىچە بولغان ئوقۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە ئۇلارغا يار - يۆلەك بولۇشتا ئائىلە ئانىلارغا موھتاج بولۇپ، خىزمەت ھاياتىدىكى جىددىيچىلىك دادىلارنىڭ بالىلىرىغا يېتەرلىك دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈشىگە ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىشىگە پۇرسەت بەرمەيدۇ. بالىلارنىڭ ئەقلىي قۇرۇلمىسىنىڭ ساغلام ئۆسۈپ يېتىلىشى ئانا - بالا ۋە ئانا - مەكتەپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سۈپىتىگە باغلىق. بىر ئايالنىڭ مائارىپ تەربىيسى كۆرگەن بولۇشى، ئۇنىڭ ۋاقتى كەلگەندە بالىلىرىنىڭ ئوقۇشىغا ياردەم بېرىشى ۋە مەكتەپ بىلەن نورمال مۇناسىۋەت ئورنىتىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

**ii. دىنىنىڭ بۇيرۇقى**

«ئوقۇش ئەر - ئايالغا پەرز» (ئىبنى ماجە، مۇقەددىمە، 17 - نومۇر) ھەدىسى خانىم - قىزلارنى ئوقۇشنىڭ ۋاجىپ

ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇقەددەس كىتابىمىزنىڭ ئىسمى قۇرئان بولۇپ، «قۇرئان» ئۇقۇمىمۇ «ئوقۇش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئىسمى «ئەڭ كۆپ ئوقۇلىدىغان» ۋە بىرىنچى سۆزى «ئوقۇش» بۇيرۇقى بولغان مۇقەددەس كىتابنىڭ خانىم - قىزلارنى تەلىم - تەربىيە ساھەسىدىن چەتكە قېقىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ، ئەلۋەتتە.

پەيغەمبىرىمىز قۇرئاننىڭ بۇ بۇيرۇقىنى يۇقىرىدىكى ھەدىس بىلەن ئىزاھلاپ، خانىم - قىزلارنى ئوقۇتۇشنىڭ ۋاجىپ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. ئىنسانىيەت ۋە ئىسلام دۇنياسى ئەسىرلەردىن بۇيان خانىم - قىزلارنىڭ تەلىم - تەربىيە مەسىلىسىگە سەل قاراپ، ئۇلارنى بۇ زىيانكەشلىكلەرگە دۇچار قىلدى.

تۇنجى بۇيرۇقى «ئوقۇش» بولغان مۇقەددەس كىتابنىڭ ۋە ئىلىم تەھسىل قىلىشنىڭ ئەر - ئايالغا پەرز ئىكەنلىكىنى ئېيتقان بىر پەيغەمبەرنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىنىڭ دىنغا يات بۇنداق ئادەتنى بارلىققا كەلتۈرۈشىنى ھېچقانداق شەكىلدە چۈشەندۈرگىلى بولمايدۇ. نوپۇسىنىڭ يېرىمى خانىم - قىزلاردىن تەركىب تاپقان تۇرۇپ، شۇ يېرىم نوپۇس يېتەرلىك مائارىپ تەربىيىسىگە ئىگە بولالمىغان بىر جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيەتلىك سەۋىيىگە يېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس.

**iii. ھەق - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش**

ئەرلەر ھۆكۈمرانلىق قىلغان جەمئىيەتلەردە، ئاياللار ئەزەلدىن زۇلۇمغا ئۇچراپ، ھەر خىل شەكىلدىكى زوراۋانلىققا دۇچار بولۇپ كەلگەن. ئاياللار تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىنى ھېچكىمگە ئاڭلىتالمىغان، ھەق - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلالمىغان.

بۇ سەۋەبتىن، ئۇلار دۇچار بولغان زۇلۇم، ئۇۋالچىلىقنى ئىچىگە يۇتۇشقا مەجبۇر بولۇپ كەلگەن. بۇ ئەھۋال ئىنسانىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلىپ، ئۇلارنى ئىلاھىي مۇسىبەتلەرگە دۇچار قىلغان. دەل بۇ سەۋەبتىن، ئىلىم تەھسىل قىلىش ئاياللارغا ئۆزىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش، دۇنيانى بىلىش ۋە ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىش پۇرسىتى بىلەن تەمىنلىگەن. خانىم ـ قىزلار ئوقۇش ئارقىلىق ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولۇپ، ئىستىقبالىنى كۆرۈشكە سازاۋەر بولۇپ، ئىنسان بولۇشنىڭ ھوزۇرىنى تۇيۇش ـ ھېس قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. شۇنداقلا ئۆزىنىڭ پىكرىنى ياقلاش ۋە ئىندىۋىدۇئاللىقىغا ئىگە بولۇش شەرىپىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.

**vi. ئىلىم تەھسىل قىلىش: ئەخلاق جەھەتتىكى ئاجىزلىقنى ئازايتىش**

مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن بىر قىسىم خانىم ـ قىزلار خىزمەت ھاياتىغا قەدەم بېسىپ، خىزمەت جىددىيچىلىكى سەۋەبىدىن، غەيۋەتخورلۇق گۇناھىدىن خالىي بولىدى. چۈنكى، ئوقۇش پۇرسىتىگە ئىگە بولالمىغانلىقتىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالىدىغان ئاياللارنىڭ كۆپىنچىسى غەيۋەت بىلەن مەشغۇل بولىدۇ. گەرچە ئائىلە ئايالى بولسىمۇ، لېكىن مائارىپ تەربىيەسى كۆرگەن ئاياللار ئۆيدە ئۆزىنى تەربىيەلەپ يېتىلدۈرۈشنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇلار قوشنىدارچىلىق مۇناسىۋىتىدە ئىناق ۋە ئەخلاقلىق بولۇپ، دوستانە پاراڭلىرىدا ئىلىم ـ مەرىپەتلىك بولىدۇ. يەنى نادان ئايال سۇخەنچىلىك قىلىدۇ، ئوقۇغان ئايال ئۆزىنىڭ بىلىمىنى ئاشۇرىدۇ.

ئەگەر مائارىپ دىنىي تەربىيە بىلەن بىر پۈتۈن گەۋدىگە ئايلاندۇرۇلمىسا، ئۇ ئاياللارنى ئەخلاقىي جەھەتتىن يۇقىرى

كۆتۈرۈشىنىڭ ئورنىغا، ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىنى چوڭايتىپ، مائارىپ ئېلىپ كەلگەن ئەۋزەللىكنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈشى مۇمكىن.

بۇ نۇقتىدا، مائارىپ تەربىيىسى كۆرگەن خانىم - قىزلارنى پايلاپ تۇرغان يوشۇرۇن خەتەرنىمۇ تىلغا ئېلىپ ئۆتۈش كېرەك. مەكتەپ تەربىيەسى خانىم - قىزلارنى ھاكاۋۇر قىلىپ قويماسلىقى كېرەك. خانىم - قىزلارنىڭ كىشىلىك مىجەز خاراكتېرىنىڭ ساغلام يېتىلىشىگە پايدىسى بولمايدىغان، ئۇنى ئەدەپلىك ۋە كەمتەر قىلمايدىغان پايدىسىز بىلىم، خانىم - قىزلارغا مەنپەئەتلىك بولۇشىنىڭ ئورنىغا ئائىلە تۇرمۇشىغا زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەر - ئاياللار ئىگە بولغان بۇ پايدىسىز بىلىم ئۇلارنى زىچ ئۇيۇشتۇرۇشنىڭ ئورنىغا، ئۇلار ئارىسىدا جېدەل - ماجىرا كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىز ئېرى ئايالىغا ھۆرمەت قىلىدىغان، ئايالى ئېرىگە مېھىر - مۇھەببەت ۋە ساداقەت بەخش ئېتىدىغان مەدەنىيەت بىلىملىرىگە تولىمۇ موھتاج.

بىر ئايالنىڭ ئوقۇش ئارقىلىق ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقنى قولغا كەلتۈرۈشى چوڭ غەنىيمەت، ئەمما بۇ غەنىيمەت تەكەببۇرلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقى كېرەك. ئائىلىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتىگە قىممەت قوشىدىغان، باشقىلارغا يۆلىنىپ قالماستىن ئۆزى مۇستەقىل قەد كۆتۈرۈپ تۇرالايدىغان، جەمئىيەتكە يۈك بولۇپ قالمايدىغان ئوقۇمۇشلۇق خانىم - قىزلارنىڭ ئائىلە مۇناسىۋىتىدە نورمال بولۇشىدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولامدۇ؟ ئەگەر خانىم - قىزلار ئالغان مەكتەپ تەربىيىسى ئۇلارغا ئەرنىڭ رەقىبى بولۇش تۇيغۇسىنى سىڭدۈرسە، ئۇ مائارىپ قايتا كۆزدىن كەچۈرۈلۈشى كېرەك. ئەگەر مائارىپ ئۆزئارا مۇھەببەتنى كۈچەيتسە، ئائىلە مۇناسىۋىتىنى تىنچلىققا

ئىگە قىلسا ۋە ئائىلىنىڭ ئالىيجانابلىقىنى ئاشۇرسا، بۇ ئۇنىڭ ئۆز رولىنى ھەقىقىي جارى قىلدۇرغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەمما، مائارىپ تەربىيەسى تالاش - تارتىش، جېدەل - ماجرا ۋە ھاكاۋۇرلۇقنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، ئۇ زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ.

ئەگەر ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بولغان بىر ئايال ئېرىنىڭ قەھۋەسىنى خىزمەتچىلىرىگە تەييارلاتقۇزماي، ئۆزى تەييارلاپ بەرسە، ئۇ ئايال مائارىپ تەربىيىسى ئىگە قىلغان لاتاپەت، نازاكەت ۋە كەمتەرلىكنى ئۆزىگە سىڭدۈرگەن بولىدۇ. ئايال كىشى ئىگە بولغان بۇ لاتاپەت بارلىق دەرد ۋە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى خۇددى ئاپتاپ قارنى ئېرىتىپ يوق قىلغانغا ئوخشاش ئېرىتىپ يوق قىلىدۇ.

يولدىشى ئاچچىقلانغاندا جىم تۇرۇۋېلىشنى بىلىدىغان، ۋاقتى كەلگەندە تەلەپلىرىنى ئېرىغا قوبۇل قىلدۇرالايدىغان، ھەمدە ئەھۋالغا قاراپ ئىش قىلىشنى بىلىدىغان تەربىيە كۆرگەن ئايال قولى سۆيۈشكە تېگىشلىك بولغان ئايال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بىلىم — زور كۈچ بولۇپ، ئەر - ئاياللىرى بۇ كۈچ - قۇۋۋەتكە ئىگە بولغان جەمئىيەت دۇنيانى ئىدارە قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

## 3) ئاياللار پسخىكىسى

ئۇلۇغ ئاللاھ ئىنساننى ياراتقاندا ئۇنىڭ تەبىئىتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئالدىن بېكىتكەن بولۇپ، بىز بۇ پۈتلۈۋېتىشنى «تەقدىر» دەپ ئاتايمىز. تەقدىر دەپ ئاتىلىدىغان بۇ پۈتۈكتە، ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىنىڭ نېملەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقى ۋە قانداق پسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولىدىغانلىقى ئالدىن بېكىتىلگەن. ئىنساننىڭ مېڭە، قەلب ۋە نەپس قاتارلىق قاتلاملىرى(بۇ سۆزنى باشقىچە ئىپادىلىگىلى بولماسمۇ؟) بار. بۇ قاتلاملار مۇئەييەن پسخىكىلىق ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە. يەنى ئەستە تۇتۇش، ئەقىل ۋە پاراسەت قاتارلىق پسخىكىلىق ئىقتىدارلار مېڭىدە؛ مۇھەببەت، ئېتىقاد، ئىدىيە، قورقۇنچ ۋە ئىرادە قاتارلىق ئاساسلىق پسخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلەر قەلبتە؛ ناچار خاھىش، شەھۋەت ۋە ئىنتىلىش بولسا نەپستە بولىدۇ.

ئەر - ئاياللار ئىنسان بولۇش جەھەتتىن ئوخشاش تەبىئەتكە ئىگە بولۇپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش - تەڭ قەدىر - قىممەتكە ئىگە. ئەرلەر بىلەن ئاياللار مۇناسىۋىتىدە ئەرلەر ئۈستۈن تۇرىدىغان پەرقنى ئىنسانلار ئۆزى بارلىققا كەلتۈرگەن بولۇپ، ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئەزەلدىن بۇنداق پەرق يوق. ئۇلارنى قەدىر - قىممەت ۋە ئىجتىمائىي ئورنى جەھەتتىن ئايرىش ئىلاھىي تەقدىرگە زىت كېلىدىغان بولغاچقا، بۇ سېپى ئۆزىدىن زۇلۇمدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

گەرچە ئەرلەر بىلەن ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بەزى پسخىكىلىق

پەرقلەر بار بولسمۇ، لېكن بۇ پەرقلەر ئۇلارنىڭ قەدىر - قىممىتىدە ئەكس ئەتمەيدىغان، پەقەت ئۇلار ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيەت - خىزمەتتە بەزى پەرقلەرنى مەيدانغا كەلتۈرگەن. بىز ئاياللارنىڭ ئەرلەردىن پەرقلىنىدىغان تەرەپلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تىزىپ چىقالايمىز.

### i. ئايال ئەرلەردىن بەكرەك كۆڭلەمچى كېلىدۇ

كۆڭلەش – ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئىنسان كۆڭلەمچىلىكنى تىزگىنلىيەلەيدۇ، باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇنى تەڭپۇڭلاشتۇرالايدۇ. ئەمما، ھايۋانلارنىڭ بۇنداق تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ئىقتىدارى يوق.

ئەر - ئاياللارنىڭ ئاساسلىق پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى كۆڭداشلىق قىلىش. بۇ خىل ھېسسىيات ئەرلەرگە قارىغاندا ئاياللاردا ئېغىرراق بولىدۇ. «ئەگەر بىرەر ئايال ئېرىنىڭ كۆڭۈلسىز بولۇشىدىن ياكى يۈز ئۆرۈشىدىن ئەندىشە قىلسا، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا كېلىشىشى ھېچ گۇناھ ئەمەس، كېلىشىش ياخشى ئىش. كۆڭداشلىق قىلىش ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتىگە ئاللىقاچان سىڭىپ كەتكەن.» (نىسا سۈرىسى 128 - ئايەت). «كۆڭداشلىق قىلىش تەبىئىتىگە ئاللىقاچان سىڭىپ كەتكەن» ئىپادىسى، كۆڭداشلىق قىلىشنىڭ تۇغما ۋە ئەزەلدىن نەپستە بار بولغان ھېس - تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئايالنىڭ ئېرى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدە تەشۋىشنىڭ پەيدا بولۇشى كۆڭداشلىق قىلىشنىڭ مۇقەررەر نەتىجىسى بولۇپ، بۇ ئەندىشىنىڭ مەركىزى قەلب، كۆڭداشلىق قىلىشنىڭ مەنبەسى بولسا نەپس. نەپستىن قەلبكە تۇتۇشىدىغان بىر قانال بار بولۇپ، نەپستە كۆڭداشلىق قوزغالغاندا، دىلدىكى تەشۋىش ياكى قورقۇنچ كۈچىيىدۇ.

نەپس بىلەن كۆڭۈل ئوتتۇرىسىدىكى بۇ قانالنىڭ ئوينايدىغان رولى ئاياللاردا تېخىمۇ كۈچلۈك بولغاچقا ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئەگەر ئايال كۆنداشلىق قىلىشتا يوللۇق بولسا، ئۇنداقتا كېلىشىش تەسەببۇس قىلىنغان. بۇ شۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇكى، كۆنداشلىق قىلىشتا يوللۇق بولغان ئايالنى بۇ ھېس - تۇيغۇسى، شۇنداقلا كۆڭۈل بۆلمەسلىك بىلەن يالغۇز تاشلاپ قويۇشقا بولمايدۇ، ئايال كېلىشىم تۈزۈش ھوقۇقىغا ئىگە بولۇپ، ئەر ئۇنىڭ بىلەن كېلىشىشى كېرەك.

بىر ئايالنىڭ ئۆزىگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان ئېرىنى ئەپۇ قىلىش ياكى كەچۈرمەسلىك ھوقۇقى بار. ئاياللارنىڭ ھېسسىياتىغا پەرۋا قىلمايدىغان ئائىلە تۇرمۇشى دوزاختا ئايلىنىشى مۇمكىن. ئايالنىڭ كۆنداشلىق تۇيغۇسى تەشۋىشكە ئايلانغاندا، ئائىلىدە خاتىرجەملىك - ھۇزۇرنىڭ بارلىققا كېلىشى مۇمكىن بولمايدۇ.

ئەر - ئاياللاردىكى كۆنداشلىق ھەددىدىن زىيادە ئېشىپ كەتسە، نورماللىق بۇزۇلۇپ كېتىدۇ. بۇ نورماللىقنى بەرپا قىلىشتا مائارىپ مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىز «ھېسسىيات تەربىيىسى» دەپ ئاتايدىغان تەربىيە مانا مۇشۇ ۋاقىتتا ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ. كىشىلەرنىڭ ھېسسىياتىمۇ كېسەل بولۇپ قالىدىغان بولۇپ، بۇ ھېسسىياتلار ئېچىدە كۆنداشلىق قىلىشمۇ بولىدۇ. ھەددىدىن زىيادە كۆنداشلىق قىلىش ياكى كۆنداشلىق قىلماسلىق ھېسسىيات كېسەللىكى سالاھىيىتىدە جەمئىيىتىمىزنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى چىدىغۇسىز ھالەتكە كەلتۈرۈپ، بەھۇدە كۆڭۈلسىزلىكلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

### ii. ئاياللار ياخشى كۆرۈلۈش جەھەتتە ئەرلەردىن ئۈستۈن

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئىنساننى ئىنسان قىلىدىغان مۇھەببەت

تۇيغۇسىنى ئىنسان پسخولوگىيىسىگە سىڭدۈرۈۋەتكەن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئەر - ئاياللار ئوتتۇرىسىدا بەلگىلىك پەرق بولىدۇ. ياخشى كۆرۈش جەھەتتە ئەرلەر ئېغىر سالماقنى ئىگىلىسە، ياخشى كۆرۈلۈش جەھەتتە ئاياللار ئېغىر سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەرلەر ياخشى كۆرۈشكە، ئاياللار ياخشى كۆرۈلۈشكە لايىق بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىدىمۇ ئىپادىلىنىدۇ. يەنى ھەمىشە - ھەردائىم ئەرلەر ئاياللارنى قوغلىشىدىغان بولۇپ، ئاياللار ئەرلەرنى قوغلىشىپ كەتمەيدۇ. ئەلۋەتتە، ئايرىم ئەھۋاللار بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئەر مەنپىي زەرەتلەنگەن ئېلېكترونغا، ئايال بولسا مۇسبەت زەرەتلەنگەن پروتونغا ئوخشايدۇ. گەرچە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا ئۆزئارا جەلپ قىلىش كۈچى بولسىمۇ، ئەمما مەنپىي ئېنېرگىيەگە ئىگە بولغان ئېلېكترون ھەرىكەت ھالىتىدە بولىدۇ. يەنى ئەر ئېلېكترونغا ئوخشاش ئايالنىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئايال بىر قەدەر پاسسىپ ھالەتتە ئۆز ئورنىدا تۇرىدۇ. بۇ فىزىكىلىق ئوخشاشلىق ئۇلارنىڭ پسخولوگىيىلىك خاھىشىدىمۇ ئەكس ئېتىپ، ئەرنىڭ «ياخشى كۆرگۈچى»، ئايالنىڭ بولسا «ياخشى كۆرۈلگۈچى» بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

### iii. ئاياللار بەكرەك ساداقەتمەن كېلىدۇ

ساداقەت ئېسىلزادىلىكنىڭ ئەڭ مۇھىم ئىپادىسى. بۇ ئەخلاقىي ئۇقۇم ئەھزاب سۈرىسىدە ھەر ئىككى جىنسقا ئىشلىتىلىدۇ. ئەمما، ئايال ساداقەتمەنلىك جەھەتتە ئەرلەردىن بىر بالداق ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئايالنىڭ ساداقىتى ئەزەلدىن ئائىلىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ كەلگەن ۋە كېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، ئايالى ۋاپات بولغان ياش ئەرنىڭ توي قىلماي ھاياتىنى داۋاملاشتۇرۇشى ناتايىن. ئەمما، ئېرى قازا قىلغان نۇرغۇن ياش ئاياللار توي قىلماي

باللىرىنى بېقىپ چوڭ قىلدى ۋە ئۇلارنى جەمئىيەتكە ياراملىق قىلىپ تەربىيەلىدى. بۇنى كۆپلىگەن ئەرلەر قىلالمايدۇ ۋە بۇنىڭغا تاقەت كۆرسىتەلمەيدۇ. ئېرى ۋە ئائىلىسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكىنى كۆرسەتكەن نۇرغۇن ئاياللار بۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ كەلدى. ئۇرۇشتىن كېيىن(ئۇرۇشنىڭ نامىنى تىرناق ئىچىگە ياكى ئىزاھات شەكلىدە ئەسكەرتسەك)، نۇرغۇن ئاناتولىيە ئاياللىرى ياش تۇرۇپلا تۇل قالغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارات تېغى كەبى ئۇلۇغ مۇھەببىتى ۋە ساداقەتمەنلىكى ئائىلىسىنى ۋەيران قىلمىغان، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ۋەتىنى ئۈچۈن يارامىلىق ئەۋلادلارنى تەربىيەلەپ چىقىشىغا توسالغۇ بولالمىغان. ئېرى قېنى بىلەن ۋەتىنىگە ھاياتلىق ئاتا قىلغان بولسا، ئايال ئېرىگە بولغان ساداقەتمەنلىكى بىلەن ۋەتىنىنى گۈللەندۈرگەن، تەرەققىي قىلدۇرغان ئىدى.

### vi. ئايال كىشى ئاسان ئالدىنىدۇ

خانىم - قىزلار بۇ ماۋزۇغا نارازى بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇلار سالماقلىق بىلەن ئويلىنىپ باقسا، ئۇنىڭ راستلىقىنى ئاڭقىرىپ يېتىدۇ. قۇرامىغا يەتكەن قىزلار ئائىلە تۇرمۇشى قۇرۇشقا ھەۋەس قىلىدۇ. بۇ قىزغىنلىق ئۇلارنىڭ خاراكتېرىدە بار بولۇپ، بۇ جەھەتتە بىز ئۇلارنى تەنقىد قىلالمايمىز. ئانا بولۇش ئاياللار ئۈچۈن ئەڭ ئالىي غايە. بۇ غايىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن بېسىلغان ھەر بىر غايەت زور قەدەمنى توغرا چۈشىنىشكە بولىدۇ. ئەمما، ئائىلە قۇرۇشتىكى بۇ قىزغىنلىق بەزىدە ئۇنىڭ ھېسسىي ھاياتىنى ۋە ئىش - ھەرىكىتىنى تىزگىنلىۋالىدىغان بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئوڭاي خاتالىق سادىر قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئائىلە قۇرۇش قىزغىنلىقى تەپەككۇر ۋە لوگىكىنى چەتكە

قاقماسلىقى كېرەك. ھەۋەسنىڭ تەپەككۇر ۋە لوگىكىنىڭ ئورنىنى ئېلىشى، ئايالنىڭ ئۆز ھېسسىياتىغا قۇل بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇنىڭدىن باشقا، ئەگەر بۇ قىزغىنلىقنى دوست ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە ھەۋەس قىلىش قاتارلىق خاھىشلار قوشۇلسا، ئۇ كەلگۈسىدە زور زىيان كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان خاتالىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن. كۆپىنچە قىزلار ناھايىتى ساپ نىيەت كېلىدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇلار ھەممەيلەننى ئۆزىگە ئوخشاش دەپ قارايدۇ. بۇ ئەھۋال ئۇلارنى كۆپىنچە ئالدامچىلىق پاتقىقىغا پاتتۇرۇپ قويىدۇ. ئاياللاردىن پايدىلىنىپ مەنپەئەتكە ئېرىشىدىغانلارنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قېلىش خاتالىقمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن، يەنى ئاياللارنىڭ ساپ نىيىتىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ ۋاقىتتا، ئايال ئادەتتىكى نەرسىگە ئايلىنىپ قېلىپ، ئىززەت - ھۆرمىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

نۇر سۈرىسى 33 - ئايەتتە، بۇ ئالدامچىلىقلارنىڭ ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ مەجبۇرلاشقا ئايلىنىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئالدامچىلىقنىڭ ئالدىنى ئېلىشنىڭ ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇلى لوگىكىلىق تەپەككۇرنى پائال ئىشلىتىش بولۇپ، بۇ لوگىكا ئىرادىنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى بولىدۇ. ئاڭسىز ھالدا ھېسسىياتقا بېرىلىپ كېتىش ۋە ئالدىنىپ قېلىش، ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ بېرىشى مۇمكىن. بۇ سەۋەبتىن، ئاياللار ئۆزىنى ۋە ھېسسىياتىنى ياخشى كونترول قىلىشى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدىغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشى ۋە كۆندىلىك تۇرمۇشنىڭ ئېزىقتۇرغۇچى ھېسسىي تۇزىقىغا چۈشۈپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلىشى كېرەك.

## 4) ئايال كىشى قۇياشقا ئوخشايدۇ

بەزى تىللاردا مەۋجۇداتلار ۋە شەيئىلەر ئەركەك ۋە چىشى دەپ ئىككى قىسىمغا ئايرىلىدۇ. بۇ قائىدە گەرچە ئەرەب تىلىدا ۋە ئىنگلىز تىلىدا مەۋجۇت بولسىمۇ، ئەمما ئەرەب تىلىدا گىراماتىكا جەھەتتىن مەۋجۇداتلار ۋە شەيئىلەر ئەركەك ـ چىشى دەپ ئېنىق ئايرىلىدۇ.

ئەرەب تىلىدا ئاسمان جىسىملىرىدىن قۇياش چىشى، ئاي ئەركەك. باشقىچە ئېيتقاندا، قۇياش ئايالغا، ئاي ئەرگە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇ سۈپەت ئۇلار ئۈستىگە ئالغان «خىزمەت»تىن كېلىپ چىققان. قۇياش سېخىي بولۇپ، نۇر چاچىدۇ، يەر يۈزىدىكى جانلىقلارغا هاياتلىق ئاتا قىلىدۇ، ئىنسانىنىڭ يولىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ، شۇنداقلا مىكروبلارنىڭ كۈچلۈك دۈشمىنى بولۇپ هېسابلىنىدۇ. ئاياللارمۇ بۇ روللارنى ئوينايدىغان بولغاچقا، قۇرئاندا قۇياش چىشى سۆز سۈپىتىدە ئىشلىتىلىدۇ.

### i. ئايال تۇغۇشچان - بەخش ئەتكۈچى كېلىدۇ

تۇغۇش نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاياللار ئىنسانىيەتكە هاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. بۇ ئۇنىڭ تەبىئىتىدە ھەم بىئولوگىيىلىك، ھەم ھېس ـ تۇيغۇ جەھەتتىن مەۋجۇت. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، پەرزەنتلىك بولالمىغان ئۆي ـ ئوچاقلىق ئاياللار پەرزەنتلىك بولۇش ئۈچۈن چارە ئىزدەيدۇ، ئازابلىنىدۇ. تۇغۇش ئىقتىدارىغا ئىگە تۇرۇپ پەزەنتى بولمىغان، ھەمدە پەرزەنتلىك بولۇشنى خالىمايدىغان ئاياللار بۇنىڭ سىرتىدا بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇ

قىلمىشى ئىنسان تەبىئىتىگە يات. ئاياللارنىڭ بىئولوگىيىلىك ۋە پسىخىك جەھەتتىن تۇغۇشقا تەييار ھالەتتە يارىتىلىشى ئىنسانىيەتنىڭ كەلگۈسى ئۈچۈن ئىلاھىي ئىلتىپات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دىققەت بىلەن قارىغان ۋاقتىمىزدا، بۇ ئىلتىپاتنىڭ ئايالغا بېرىلگەنلىكىنى كۆرۈپ يېتىمىز. مۇنداقچە ئېيتقاندا، قۇياشنىڭ تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن توختىماي نۇرنى تۇغۇش ۋەزىپىسى، ھەممىگە قادىر ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇنىۋېرسال ئالاھىدىلىك سۈپىتىدە ئاياللارغا بەخش ئېتىلگەن.

**ii. ئايال كىشى ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ**

ئايال كىشى پەقەت بالا تۇغۇش ئارقىلىق ئىنسانغا ھاياتلىق ئاتا قىلىپلا قالماي، يەنە ئۆزىنىڭ سۆيگۈسى، ساداقەتمەنلىكى ۋە پاكلىقى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. ئەر زاتى ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى جىنسىي ئەخلاقققا قارشى تارقاتقان مىكروبلارنى ئايال كىشى ئائىلە تۇرمۇشىدىكى قانۇنلۇق يوللار بىلەن يوقىتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇ جىنسىي تۇيغۇنىڭ ئەرلەردە پەيدا قىلىدىغان غالجىرلىق كەيپىياتىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئەخلاقنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچراشتىن ساقلاپ قالىدۇ. «كۆن نۇرى كىرگەن ئۆيگە ھېچقانداق مىكروب كىرمەيدۇ» دېگەن ماقالغا ئوخشاش، «جىنسىي ئەخلاقسىزلىقنىڭ مىكروبلىرى ئائىلە تۇرمۇشى كۈچلۈك جەمئىيەتلەرگە كىرەلمەيدۇ».

دېمەك، ئايال ئۆزىنىڭ سۆيگۈسى، ساداقەتمەنلىكى ۋە ئالىيجاناب ھەرىكىتى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. بۇ ھەرىكەتلەر سەۋەبىدىن، شۇڭا ئۇ قۇياش دەپ تەسۋىرلەنگەن.

لۇت قوۋمىدا ئاياللار ئۆزىنىڭ ئەخلاقىي جەھەتتىكى رولىنى ۋە ئەھمىيىتىنى يوقىتىپ قويغانلىقى ئۈچۈن، لۇت خەلقى ـ قوۋمى ھالاك بولغان. ئاياللارنىڭ جىنسىيىتى ئۇمۇمنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇمۇمنىڭ مۈلكىگە ئايلىنىپ قالغان ئايالنىڭ جىنسىيىتى ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قىممىتىنى يوقىتىدۇ. بۇنداق بولغاندا، ئەر ئايالغا ئەمەس، بەلكى ئەرگە يۈزلىنىدۇ. بۇ لۇت قوۋمىدا كۆرۈلگەن ھادىسە ئىدى. «سىلەر ھەقىقەتەن ئاياللارنى تاشلاپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن شەھۋەتىڭلارنى قاندۇرىسىلەر. سىلەر ھەقىقەتەن ھەددىدىن ئاشقۇچى قوۋمسىلەر» (ئەئراف سۈرىسى 81 ـ ئايەت).

دېمەك، ئايالنىڭ ئاياللىق سالاھىيىتى جەمئىيەتنى گۇمران بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ. ئەگەر ئايال بۇ سالاھىيەت ۋە شەخسىيەتنى يوقىتىپ قويسا، جەمئىيەت ئەخلاقسىزلىققا پېتىپ قالىدۇ ـ دە، جەمئىيەتنىڭ يىمىرىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەگەر ئايال ئۆزىنىڭ خاسلىقى بولغان جەلپ قىلىش كۈچى، جىلۋىسى ۋە ئۇ ئاي ئېرىشكىلى بولماسلىقتەك ئۈستۈنلىكىنى ساقلاپ قالسا، ئاياللارغا قىزىقماسلىق كەيپىياتى مەۋجۇت بولمايلا قالماستىن، ھەمجىنسلىق قىلمىشىمۇ ئۇمۇملاشمايدۇ.

«لەيلى ـ مەجنۇن» ۋە «پەرھات ـ شېرىن» ھېكايىلىرىنىڭ ئەدەبىياتىمىزدا ئورۇن ئېلىشىنىڭ بىر سەۋەبى بار. مەلۇمكى، ھەر خىل ئاياللار بىلەن ئولتۇرۇپ ـ قوپىدىغان ئەر بىلەن ھەر خىل ئەرلەر بىلەن بىللە بولىدىغان ئايال ھەرگىزمۇ «چىن سۆيگۈ» گە ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر مەجنۇن ھەر خىل ئاياللار بىلەن بىللە بولغان بولسا ئىدى، ئۇ لەيلىگە؛ ئەگەر لەيلى ھەر خىل ئەرلەر بىلەن بىللە بولغان بولسا ئىدى، ئۇ مەجنۇنغا ئاشىق بولالاتتىمۇ؟ بۇ پەرھات بىلەن شىرىن ئۈچۈنمۇ ئوخشاش.

ئەدەبىياتىمىزدىكى بۇ ھېكايىلەر ئاياللارغا ئاسانلىقچە ئېرىشكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنىنىڭ ناھايىتى يۇقىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

فۇزۇلى ئۆزىنىڭ تۆۋەندىكى بېيىتىدا مۇنداق دەيدۇ:

«دەست بۇشىسى ئارزۇسىيلە گەر ئۆلسەم دوستلار،

كۈزە ئەيلەن توپراغىنى ئانىنلا سۇنۇن يارە سۇ».

يەشمىسى:

*«دوستلار، گەر ئۆلسەم يارنىڭ قولىنى سۆيۈش ئارزۇسى بىلەن،*

*مازارىم توپىسىدا ياساپ ئاپقۇر، يارغا سۇ تۇتقايسىلەر ئۇنىڭ بىلەن».*

بۇ بېيىت بىزگە مۇنداق دەيدۇ: يارنىڭ لەۋلىرىنى سۆيۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، قولىنى سۆيۈشكىمۇ قادىر بولالمىغان كىشى، قەبرىسىنىڭ تۇپرىقىدىن ياسالغان قاچا بىلەن يارنىڭ قولىنى تۇتقان بولۇپ، ئايال شۇنداق يۇقىرى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقتىن، خۇددى قۇياشقا يېتىش تەس بولغاندەك، ئۇنىڭغا يېتىشمۇ بەس مۈشكۈل. بۇ ئارقىلىق، ئايالنىڭ ئومۇمنىڭ مۈلكى ئەمەسلىكى، ئۇنىڭ ئەر كىشى قولىنى ئېيتىپ تاشلىۋېتىدىغان قول ياغلىق تېخىمۇ ئەمەسلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. چۈنكى، ئايال ئائىلە ۋە جەمئىيەت تۇرمۇشىغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ، ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭغا ئىززەت - ھۆرمەت ئېلىپ كېلىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئايال كىشى قۇياشقا ئوخشايدۇ.

### iii. ئايالالار جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ

ئايال بالىسىغا بەرگەن سۈت، ئائىلىسىگە قىلغان مۇلازىمەت - مېھنەت ۋە تەربىيە - ئۆگۈتلىرى بىلەن مىللەتنىڭ قۇياشىغا ئوخشايدۇ. يەر يۈزىدە قۇياش بولمىسا ھاياتلىق بولمىغىنىغا ئوخشاش، ئايالالار بولمىسا ئىنسانىيەت بولمايدۇ.

ئانىلىرىمىز ھۈجەيرىلىرىمىزدە ياشايدۇ، قېنىمىز ۋە جېنىمىز، تۇنجى ئوزۇقىمىز، قىسقىسى ھەممە نەرسە ئۇلاردىن كەلگەن. ئۇلار بىزنىڭ روھىمىز، خاراكتېرىمىز ۋە ھاياتىمىز بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ ئازابىمىزنى يەڭگىللىتىدىغان شىپاگەر - دوختۇر، بىزگە مۇھەببىتىنى سىڭدۈرگەن پەرۋىشكار - ئوقۇتقۇچى، بىز ئۈچۈن بارلىقىنى قۇربان قىلغان شەھىد - پىداكارلىق ئابىدىسىدۇر.

ئۇلارنى «ئۇف!» دېگۈزۈش، رەنجىتىش، ئۆتمۈش كۆڭلىرىنى سېغىندۇرۇش، كۆزىدىن ياش ئاققۇزۇش، «ئىست» دېگۈزۈش، ئازابلاش، ئىتتىرىش - قېقىش، خارلاش، چارىسىز قالدۇرۇش ... قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن؟ ياشىنىپ قالغان دۇنيا بىر ھىلال ئاي ئۈچۈن قۇياشىنى پاتۇرغاندەك، ئايال نېمشقا ئەر ئۈچۈن قۇربان قىلىنىدۇ؟

## 5) ئاياللار، تەقۋالىق ۋە ئەقىل ـ پاراسەت

جانابىي ئاللاھ ئاياللارنىڭ ئائىلىۋى مۇناسىۋەتتىكى ئورنىنى بەلگىلەپ، ئاياللارغا مۇناسىۋەتلىك ھۆكۈملەرنى بېكىتكەندە، تەقۋا تۇيغۇسى ۋە ئەقىلنىڭ كۈچىنى ئاساس قىلغان ۋە ئۇنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرگەن. تۆۋەندە، ئاللاھنىڭ قايسى مەسىلىلەردە تەقۋا تۇيغۇسى ۋە ئەقىلنىڭ كۈچىنى نەزەرگە ئالغانلىقىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

### i. ئېرى ۋاپات بولغان ئايال

ئەرنىڭ ۋاپات بولۇشى تەبىئىي ھالدا ئائىلە تۇرمۇشىدا بەزى ئىقتىسادىي، مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي مەسىلىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ مەسىلىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكى ۋە ئۇلارنى قانداق ھەل قىلىش كېرەكلىكى بەقەرە سۈرىسى 240 ـ ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

«سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئۆزى ۋاپات بولۇپ، ئايالى تۇل قالىدىغانلار ئۇلارنىڭ بىر يىللىقچە يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەك بىلەن تەمىنلىنىشىنى، ئۆيدىن ھەيدەپ چىقىرىلماسلىقىنى ۋەسىيەت قىلسۇن. ئەگەر ئاياللار ئۆزلىرى چىقىپ كەتسە، ئۇلار ئۆزلىرى توغرىسىدا قىلغان قائىدىلىك ئىشلار ئۈچۈن سىلەرگە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئاللاھ غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر».

بىز ئايەتتىن چىقىرالايدىغان مۇھىم پرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1. ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن تۇل ئايال ئېرى قالدۇرۇپ كەتكەن

مال ـ مۈلۈكتىن بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق. ئاللاھ تەرىپىدىن بالىسى يوق تۇل ئايالغا ئېرىنىڭ مىراسىدىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقى بېرىلگەن. بۇ ئەھۋال جاھىلىيەت جەمئىيىتى ئۈچۈن ئىنقىلاب خاراكتېرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2. بىر تۇل ئايال ئۆزىنىڭ ئىددىتىنى توشقۇزغاندىن كېيىن، ئۆزى خالىغان ۋاقىتتا ئېرىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتەلەيدۇ. ئاياللارغا بۇ جەھەتتە تولۇق ئەركىنلىك بېرىلگەن.

خۇلاسىلىسەك، بۇ ئايەتنىڭ ئالدىنقى قىسمىدا ئاياللارغا تۇرالغۇ ۋە تۇرمۇشنى قامداش ھوقۇقى بېرىلگەن، كېيىنكى قىسمىدا بولسا ئۇلارنىڭ ئۆيدىن ئايرىلىش ئەركىنلىكى كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان.

**ii. ئاجرىشىپ كەتكەن ئايال**

«تالاق قىلىنغان / ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللارغا قائىدە بويىچە نەپىقە بېرىش لازىم. (ئۇ) تەقۋادارلارنىڭ ئۈتەشكە تېگىشلىك مەجبۇرىيىتىدۇر» (بەقەرە سۈرىسى 241 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئارقىلىق ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالغا ھەددىدىن ئاشماسلىق شەرتى بىلەن، ئېرىدىن نەپىقە ئېلىش ھوقۇقى بېرىلگەن. ئاللاھ تەقۋادار مۇسۇلمانلاردىن ئۇلارغا، يەنى ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللارغا بېرىلگەن بۇ ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلىشنى ئىستىگەن بولۇپ، بۇ ھەق ـ ھوقۇقنىڭ يېنىغا تەقۋالىقنى، يەنى سەمىمىيلىك تۇيغۇسىنى ئۇلاۋە قىلغان. ھەق ـ ھوقۇقنىڭ پايخان قىلىنماسلىقى، ھەق ـ ھوقۇققا رىئايە قىلىش، شۇنداقلا ھەق ـ ھوقۇق، يەنى قانۇننىڭ ھەممىدىن ئۈستۈن ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن، تەقۋا دەپ ئاتىلىدىغان سەمىمىيلىك ھالىتى زۆرۈر بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ئارقىلىق ھەق ـ ھوقۇقنىڭ

پسخولوگىيلىك ئاساسلىرىغا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرغان. ئاندىن قالسا، ئەلۋەتتە ئىككىنچى كۆچنى قوزغىتىش كېرەك بولىدۇ.

«ئاللاھ سىلەرگە ئايەتلىرىنى مانا مۇشۇنداق چۈشەندۈرىدۇ، ئەقلىڭلارنى ئىشلىتىپ، تەپەككۇر قىلغايسىلەر» (بەقەرە سۈرىسى 242 ـ ئايەت).

نەتىجىدە، قانۇن، تەقۋا ۋە ئەقلنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىش بىر يەرگە جەم بولۇپ، بىر پۈتۈن گەۋدە هاسىل قىلىدۇ. سەممىي بولمىغان ۋە ئەقلنى ئىشلىتەلمەيدىغان كىشىلەر قانۇننى بۇزىدۇ.

تۇل ئاياللىنىڭ ئېرىنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىدىن بەھرىمەن بولۇش هوقۇقى ۋە زۆرۈر تېپىلغانىدا ئۆيدىن چىقىپ كېتىش ئەركىنلىكى، ئاجرىشىپ كەتكەن ئاياللىنىڭ ئېرىدىن ئىقتىسادىي مەنپەئەتكە ئېرىشىشى ۋە نەپىقە ئېلىشى قاتارلىق ئاياللار هوقۇقىنىڭ كۆچكە ئىگە بولۇشى، شۇنداقلا هۆرمەتكە ئېرىشىشى ئۈچۈن، سەممىيەت ۋە ئەقلنى ئىشلىتىش كېرەكلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، بۇ مەسىلىلەرنىڭ پسخىكا ئاساسى تۇرغۇزۇلغان.

سەممىيلىك ۋە ئەقىل قانۇننىڭ ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى، قوبۇل قىلىنىشى ۋە هۆرمەت قىلىنىشىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلىرى بولۇپ، كىشىلەر قانۇننى، باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئاياللارنىڭ هوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى هەزىم قىلىشى، بۇ جەھەتتە سەممىيەت تۇيغۇسى ۋە ئەقلىنىڭ ياردىمىدىن پايدىلىنىشى كېرەك.

دېمەك، ئاياللارنىڭ هوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزگە ئۇچرىشىنىڭ ئاساسلىق هەم ئەڭ مۇهىم سەۋەبلىرىنىڭ

بىرى، بۇ ھەقلەرنىڭ ئەقىل ۋە ھېسسىيات جەھەتتە ھەزىم بولماسلىقىدۇر. بۇ سەۋەبتىن، قۇرئان ئاياللار ھوقۇقىنىڭ قوبۇل قىلىنىشىنى ئۆگىتىش بىلەن بىللە، ئىنسان تەبىئىتىنىمۇ نەزەرگە ئالىدۇ. ئىنسانىنىڭ مەنىۋى قۇرۇلمىسىدا يىلتىز تارتالمايدىغان، ئۇ يەردە ئۆزىنى ئەكس ئەتتۈرەلمەيدىغان ۋە قوبۇل قىلىنمايدىغان قانۇن - قائىدىلەر ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاشقا يېتەرلىك بولمايدۇ.

ئەگەر ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەردىن كېلىپ چىققان سەلبىي مەسىلىلەر ۋە بۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان ئايرىلىش - ئاجرىشىش ھەق - ھوقۇق ئۇقۇمىغا زىيان يەتكۈزمىسە، ئۇنداقتا بۇ تەلىم - تەربىيەنىڭ مەزكۇر جەمئىيەتتە چوڭقۇر يىلتىز تارتقانلىقى، شۇنداقلا قانۇننىڭ نوپۇزىنىڭ تىكلەنگەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى كۆڭۈلسىزلىكلەرنىڭ قانۇنىي مەسىلە دەرىجىسىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ بىز ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنى قوغدىغۇچى دەپ ئاتايدىغان تەقۋا ۋە ئەقلىنى پائال ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، مائارىپ ئارقىلىق جەمئىيەتتە قانۇننى ھۆرمەتلەش ۋە تونۇش ئېڭىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. قانۇن تەربىيىسى قانۇنلارنى ئۆگىنىش ۋە ئىزاھلاشتىن باشقا، جەمئىيەتتە قانۇنغا بولغان ھۆرمەت - رىئايىنى ئومۇميلاشتۇرۇش پائالىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا كۆرۈپ ئۆتكەن ئايەتلەردە، ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئاياللارنىڭ ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىنى كىشىلەرنىڭ زېھنى دۇنياسىدا ھەم قەلب قەسرىدە يىلتىز تارتقۇزۇش ھەققىدە تەلىم بېرىش بىلەن بىرگە، ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقى ۋە ئەركىنلىكىگە ئەقىل ھەم كۆڭۈل نۇقتىسىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىملىقى ھەققىدە تەربىيە بېرىدۇ.

## 6) ئايال ۋە هايا

ئىنسانلار پسىخولوگىيىسىنىڭ ھېسسىيات دائىرىسى كەڭ ۋە مول. گەرچە بەزى ھېسسىياتلار ئىنتايىن ئۆزگىرىشچان ۋە تۇراقسىز بولسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھېسسىيات رامكىسىنىڭ ئاساسى ۋە ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدىغان بىرسى بار بولۇپ، بۇ «هايا» دەپ ئاتىلىدۇ، يەنى نومۇس تۇيغۇسى. ھېس - تۇيغۇلار ئىنسانلارنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاش بولمايدىغان بولغاچقا، كۈچلۈك - ئاجىزلىق جەھەتتە كىشىگە قاراپ پەرقلىق بولىدۇ، ئەمما هايا تۇيغۇسىنىڭ ئىنسانلار تۇغۇلۇشتىنلا ھەر كىشىدە ھەر خىل بولىدىغان ئالاھىدىلىكى يوق. كىشىلەر ئارىسىدا هايا تۇيغۇسىدىكى ئوخشىماسلىق كېيىنچە، يەنى تۇغۇلغاندىن كېيىن ئاندىن ياشاۋاتقان مۇھىتنىڭ تەسىرى نەتىجىسىدە بارلىققا كېلىدۇ. گەرچە ھەرقانداق كىشى هايا تۇيغۇسى بىلەن دۇنياغا كەلسىمۇ، ئەمما كېيىن كۆرۈلگەن ئوخشاشماسلىق ئۇلار ئىگە بولغان مائارىپ تەربىيىسى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان.

هايا ـ ئېتىك بولۇش، تەرەققىي قىلىش، بىر نەرسىدىن نومۇس قىلىش، ئوتنى ئۇلغايتىش ياكى پۈۋلەپ كۈچەيتىش، بىر يەرنى مۇنبەت قىلىش، بىراۋغا سالام بېرىش، نومۇس قىلىش، تارتىنىش ۋە كەمتەر بولۇش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. تۆۋەندە بۇ مەنىلەر ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**i. ئېتىك بولۇش**

هايا ئۇقۇمى جانلىق، تىرىك مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان «ھەي (حَيَ)» ئۇقۇمىدىن كەلگەن بولۇپ، ھەي ـ مەۋجۇت

بولۇش دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مەۋجۇتلۇق بىلەن نومۇس تۇيغۇسىنىڭ ئوخشاش بىر ئۇقۇمدا جەم بولغانلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. ھايا تۇيغۇسى ئىنساننىڭ مەۋجۇتلۇقىغا تەڭداش مەنىگە ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە بولغاچقا، ئۇلار ئوخشاش سۆز يىلتىزىدىن تۈرلىنىپ چىققان. مەۋجۇتلۇق ۋە ھايا تۇيغۇسى ئوخشاش سۆزدىن تۈرلىنىپ چىققانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار قوشكېزەك ئۇقۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھايانىڭ مەۋجۇت بولۇشقا ئوخشاش مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇشى، بۇ تۇيغۇنىڭ ئىنسان تەبىئىتىدە قانچىلىك مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغانلىقىنىڭ دەلىلى بولالايدۇ. ھايا تۇيغۇسىنى يوقاتقانلار، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ – ئوبرازىنىڭ خۇنۈكلىشىشىگە سەۋەب بولىدۇ، خالاس.

### ii. ئىلغارلىققا مايىل بولۇش

ھايا ئۇقۇمى جانلىق بولۇشنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، جانلىق، تېتىك بولغان شەيئى ئىلغارلىققا مايىل كېلىدۇ. ھايا تۇيغۇسى ئىنساننىڭ كىشىلىك خاراكتېرى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىنى جانلاندۇرۇپ تۇرىدىغان بولغاچقا، بۇ مەنىگە ئىگە بولغان. ھايا تۇيغۇسى كەمچىل شەخسلەر ۋە جەمئىيەتلەر ئۆزىنى ئۆلۈمگە سۆرىگۈن قىلغان بولۇپ، ئۇلار جەمئىيەتتە ئەخلاق كىرىزىسى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، جەمئىيەتنىڭ زاۋال تېپىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ھايا تۇيغۇسى ئىجتىمائىي ئەخلاقنىڭ كۈچلۈك ۋە جانلىق بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

### iii. نومۇس قىلىش، خىجىل بولۇش

بىز ئادەمنىڭ خاتا ھەرىكەت قىلىشىنى توسىدىغان تۇيغۇنى «ھايا» دەپ ئاتايمىز. ھايا – نومۇس پەردىسى يىرتىلىپ

كەتكەن كىشى ھېچكىم ياقتۇرمايدىغان، ئەيىب ۋە يىرگىنىشلىك دەپ قارالغان ھەر قانداق قىلمىشنى سادىر قىلالايدىغان بولۇپ، ھايا پەردىسى بولمىغان كىشىنىڭ قولىدىن ھەر قانداق يامانلىق كېلىدۇ. نومۇس قىلىش ۋە خىجىل بولۇش دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان ھايا، تەقۋا ئۇقۇمىغا يېقىنلىشىپ قالىدۇ. تەقۋا «ھەزەر ئەيلەش، ئۆزىنى تارتىش»، ھايا بولسا «تەپ تارتىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆزىنى تارتىش ۋە تەپ تارتىش ئوخشاش بىر ئۇقۇمنىڭ ئوخشىمىغان تەرەپلىرىنى بىلدۈرىدۇ. يۇقىرىدا ھايا تۇيغۇسىنىڭ مەنىسىنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق، ئەمدى مۇنداق سوئالنى سوراپ باقايلى: ھايا تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى نېمە؟ بىز بۇ سوئالغا تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن جاۋاب بېرەلەيمىز:

«ئى ئادەم باللىرى ! شەيتان سىلەرنىڭ ئاتا ـ ئاناڭلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئەۋرەتلىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، كىيىم ـ كېچەكلىرىنى سالغۇزۇۋېتىپ، ئۇلارنى جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەندەك، سىلەرنىمۇ ئوخشاش شەكىلدە ئېزىقتۇرۇپ قويمىسۇن ... » (ئەئراف سۈرىسى 27 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتنى چۈشەندۈرۈشتىن بۇرۇن، بىز يەنە تۆۋەندىكى سوئالغا جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك: شەيتان ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئايالىنىڭ ھايالىق جايلىرىنى– ئەۋرىتىنى قانداق قىلىپ ئېچىۋەتتى؟ «شەيتان ئۇلارنىڭ يېپىقلىق ئەۋرەت جايلىرىنى ئېچىۋېتىش ئۈچۈن ھەر ئىككىسىگە ۋەسۋەسە قىلدى. شەيتان ئۇلارغا: ‹سىلەرنىڭ پەرىشتىلەردىن بولۇپ كەتمەسلىكىڭلار ۋە مەڭگۈ ھايات قالغۇچىلاردىن بولۇپ قالماسلىقىڭلار ئۈچۈن، رەببىڭلار سىلەرگە بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشنى مەنئى قىلدى›. ئۇ يەنە ئۇلارغا نەسىھەت قىلغۇچىلاردىن ئىكەنلىكىگە قەسەم قىلدى. شۇنداق

قىلىپ ئۇ ھەر ئىككىسىنى ئالداپ دەرەخكە قول ئۇزاتقۇزدى. ئۇلار دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېگەن ھامان، ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى ...» (ئەئراف سۈرىسى 22 ـ 20 ـ ئايەتلەر).

### vi. ھايا بىلەن ھارامدىن ئىبارەت ئىككى خىل لوقمىنىڭ مۇناسىۋىتى

ھەزرىتى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئايالى چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېگەن ھامان، ئۇلارنىڭ ئەۋرەتلىرى ئېچىلىپ قالدى ـ دە، ئۇلاردا ھايا تۇيغۇسى نامايان بولدى. ھايا تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھارام لوقما بولۇپ، ئۇ كىشىدىكى ئالىيجانابلىق ۋە نومۇس تۇيغۇسىنى زەخىملەندۈرىدۇ، ھەتتا ئۆلتۈرۈپمۇ تاشلايدۇ. دېمەك، ھارام لوقما ئىنسانلارنىڭ پىسخىكىسىدىكى تەڭپۇڭلۇقنى ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىدۇ. بۇ تەڭپۇڭلۇقنىڭ بۇزۇلۇشى سەۋەبىدىن نومۇس تۇيغۇسى ئەڭ ئېغىر زەربە يەيدۇ. شۇڭا، بىز ئومۇملاشتۇرۇپ مۇنداق دېيەلەيمىز: ھايا تۇيغۇسى يوق يەردە جىنسىي ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئاساسىنى بەرپا قىلىش مۇمكىن ئەمەس. ئىلمىي ئەخلاقمۇ ھايا تۇيغۇسىدىن خالىي بولالمايدۇ.

### v. شەيتان تۈنجى ئىنساننىڭ ھايا تۇيغۇسىغا قارشى كۈرەش قىلغانىدى

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىقىش ئارقىلىق، ھەزرىتى ئادەم ۋە ئايالى ھايا تۇيغۇسى ئۈستىگە بىنا قىلىنىپ، «ھۆرمەت» دەپ ئاتالغان قەدىر ـ قىممەتنى پايخان قىلغانىدى. بۇيرۇققا بويسۇنماسلىقنىڭ ئاقىۋىتىدىن خىجىل بولمايدىغان ئادەمگە ھەر قانداق ئىشنى قىلدۇرغىلى بولىدۇ، ئەلۋەتتە. شۇڭا، شەيتانمۇ ئۇنى سىناپ باققانىدى. بىر ئادەم پەقەت ئاللاھتىن ھايا قىلىش ئارقىلىقلا ئۆزى ۋە باشقا كىشىلەردىن تەپ تارتىش سەزگۈرلۈكىنى ساقلاپ قالالايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئاللاھتىن ھايا قىلىش ئىنسان

ئۇچۇن قالقان رولىنى ئوينايدۇ.

كىيىم كىيىش ئارقىلىق هايا تۇيغۇسىغا ئىرىشكىلى بولمايدۇ. كىيىم پەقەت ئەۋرەت جايلارنى يېپىش ۋە سوغۇقتىن ساقلىنىش ئۈچۈنلا كىيىلىدۇ. ئىنسان هايا تۇيغۇسىنى پەقەت ئۆز ئىچىدىن كەلگەن تەقۋادارلىق لىباسى بىلەنلا تىرىك تۇتۇپ تۇرالايدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئەئراف سۈرىسىدە، «ماددىي لىباس» بىلەن «تەقۋا لىباسى» ئۇقۇمىنى كونتېكىستتە ئېلىپ كېلىدۇ. «ئى ئادەم باللىرى، بىز سىلەرگە ھەقىقەتەن ئەۋرىتىڭلارنى ياپىدىغان ۋە زىننەتلىنىدىغان لىباسنى چۈشۈردۇق. تەقۋادارلىق لىباسى ئەڭ ياخشىدۇر...» (ئەئراف سۈرىسى 26 ـ ئايەت).

ئاللاھ بۇ ئايەتتە تىلغا ئالغان «تەقۋادارلىق لىباسى» هايا تۇيغۇسىنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ، تاشقي جەھەتتىن يېپىنىشتىن بۇرۇن، ئىچكى جەھەتتىن ئورنىنىش كېرەك. تاشقىرىنى يۆگەپ، ئىچكى دۇنياسىدا هايا تۇيغۇسىنى، يەنى تەقۋادارلىق لىباسىنى چۆرىۋەتكەن ئادەم ھەرقانداق يامانلىق قىلالايدۇ. ئىچكى دۇنياسىدا هايا لىباسى بىلەن زىننەتلىنىش ھەممىدىن مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. گەرچە تاشقى كىيىم ئەۋرەت جايلارنى يېپىش ۋە زىننەتلىنىشتە مۇھىم رول ئوينايدىغان بولسىمۇ، لېكىن ئىچكى لىباس ـ تەقۋادارلىقنىڭ ئورنىنى ئالالمايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، بۇ ئىككى لىباسنى بىرلەشتۈرۈش ناهايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

ئايال كىشى هايا تۇيغۇسى ئارقىلىق ئىجتىمائىي ئەخلاقتا، بولۇپمۇ جىنسىي ئەخلاقتا هاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. هايا تۇيغۇسىغا ئوخشاش بىر ئايالنى ئايالغا ئايلاندۇرىدىغان، ئۇنى زىننەتلەيدىغان، كىشىلىك خاراكتېرىنى قوغدايدىغان ۋە خار هالەتكە چۈشۈپ قېلىشتىن ساقلايدىغان يەنە بىر ئىچكى تۇيغۇنى تاپقىلى بولمايدۇ. ئاياللارنىڭ هايا تۇيغۇسى

جەمئىيەتنى جەننەتكە ئايلاندۇرۇپلا قالماي، كەلگۈسى ئەۋلادلارنىڭ ئالىيجانابلىقىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. ھايا تۇيغۇسى ئابىدە بولۇپ، بۇ ئابىدىنى ئۆرۈپ تاشلاش ۋە بۇ ئابىدىنىڭ ئىچىدىكى ئايالنى زەخىملەندۈرۈش، ئەمەلىيەتتە جىنسىي ئەخلاق ئۇلىغا ئۇرا كولىغانلىق بولىدۇ.

## 7) ئايالالار ۋە ئىپپەت

ھايا بىلەن ئىپپەتنىڭ چوڭقۇر، مۇستەھكەم ۋە زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئەمەلىيەتتە، بىز نومۇس تۇيغۇسى دەپ ئاتايدىغان ھايا ئىپپەتنىڭ ئاساس - ئۇلىنى تەشكىل قىلىدۇ.

**i. ئىپپەتنىڭ مەنىسى**

ئىپپەت سۆزى «ئۆزىنى تىزگىنلەش، بىر ئىشنى قىلىشتىن يىراق تۇرۇش، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش، ئوتتۇراھال بولۇش، پاك بولۇش، پەزىلەتلىك بولۇش، ئەخلاقلىق ۋە پاك بولۇش، نومۇس قىلىش ۋە كەمتەر بولۇش، تەربىيەلىك ۋە نۇقسانسىز بولۇش» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە «ئەمچەكتە سۈتنىڭ يىغىلىشى، ھارام ۋە يىرگىنىشلىك ئىشلاردىن يىراق تۇرۇش، ئەمچەكتىكى سۈتنى ئېمىش» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئىپپەت نەپسىتىكى شەھۋەتنىڭ غالىب كېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بىر خىل ھالەت بولۇپ، ئادەتتە، ئىپپەت بىلەن ئار - نومۇس ئۇقۇمى بىرلىكتە ئىشلىتىلىدۇ. گەرچە كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئار - نومۇس ئۇقۇمىنى ئەرلەرگە، ئىپپەت ئۇقۇمىنى بولسا ئايالالارغا قوللىنىلىش ئومۇملاشقان بولسىمۇ، لېكىن «ئىپپەت» ئۇقۇمى قۇرئاندا ئورۇن ئالغان. ئەمەلىيەتتە، ئار - نومۇسنى ئىپپەتنىڭ مەنىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. ئىنگلىزچىدا ئار - نومۇس ئۈچۈن «شەرەپ (honesty, honor)» سۆزى ئىشلىتىلىدىغان بولۇپ، ئىپپەت ئۈچۈن «پاكلىق (innocence, chastity)» سۆزى ئىشلىتىلىدۇ.

بۇ تىلدا ئار - نومۇس ۋە ئىپپەتنىڭ ئورتاق مەنىسى سەمىمىيلىك (honesty) بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. ئار - نومۇس — يەنە قانۇن ۋە تەرتىپنى كۆرسىتىدۇ. ھۆرمەت ۋە ئىشەنچ قاتارلىق بارلىق پەزىلەتلەرنى تەشكىل قىلىدىغان ئار - نومۇس، بىراۋنىڭ شەخسىي ۋە مەخپىي سىرلىرىدىن خەۋەردار بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. جىبرىئىل باشقا پەرىشتىلەر بىلمەيدىغان نۇرغۇن سىرلارنى بىلگەچكە، نامۇسى ئەكبەر دەپ ئاتالغان.

تايىيب (پاكىز) ئۇقۇمى ئەرەبچىدە ئىپپەت ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. «پاك» ئۇقۇمى تۈركچىدە ئىپپەت مەنىسىدە ئىشلىتىلگەن مۇنداق بىر ئىدىيوم بار: «ئېتىكىگە پاك كىشى». بۇ يەردىكى «ئېتەك» ۋە «پاك - پاكىز» دېگەن سۆزلەر ئىپپەت ياكى ئار - نومۇسنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، ئېتەك جىنسىي ئەزاغا سىمۋول قىلىنغان. «ئېتىكى مەينەت ياكى ئېتىكىگە ئامراق ئادەم» دېگەن سۆز شەھۋىتىنى تىزگىنلىيەلمەيدىغان، جىنسىي جەھەتتىن ئەخلاقسىز دېگەن مەنىنى كۆرسىتىدۇ. تۆۋەندە ئىپپەت ۋە تايىيب (پاك) ئۇقۇمىنىڭ قۇرئاندا قانداق ئىشلىتىلگەنلىكىنى كۆرۈپ ئۆتەيلى:

### ii. قۇرئاندىكى ئىپپەت – ئۆزىنى تارتىش

1. ئىپپەت سۆزىنىڭ «ئۆزىنى تارتىش» مەنىسى قۇرئاندا ئۇچرايدۇ. يەنى، «... بايلار يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يېيىشتىن ئۆزىنى تارتسۇن ...» (نىسا سۈرىسى 6 - ئايەت). بۇ يەردىكى «ئۆزىنى تارتىش / ساقلىنىش» يېتىمنى بېقىپ چوڭ قىلغان كىشىنىڭ ئۇنىڭ مال - مۈلۈكلىرىدىن يېيىشىنى چەكلەيدىغان ئىقتىسادىي مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دېمەك، يېتىم بالىنىڭ مال - مۈلكىدىن يېمەسلىك ئىپپەتلىك بولۇشنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇنى ئىقتىسادىي مەسىلىدىكى ئىپپەت دەپمۇ ئاتايمىز. بىز جىنسىي مۇناسىۋەتتىلا ئەمەس، ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتتىمۇ ئىپپەتلىك

بولۇشنى تەشەببۇس قىلىشمىز كېرەك. گەرچە شەھۋەت مەسىلىسىدە ئىپپەتلىك بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادىي جەھەتتە بىراۋنىڭ ھەققىنى يېيىشتىن ئۆزىنى تارتمايدىغان بولسا، ئۇ كىشى ئىقتىسادىي جەھەتتە ئىپپەت - نومۇسنى يوقاتقان بولىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، گەرچە ئەرەب تىلىدا «مەنئى (المنع)» ۋە «ئىھتىراز (اعتراض)» كەلىمىلىرى ئۆزىنى تارتىش مەنىسىنى بىلدۈرسىمۇ، لېكىن ئۇلۇغ ئاللاھ مەزكۇر ئايەتتە بۇ كەلىمىلەرنى قوللانماستىن، ئۇنىڭ ئورنىغا «ئىپپەت» سۆزىنى كەلتۈرگەن. ئۆزىنى تارتىشنىڭ ئىپپەت ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلىنىشى، يېتىم ياكى باشقىلارنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىشنىڭ ئار - نومۇس، ئىززەت - ئابرۇي بىلەن مۇناسىۋەتتى بارلىقىدىن دېرەك بېرىدىغان بولۇپ، ئاللاھ بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ دىققەت نەزىرىنى مەزكۇر ھەق - ھوقۇققا ئاغدۇرغان. يېتىمنىڭ مال - مۈلكىنى يەۋالغان كىشى ئىشەنچلىك ئادەم بولمىغاچقا، ئۇنى ئار - نومۇسلۇق دەپ قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئار - نومۇس، ئىززەت - ئابروي ئىشەنچ مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

2) «ئۆزىنى تارتىش / ساقلىنىش» دېگەن مەنىلەرنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، ئۇنىڭ خانىم - قىزلارنىڭ بەدىنىنى يالىڭاچلاپ كۆرسىتىشى بىلەنمۇ زىچ مۇناسىۋەتتى بار. «ئادىتى توختىغان ئاياللار، يەنى ياتلىق بولۇش ئۈمىدى ئۈزۈلگەن ياشانغان ئايالار ئەرلەرگە ئىچكى زىننەتلىرىنى كۆرسەتمىگەن ئەھۋال ئاستىدا، تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋەتسە ھېچ گۇناھ بولمايدۇ. ئەمما، بۇنىڭدىن (تاشقى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىشتىن) ساقلانسا، بۇ ئۇلار ئۈچۈن ياخشىدۇر...» (نۇر سۈرىسى 60- ئايەت).

بۇ ئايەتتىكى «ئىپپەت» ئۇقۇمى ئايالنىڭ بەدىنىنى يالىڭاچ كۆرسىتىشتىن ئۆزىنى تارتىشىنى، يەنى ساقلىنىشىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدا ئىپپەت پۈتۈنلەي ھايا، يەنى نومۇس تۇيغۇسى بىلەن ئوخشاش مەنىنى بىلدۈرىدۇ. نومۇس قىلىش تۇيغۇسى ياكى ئىپپەتنى بىلدۈرىدىغان تارتىنىش / ساقلىنىش ياشقا قاراپ نىسپىي بولىدۇ. ئەمما بۇ نىسپىيلىك شەخسنىڭ چۈشەنچىسىگە ئاساسەن ئەمەس، بەلكى قۇرئاننىڭ ياشقا ئاساسەن بېكىتكەن ئۆلچىمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئاندىن تۇغما ھالەتتىكى يالىڭاچلىق بىلەن جىلباپقا ئوخشاش ئۇزۇن كىيىم - كېچەكنىڭ نىسپىيلىكى ئەمەس، بەلكى ئەۋرەت ئۇقۇمىغا بېرىلگەن مەنە يول قويغان دەرىجىدىكى نىسپىيلىكنى كۆرسىتىدۇ.

### iii. سىرنى ئاشكارىلىماسلىق، خىجىل بولۇش

ئىپپەت دېگەن سۆز، بىر ئىشنى قىلىشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ۋە خىجىل بولۇش دېگەنلىك بولۇپ، كىشىنىڭ سىرىنى ئاشكارىلىماسلىق دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان نومۇس - شەرەپ سۆزى بىلەن بۇ نۇقتىدا جەم بولىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئۇنى تۆۋەندىكى مەنىدە ئىشلىتىدۇ:

«ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان، بۇ سەۋەبتىن تىرىكچىلىك ئۈچۈن يىراق جايلارغا بارالمايدىغان يوقسۇللارغا خەير - ئېھسان قىلىڭلار. (ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى) بىلمەيدىغانلار ئىپپەتلىكى سەۋەبىدىن ئۇلارنى باي دەپ ئويلايدۇ. سەن ئۇلارنى چىرايىدىن تونۇيسەن. چۈنكى، ئۇلار كىشىلەرگە قېلىنلىق بىلەن چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ قىلغان ھەر بىر خەير - ئېھسانىڭلارنى بىلگۈچىدۇر» (بەقەرە سۈرىسى 273 - ئايەت).

ئايەتتىكى «ئىپپەتلىكى سەۋەبىدىن» ئىپادىسى، موھتاج يوقسۇللارنىڭ ئۆزى دۇچ كەلگەن ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقنى خىجالەتتىن سەۋەبىدىن سىرتقا ئاشكارىيالمىغانلىقى ۋە بۇ ئەھۋالنى يوشۇرغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئايەتتىكى «قىلىنلىق» دېگەن سۆز، مەزكۇر ئايەتتىكى ئىپپەت سۆزىنىڭ زىتى - قارشى مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. جەمئىيەتتە نۇرغۇن كىشىلەر باركى، ئۇلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئېغىر ئىقتىسادىي ۋەزىيەتنى نومۇس قىلماستىن ئوچۇق - ئاشكارا دېيەلمەيدىغان بولۇپ، ئۇلار بۇ سىرلىرىنى قەلبىدە پىنھان تۇتىدۇ. ئاللاھ بۇنداق كىشىلەرنى ئىزدەپ تېپىشقا ۋە ئۇلارغا ياردەم قىلىشقا بۇيرۇغان.

### vi. شەھۋەتنى كونترول قىلىش

ئاللاھنىڭ ئىنساننىڭ پىسخىكا قۇرۇلمىسىغا قويغان مۇھىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچلىرىنىڭ بىرى شەھۋەت تۇيغۇسىدۇر. ھالال يوللار ئارقىلىق بۇ تۇيغۇنى قاندۇرۇش، ھەمدە توي قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولالمىغانلارنىڭ ھارام يوللار ئارقىلىق بۇ تۇيغۇنى قاندۇرماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى كونترول قىلىشى جىنسىي ئىپپەتنى كۆرسىتىدۇ. «توي قىلالمايدىغانلار ئاللاھ تائالانىڭ پەزلى بىلەن ئۇلارنى باي قىلغۇچە ئىپپىتىنى ساقلىسۇن...» (نۇر سۈرىسى 33 - ئايەت).

ئاللاھ ياشلارنىڭ توي قىلىشقا قادىر بولالمىغانلىقىنى باھانە قىلىپ زىنا قىلىشنى چەكلەيدۇ. ئىقتىسادىي سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن توي قىلىشقا قادىر بولالمىغان ياشلارنىڭ ئىپپەت - نومۇسىنى ساقلىشى، ئۇلارنى پەزىلەتلىك قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، ئايەتتە ئاللاھنىڭ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىغا كۆڭۈل بۆلىدىغانلىقى ۋە ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلارغا توي قىلىشقا قادىر بولغۇدەك ئىقتىسادىي پۇرسەت يارىتىپ بېرىدىغانلىقى ئېيتىلغان.

گەپ بۇ يەرگە كەلگەندە، پۇل يىتىشمەسلىك سەۋەبىدىن تويى قىلالمايدىغان ياشلارنىڭ كۆپ بولۇشىغا قارىماي، يىڭى يىللىق تەتىلنى چەتئەلدە ئۆتكۈزگەنلەرگە نېمە دېسەك بولار؟ ئۇلارغا دىندىكى مۇھىم مەسىلىلەر يەتكۈزۈلمىگەن ۋە بۇ سەۋەبتىن ئۇلار بۇ مۇھىم نۇقتىلارنى بىلمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن. دىنىي خادىملار / زاتلار بۇنداق كىشىلەرگە نامرات ـ يوقسۇللار كۈنسېرى ئېشىۋاتقان كۈنىمىزدە، زۆرۈر بولمىغان دەم ئېلىش خىراجەتلىرىنىڭ ـ ئىسراپىنىڭ ۋابالىنى يەتكۈزۈشى، تەبلىغ قىلىشى ۋە ئەسكەرتىشى كېرەك.

ئىشەنچ ۋە مەخپىيەتلىكنى ساقلاش مەنىسىدىكى «نومۇس، شەرەپ» كەلىمىسى ئۆزىنى تىزگىنلەش، يامان ئىش قىلىشتىن ساقلىنىش ۋە ئىزا تارتىش دېگەن مەنىلىرى بىلەن ئىپپەتنى، يەنى «جىنسىي ئازغۇنلۇق»نى توسۇش ۋە تىزگىنلەشنى ئىپادىلەيدۇ. ئىپپەت ـ نومۇسنى ساقلايدىغان، نومۇس تۇيغۇسى سەۋەبىدىن ئارزۇسىنى ئاشكارىلىمايدىغان ۋە ئۇلارنى ئىنتايىن قىممەتلىك نەرسىلەر قاتارىدا يوشۇرىدىغان كىشىلەر كۆڭۈلدىكىدەك، ئۆلگىلىك ۋە قەدىرلەشكە ئەرزىيدىغان كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**٧. پاكلىق**

ھەممىگە قادىر ئاللاھ پاك ئەر ـ ئاياللارنى تايىب، يەنى «پاكىز»؛ ئۇنىڭ ئەكسىچە بولغانلارنى ھابىس، يەنى «مەينەت، پاسكىنا» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھەقتىكى ئايەت تۆۋەندىكىچە:

«پاسكىنا ئاياللار پاسكىنا ئەرلەرگە، پاسكىنا ئەرلەر پاسكىنا ئاياللارغا؛ پاك ئاياللار پاك ئەرلەرگە، پاك ئەرلەر پاك ئاياللارغا لايىق ... » (نۇر سۈرىسى 26 ـ ئايەت).

ئىلاھىي تەقدىر ياخشىغا ياخشىنى، يامانغا يامانىنى لايىق دەپ قارايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە بولغان نىكاھلار ئۇزۇن مۇددەتلىك بولالمايدۇ. ئەمما ئايەتتىكى ياخشى، يەنى پاكلىق ۋە رەزىللىك ئۇقۇمى جىنسىي جەھەتتىن ئىپپەتنىلا ئىپادىلىمەيدۇ. ئادەتتە، ئۇلار خاراكتېرنى كۆرسىتىدىغان بولۇپ، جىنسىي جەھەتتىكى پاكلىق بۇ ئۇقۇم ئۆز ئىچىگە ئالغان مەنىلەردىن بىرى، خالاس.

**iv. تارف**

قۇرئاندىكى ئاياللارنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى تەسۋىرلەيدىغان يەنە بىر ئۇقۇم «تارف (طَّرْفِ)». تارف – كۆزى پەقەت ۋە پەقەت ئېرىدىن باشقىسىنى كۆرمەسلىك دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، نەزەر تاشلاش، قاراش ـ بېقىشقا مۇناسىۋەتلىك ھەرىكەتنى ئىپادىلەيدۇ. كۆز باش قىسىمغا جايلاشقان بولغاچقا، بۇ سۆز زېھنىدە ئېرىدىن باشقا ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىش خىيالىدا بولمىغان، مەنىۋى جەھەتتە پاك بولغان ئايالنى تەسۋىرلەيدۇ.

ئىپپەت ۋە ئىپپەتسىزلىك مېڭىدىن باشلىنىدىغان بولۇپ، شۇ يەردىن ئەزا ۋە ھەرىكەتلەرگە تارقىلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، تارف ئۇقۇمى ئىپپەتنىڭ پسىخىكا ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ بۇنى مۇنداق بايان قىلغان: «فِيهِنَّ قَاصِرَاتُ الطَّرْفِ لَمْ يَطْمِثْهُنَّ إِنسٌ قَبْلَهُمْ وَلَا جَانٌّ ـ ئۇ يەردە (جەننەتتە) ئەرلىرىدىن باشقىلارغا قارىمايدىغان، ئەرلىرىدىن بۇرۇن ئۇلار بىلەن ھېچقانداق ئىنسان ۋە جىن يېقىنچىلىق قىلمىغان دىلبەرلەر بار» (رەھمان سۈرىسى 56 ـ ئايەت).

ئىنسانلار ۋە جىنلار يېقىنچىلىق قىلمىغان دىلبەر / ئاياللىنىڭ يەنە بىر سۈپەت سۆزى «بەتۇل» بولۇپ، ئىنسانىنىڭ يېقىنچىلىق

قىلىشى ھەم تەن ـ جىسمانىي، ھەم ئەقلىنى ئىزىقتۇرۇش شەكلىدە بولىدۇ، يەنى پىسخىكا جەھەتتىن بولىدۇ؛ جىنىنىڭ يېقىنچىلىق قىلىشى بولسا، ۋەسۋەسە قىلىش ئارقىلىق ئايالنىڭ ئوي ـ پىكىرلىرىنى يامانلىققا يېتەكلەش ئارقىلىق بولىدۇ. شۇڭا، كۆزنى ۋە نەزىرىنى پەقەت ئىبرىگە قاراتقان ئايال روھىي ۋە ھەرىكىتى ئارقىلىق ئىپپەتلىك ياشايدىغان ئايالغا ئايلىنىدۇ. بۇ ئاياللار گەرچە جۈپتى بىلەن بىللە بولسىمۇ، يان كۆزدە قاراش ئارقىلىق باشقا ئەرلەردىن نىسۋىسىنى ئالماقچى بولغانلاردىن ئەمەس. «كۆز كۆرمىسە، كۆڭۈل تارتمايدۇ» ۋە «كۆزدىن يىراق كۆڭۈلدىن يىراق» دېگەن ماقاللار كۆز بىلەن كۆڭۈل ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى ناھايىتى يارقىن ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ.

تارىق ۋە بەتۇل ئۇقۇمى «مېڭە / زېھىن، كۆڭۈل ۋە نەپسىنىڭ ئىپپەت دەپ ئاتىلىدىغان ئىچكى دۇنيادىكى تەگپۇگلۇقى»نى تەسۋىرلەيدۇ.

## 8) قۇرئاندا ئاياللاردىن تەلەپ قىلىنغان سۈپەتلەر

ئىنسانىيەتنىڭ بېشىدىن ئارتىپ ھازىرغىچە تارىخ سەھنىسىدە ئورۇن ئالغان خەلقلەر ئۆزلىرى قوبۇل قىلغان قىممەت قاراشقا ئاساسەن ئاياللارنىڭ بەزى ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولۇشىنى تەلەپ قىلغان. ئىپتىدائىي جەمئىيەتتىن زامانىۋى جەمئىيەتلەرگە سوزۇلغان ئىجتىمائىي باسقۇچلاردا تەلەپ قىلىنغان بۇ ئالاھىدىلىكلەر ئازراق بولسىمۇ بەزى ئۆزگىرىشلەرنى باشتىن كەچۈردى. بۈگۈنكى كۈندە، ئىپتىدائىيلىق ۋە زامانىۋىلىق دۇنيانىڭ ئوخشىمىغان جايلىرىدا تەڭلا مەۋجۇت.

ئىنسانىيەتنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى جەريانىدا ساماۋى كىتابلار ئاياللاردا بولۇشىنى تەلەپ قىلغان سۈپەتلەرنىڭ مەلۇم مەدەنىيەتنى بارلىققا كەلتۈرگەنلىكى ئىنكار قىلغىلى بولمايدىغان ھەقىقەت. باشقىچە ئېيتقاندا، ساماۋى كىتابلار ئاياللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى، شەخسىيىتى ۋە ئىجتىمائىي سەۋىيىسىنى قوغدايدىغان قىممەت قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويغان. بۇ قىممەت قاراشلارنىڭ مەقسىتى قايسى خىلدىكى ئاياللارنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەكلىكى ھەققىدە يول كۆرسىتىش، شۇنداقلا ھەر جەھەتتىن پىشىپ يېتىلگەن ئايال بولۇش لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ئىدى. قۇرئان كەرىمدە ئاياللاردا بولۇشقا تېگىشلىك بىر قىسىم سۈپەتلەر مۇنداق بايان قىلىنغان: «... مُسْلِمَاتٍ مُؤْمِنَاتٍ قَانِتَاتٍ تَائِبَاتٍ عَابِدَاتٍ سَائِحَاتٍ ثَيِّبَاتٍ وَأَبْكَاراً ... ئايال مۇسۇلمان كىشى، ئىمان ئېيتقان، ئىتائەتمەن، توۋا قىلغۇچى، ئىبادەت قىلغۇچى، روزا تۇتقۇچى چوكان ياكى قىزلار...» (تەھرىم سۈرىسى 5 - ئايەت). تۆۋەندە بىز بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتىمىز.

**i. ئىتائەتمەن ئايال**

ئايەتتىكى «مۇسۇلمان» ئۇقۇمى ئاللاھقا تەسلىم بولغان كىشى دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ، ئۆزىنى شېرىكتىن خالىي قىلىپ، ئەقلىنى ۋە قەلبىنى ئاللاھقا تەسلىم قىلغان ئايالنىڭ سۈپىتى بولىدۇ. قۇرئان بۇ بايان بىلەن ئاللاھقا، يەنى ياراتقۇچىغا تەسلىم بولمىغان ئايالنىڭ ئائىلىسىگە تەسلىم بولۇشىنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. تەسلىم بولۇش ئۇقۇمىنىڭ «تىنچلىق» دېگەن مەنىسىمۇ بار. چۈنكى، «ئىسلام» سۆزى بىلەن ئوخشاش سۆز تومۇرىدىن كەلگەن «مۇسۇلمان» ئۇقۇمى «تىنچلىق» ۋە «ئىشەنچ» دېگەن مەنىلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىر ئايالنىڭ ئۆزى، ئېرى، جەمئىيىتى ۋە ئاللاھ بىلەن ئەپ ئۆتۈشى، ئۇنىڭ مۇسۇلمانلىق سۈپىتىگە ئىگە بولغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەگەر بىر ئائىلىدە ۋە جەمئىيەتتە تىنچلىق بولسا، ئۇ يەردە تەسلىمىيەتنىڭ بارلىقىنى ئېيتىشقا بولىدۇ. يەنى ئەگەر بىر جەمئىيەتتە ئاللاھقا بولغان تەسلىمىيەت مەۋجۇت بولسا، ئۇ جەمئىيەتتە تىنچلىق بولىدۇ.

**ii. ئىمان ئېيتقان ئايال**

ئايەتتىكى «مۆمىن» ئۇقۇمى ئىمان ئېيتقان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھقا ئىمان ئېيتىش - ئۇ ئايالنىڭ پىشىپ يېتىلىشىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچىغا قەدەم قويغانلىقىنى، ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئۆزىنى ۋە كائىناتنى ياراتقۇچىنى تاپقانلىقىنى، ھەمدە ئۇنىڭ مەۋجۇت ۋە بىر ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تىنچلىق ۋە تەسلىم بولۇشتىن كېيىن كەلگەن «مۆمىن» لىكتىن ئىبارەت بۇ سۈپەت، تەۋھىدكە ئىشىنىشنىڭ تىنچلىق بىلەن ئوخشاش مەنىگە ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىشەنچ ۋە تەسلىمىيەت، يەنى تىنچلىق ئىچكى دۇنيانىڭ بىر - بىرىنى تولۇقلايدىغان ئامىللىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئىمانىنىڭ ئىجتىمائىي ھاياتتا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ھالىتىنى مۇسۇلمانلىق، يەنى خاتىرجەملىك / ئەمىنلىك دەپ ئاتايمىز. خاتىرجەملىك ئىچىدە ياشاش مۆمىنلەرنىڭ ئەڭ چوڭ سۈپەتلىرىنىڭ بىرى.

ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بىر ئايال ئەخلاقسىزلىق قىلمايدۇ ۋە قىلالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ تەۋھىد ئەقىدىسىگە ئىگە بولغاچقا، ئۇ شەخسىيىتىنىڭ پۈتۈنلۈكىنى، ئائىلە ۋە جەمئىيەتنىڭ بىرلىكى ھەم ئىتتىپاقلىقىنى قوغداشقا تىرىشىدۇ.

### iii. ئىتائەتچان ئايال

قۇرئاندا «قانىتات (قَانِتَات)» شەكلىدە كەلگەن بۇ سۆز «ئىتائەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا، ئايال ئالدى بىلەن كىمگە ئىتائەت قىلىدۇ؟. بىز بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تۆۋەندىكى ئايەتتىن تاپالايمىز:

«ئاراڭلاردا كىمكى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى (ئەلچىسى) غا ئىتائەت قىلسا ...» (ئەھزاب سۈرىسى 31 - ئايەت).

دېمەك، ئايال ئالدى بىلەن ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئايەتتىكى «قانىتات» ئۇقۇمى ئاددەتتىكى ئىتائەتنى ئەمەس، بەلكى سەمىمىيلىك بىلەن قىلىنغان تولۇق ئىتائەتنى كۆرسىتىدۇ. ئىتائەتنىڭ ئۈچىنچى قاتارىدا «دۆلەت» كېلىدىغان بولۇپ (نىسا سۈرىسى 59 - ئايەت)، «ئەر» تۆتىنچى رەتكە تىزىلغان (نىسا سۈرىسى 34 - ئايەت).

ئاللاھقا، رەسۇلىغا، دۆلەتكە ۋە ئېرىگە ئىتائەت قىلىدىغان، شۇنداقلا بۇنى ئاللاھقا قىلىنىغان ئىبادەت دەپ بىلىدىغان ئايال، ئەجەبا ھەممىدىن ئەزىز ۋە قەدىرلىك ئەمەسمۇ؟

**vi. تەۋبە قىلىدىغان ئايال**

تەۋبە، سادىر قىلىنغان خاتالىق ۋە گۇناھلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلەش دېگەنلىك بولۇپ، ئاللاھقا يۈزلىنىش دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، گۇناھنى ئىدراك قىلىش ۋە كەچۈرۈم سوراش ناھايىتى ياخشى پەزىلەت. بۇ پەزىلەت ئىنسان بىلەن شەيتاننى پەرقلەندۈرىدىغان ئالاھىدىلىكلەرنىڭ بىرى. شەيتان ئاللاھنىڭ سەجدە قىلىش بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلمىدى، ھەزرىتى ئادەم بولسا چەكلەنگەن دەرەختىن يېدى. يەنى ھەر ئىككىسى گۇناھ قىلدى. ئەمما، ھەزرىتى ئادەم تەۋبە قىلدى، شەيتان تەۋبە قىلمىدى. شۇنداق قىلىپ، شەيتان شەيتانلىقنى ساقلاپ قالدى؛ ئىنسان بولسا تەۋبە قىلىپ، ئادىمىيلىك پەزىلىتىگە قايتىپ كەلدى.

ئاللاھقا تەۋبە قىلىشنى بىلىدىغان ئايال، كىشىلەردىن قانداق كەچۈرۈم سوراشنى بىلىدۇ. كەچۈرۈم سوراشنىڭ ئائىلە مۇناسىۋەتتىدىكى مۇھىم ئورنىنى بىلىدىغان ئايال پەزىلەتلىك ئايال ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، ئاللاھقا تەۋبە قىلىش، ئەمەلىيەتتە، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا باشقىلاردىن قانداق كەچۈرۈم سوراشنى ئۆگىتىدۇ.

**v. ئىبادەت قىلغۇچى ئايال**

يۇقىرىدىكى ئايەتتە «ئابىدات (عَابِدَات)» ئۇقۇمى تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنى بىلدۈرىدىغان بۇ

ئۇقۇم، ئاياللارنىڭ مۇھىم سۈپەتلىرىنىڭ بىرى دەپ قارىلىدۇ. پەزىلەتلىك ئايال ئۆزىنىڭ نەپسىنىڭ ياكى باشقىلارنىڭ قۇلى بولمايدۇ، ئۇ پەقەت ئاللاھقىلا بەندە بولىدۇ. ئۇ ئىرادىسى، ئەقلى ۋە دىلىنى ھېچكىم بىلەن ئورتاقلاشمايدۇ. ئۇ پەقەت ئاللاھقىلا يۈزلەنگەن بولۇپ، ئۇنىڭ بەندىسى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇ ناماز ئوقۇيدۇ، ياخشى ئىشلارنى قىلىدۇ، زاكات بېرىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن باشقا ئىبادەتلەرنىمۇ ئادا قىلىدۇ.

### iv. روزا تۇتقۇچى ئايال

ئايەتتە، روزا تۇتۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان «سائىھات (سَّائِحَات)» ئۇقۇمى ئورۇن ئالغان. بۇ سۆز «سەيياھ» ئۇقۇمىدىن كەلگەن بولۇپ، «ھەمراھسىز يولۇچى ۋە ساياھەتچى» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ يەنە «يېمەك - ئىچمەك يېمەيدىغان روزا تۇتقۇچى» دېگەن مەنىنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن ئاچ قېلىپ روزا تۇتۇشنى بىلىدىغان ئايال، كىرىمى ئاز بولۇشى سەۋەبىدىن ئېرىگە قارشى چىقمايدۇ.

بۇ ئۇقۇم روزا تۇتۇشنى ئىجتىمائىي تۇرمۇشقا تەتبىقلىغان ۋە ئۇنى ھايات پەلسەپىسىگە ئايلاندۇرىدىغان ھەرىكەتنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئېرىنىڭ ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقىغا سەۋر قىلغان - بەرداشلىق بەرگەن ئايال، ئېسىل، ئالىيجاناب ئايال بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### iiv. چوكان ۋە قىز

«چوكان» ۋە «قىز» ئۇقۇمى جەمئىيەتنىڭ خاراكتېرىدە مەۋجۇت بولغان ۋە قۇرئان تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان سۈپەتلەر بولۇپ، «چوكان» ئايال زاتىنىڭ ئىلگىرى بىر ئەر

بىلەن تۇرمۇش قۇرغانلىقىنى، «قىز» بولسا، تېخى ياتلىق بولمىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ.

«قىز» بولۇش قىز ئۈچۈن مۇھىم سۈپەت ھېسابلىنىدۇ. قىز تويىدا قىز بولغان بىر قىز ئېرىنى جىنسىي جەھەتتىن خاتىرجەم قىلىدۇ. ئەمما، دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بولغان نۇقتا، ئايال زاتىنىڭ تۇل ياكى قىز بولۇشىدىن قەتئىينەزەر مەنىۋى جەھەتتىن يېتىلگەن بولۇشى بولۇپ، بۇ كاملىلىق ئايالنىڭ ئاللاھ بىلەن، ئائىلىسى ۋە جەمئىيىتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىكى ئالىيجانابلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئالاھىدىلىكلەر بىزگە ئەقلى ۋە قەلبى بىلەن ئىنسانىيەتنى قۇچاقلايدىغان، مۇلايىم ۋە ئالىيجانابلىققا تولغان ئايالنىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىدۇ.

**viii. بەيئەت قىلىشقا لايىق ئايال**

ئادەمنىڭ ھاياتى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلار ۋە قىلىشقا بولمايدىغان ئىشلار بىلەن تولغان بولۇپ، دىن ۋە ئىنسانىيەت كۇلتۇرى بارلىققا كەلتۈرگەن، تەرەققىي قىلدۇرغان ھەم تارقاتقان ئۇنىۋېرسال قىممەت قارىشى بىلەن بىللە ياشاش ۋە بۇ قىممەت قاراشلارغا زىت ھەرىكەتلەردىن يىراق تۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ توقۇلمىنى ساقلاپ قېلىش، ئىنسانلارنىڭ مۇقەددەس مەجبۇرىيىتىدۇر.

قۇرئان بەزىدە بۇ قىممەت قاراشلارنى ئەر ـ ئاياللار ئۈچۈن ئورتاق تىلغا ئېلىپ، بىللە ئادا قىلىشقا بۇيرۇق قىلىدۇ. يەنە بەزىدە، مۇمتەھىنە سۈرىسىنىڭ 12 ـ ئايىتىدىكىگە ئوخشاش، ئۇلارنى پەقەت ئاياللار ئۈچۈنلا ئالاھىدە تىلغا ئالىدۇ. بۇ ئايەتنىڭ مەركەزلىك ھالدا ئاياللارغا قارىتىلغان بولۇشى، ئۇنىڭ ئاياللارغا بولغان ئېتىبارى ۋە ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنىڭ دەرىجىسىنى

كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىكى ئاساسلىق نۇقتىلارغا قاراپ چىقايلى:

يَا اَيُّهَا النَّبِيُّ اِذَا جَاءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلَى اَنْ لَا يُشْرِكْنَ بِاللّٰهِ شَيْئاً وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ اَوْلَادَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ اَيْدِيهِنَّ وَاَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللّٰهَۜ اِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ

«ئى نەبىي! ئەگەر مۆمىن ئاياللار يېنىڭغا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، قولى بىلەن پۇتى ئارىسىدا تۆھمەت پەيدا قىلماسلىق (يەنى باشقىلارنىڭ بالىسىنى يالغاندىن ئېرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىق)قا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا، سەنمۇ ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر» (مۇمتەھىنە سۈرىسى 12 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزىدىغان ۋە قىلىشقا بولمايدىغان تۆۋەندىكى ئىشلار ئوتتۇرىغا چىقىدۇ:

**1. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك**

تەۋھىد پرىنسىپى ئادەمنىڭ ھاياتىدا مەۋجۇت بولۇپ، جانابىي ئاللاھمۇ بۇ تەۋھىدنى ئۆزى ئۈچۈن تەلەپ قىلىدۇ. ئانا بالىسىغا باشقىلارنىڭ ئورتاق بولۇشىنى ھەرگىز خالىمايدىغان بولۇپ، بۇنداق ئورتاقلىشىش ئىنسان پىترىتىگە زىت. ئوخشاشلا ھېچقانداق بالا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئانىسىدىن باشقا ئايالنى بىئولوگىيىلىك ئانا سۈپىتىدە قوبۇل قىلالمايدۇ، ئۇنىڭ ئۆز ئانىسىمۇ بۇنىڭغا رازى بولمايدۇ. دېمەك، تۇغقان ئانىغا شېرىك

قوشقىلى بولمايدۇ.

مانا بۇ سەۋەبتىن، ياراتقۇچى ئاللاھمۇ ئۆزىگە شېرىك كەلتۈرۈلۈشكە رازى بولمايدۇ. بۇنى بىلىدىغان ئايال يېگانە ياراتقۇچى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتەك خاتالىقنى ئەسلا سادىر قىلمايدۇ. ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان ئايال ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىنتايىن مۇھىم ئورۇنغا ئىگە بولۇپ، بۇ ئايەتتە، ھەممىگە قادىر ئاللاھ پەيغەمبىرىدىن بۇ قىممەتنى بىلىشنى ئىستىگەن.

**2. ئوغرىلىق قىلماسلىق**

ئاياللارنىڭ ئوغرىلىق قىلىشى ھارام لوقما يېگەنلىكى بولۇپ، ھارام لوقما كىشىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئالىيجانابلىقنى بۇزىدىغان ئەڭ ناچار ئامىللارنىڭ بىرى. ئوغرىلىق ئاياللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە داغ چۈشۈرىدىغان ئەجەللىك ئىللەتلەرنىڭ بىرى بولۇپلا قالماي، ئۇ يەنە ئاياللارنىڭ خاراكتېرى، مىجەزى ۋە نازۇك روھىغا پۈتۈنلەي ماس كەلمەيدىغان قىلمىشلارنىڭ بىرى.

**3. زىنا قىلماسلىق**

ئاياللارنىڭ ھاياتى بىلەن باراۋەر ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ئىپپەت - نومۇس يوقالغاندا، جەمئىيەتتە قوغداشقا تېگىشلىك نەرسىلەر يوق دېيەرلىك ھالغا كېلىپ قالىدۇ. ئەرلەر جەمئىيەتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن ئۇرۇش قىلىدۇ، ئۆلىدۇ ۋە غازىي بولىدۇ. دىن، ئەركىنلىك، مۇستەقىللىق ۋە ئار - نومۇس قاتارلىقلار جان پىدالىق بىلەن قوغداشقا تېگىشلىك قىممەت قاراشلار بولۇپ، ئەرلىرنى بۇ قىممەت قاراشلار ئۈچۈن قۇربان قىلىدىغان جەمئىيەتلەر مەۋجۇتلۇقنى بۇ قىممەت قاراشلار ئارقىلىق داۋاملاشتۇرىدۇ. ئوخشاشلا، ئايال ئەرنىڭ ھاياتىغا باراۋەر بولغان ئىپپەت - نومۇسنى دەپسەندە قىلماسلىقى كېرەك

بولۇپ، بۇ ھەم ئايالنىڭ ئۆزىگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىك، ھەم ئەرگە قىلىنغان خىيانەت ـ زۇلۇم بولىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ مەدەنىيەت توقۇلمىسىنى توقۇپ چىققان ئۇنىۋېرسال قىممەت قاراشلار ئىچىدە ئىپپەت ـ نومۇس بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. ئۇ بولمىسا كۈلتۈر ئۆلۈك، سوغۇق ۋە سىبىسىق تاپقا ئايلىنىدۇ. بىر كۈلتۈرنى گۇمران قىلىشنىڭ يولى ئۇ كۈلتۈردىن ئىپپەت ـ نومۇس تۇيغۇسىنى يوق قىلىش بولۇپ، ئاياللار ئىپپىتىنى تاۋارغا ئايلاندۇرماسلىقى كېرەك. ئەلۋەتتە، ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغدايدىغان ئاياللار يۇقىرىدىكى ئايەتتە ماختالغان.

**4. بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىك**

ئانىنىڭ قورسىقى ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى مۇھىتى ۋە ۋەتىنى بولۇپ، «ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئۇ يەردە بىزگە شەكىلمىزنى بېرىدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى 6 ـ ئايەت). ئاللاھنىڭ يارىتىش سۈپىتىنى تەجەللى قىلغان بىر ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ھامىلىنى ئۆلتۈرۈشى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى مۇنداق ئويلاپ باقايلى: ئىنسانىيەتكە يېتەكچىلىك قىلغان پەيغەمبەرلەر، ئىلىم ئەھلىلىرى ۋە دۆلەت ئەربابلىرى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدا ئۆلتۈرۈلگەن بولسا ئىدى، دۇنيا قانداق بولاتتى؟ ئۆزىنى قوغدىيالايدىغان ئادەمنى ئۆلتۈرۈش چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ ـ يۇ، ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان ۋە يارىتىلىشىنىڭ باشلانغۇچ باسقۇچىدا تۇرغان بالىنى ئۆلتۈرۈش نېمىشقا گۇناھ بولمىسۇن؟

**5. قولى بىلەن پۇتى ئارىسىدا تۆھمەت پەيدا قىلماسلىق**

بۇ بىر ئەردىن ھامىلىدار بولۇپ، ھامىلىدارلىق سەۋەبىنىڭ باشقا بىر ئەر ئىكەنلىكىنى ئېيتىشنى كۆرسىتىدۇ. بىز كۈنىمىزدە بۇنداق ئەھۋاللارنى كۆپ ئۇچرىتىمىز. بۇ قىلمىش نەسەبنى ۋە

جەمئىيەتنى يىمىرىپ تاشلايدىغانلىقى سەۋەبلىك، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بالىنىڭ ھەقىقىي دادىسىنى ئىنكار قىلىپ، باشقىلارغا تۆھمەت چاپلاشنى قاتتىق چەكلىگەن.

**6. ياخشى بىر ئىشنى قوللاش**

ئاياللارنىڭ ياخشى ئىشلاردا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى قوللىشى كېرەك ئىدى. دېمەك، بۇ ئاياللارنىڭ دېموكراتىك ھوقۇققا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. ئەگەر بىز مەزكۇر ئايەتنىڭ بۇ قىسمىنى زامانىمىزغا تەتبىقلايدىغان بولساق، مۇنداق رىئاللىقنى كۆرىمىز: ئېرىنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوللاش ئاياللارنىڭ مەسئۇلىيىتى بولۇپلا قالماي، ئۇلار يەنە دۆلەتنى باشقۇرىۋاتقانلارنىڭ ياخشى ئىشلىرىنى قوللىشى زۆرۈر. بۇ دېگەنلىك، ئاياللار ھەمىشە ياخشىلىقنى قوللىغۇچى بولۇشى كېرەك دېگەنلىك بولۇپ، ياخشى ئىشلارغا قارشى تۇرۇش ئاياللارنىڭ خاراكتېرىغا ماس كەلمەيدىغان بولغاچقا، بۇنى جانابىي ئاللاھ چەكلىگەن.

ياخشىلىقنى قوللاش دېگەنلىك، ئۇنى تاللاش دېگەنلىك بولىدۇ. ئاياللارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بەيئەت قىلىشى، ئۇلارنىڭ سايلاش ئەركىنلىكىنىڭ بارلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئالتە ۋەزىپىنى ئورۇندىغان ئاياللارغا ۋاكالىتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىشىنى ئىستىگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق، جانابىي ئاللاھ مۇشۇنداق ئىززەت ـ ھۆرمەتلىك ئاياللارنىڭ كىچىك خاتالىقلىرىنى كەچۈرۈم قىلىشقا تەييار ئىكەنلىكىنى جاكارلىغان.

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەيدىغان، ئوغرىلىق قىلمايدىغان، زىنا قىلمىغان، بالىسىنى ئۆلتۈرمەيدىغان، تۆھمەت قىلمايدىغان ۋە ياخشىلىقنى قوللايدىغان ئاياللارلا ھۆرمەتكە لايىق بولىدۇ.

## 2. ئاياللار ۋە ئۇلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى

### 1) قۇرئان ئايالللارنى ئۆزلىرىگە لايىق ئورۇنغا قويىدۇ

قۇرئان ئايال زاتىغا قىز، ئائىلىنىڭ خانىمى ۋە ئانا سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ يوقىتىپ قويغان ئېتىبار ـ ئەتىۋارى، ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە شان ـ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرىدۇ. ئايالار ھوقۇقىنى قوغدايدىغان قۇرئان ئايالارنىڭ بەختسىزلىكىگە يۈلەنچۈك دەۋرگە خاتىمە بېرىپ، يېڭى دەۋرنى باشلىدى. ئايالار نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، قۇرئان ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان بولۇپ، بىز قۇرئان مەيدانغا كەلتۈرگەن بۇ ئۆزگىرىشنى ئۈچ باسقۇچ بويىچە مۇھاكىمە قىلىشنى مۇۋاپىق دەپ قارايمىز:

**i. قىز پەرزەنت سۈپىتى بىلەن ئايال**

وَيَجْعَلُونَ لِلّٰهِ الْبَنَاتِ سُبْحَانَهُ وَلَهُمْ مَا يَشْتَهُونَ

«ئۇلار ئاللاھقا قىز پەرزەنتلەرنى نىسبەت بېرىشىدۇ، ئاللاھ (بۇنداق بوھتاندىن) پاكتۇر. ئۇلار ئۆزلىرى ئارزۇ قىلغان (ئوغۇل پەرزەنتلەر) نى بولسا ئۆزلىرىگە نىسبەت بېرىدۇ» (نەھل سۈرىسى 57 ـ ئايەت).

جاھىلىيەت دەۋرىدە، ئەرەبلەر ئوغۇل پەرزەنتلىرىگە ئىگە چىقىپ، قىزلىرىنى بولسا ئاللاھقا نىسبەت بېرىشەتتى. بۇ ئۇلارنىڭ قىزلىرىغا قانچىلىك يامان كۆزدە قارايدىغانلىقىنى

كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

وَاِذَا بُشِّرَ اَحَدُهُمْ بِالْاُنْثٰى ظَلَّ وَجْهُهُ مُسْوَدًّا وَهُوَ كَظِيمٌ

«ئۇلارنىڭ بىرەرسىگە (ئاياللىنىڭ) قىز تۇغقانلىق خۇش خەۋىرى يەتكۈزۈلسە، چىرايى ئۆزگىرىپ غەزەپناك بولۇپ كېتىدۇ» (نەھل سۈرىسى 58 ـ ئايەت).

بۈگۈنكى كۈندە، بۇ جاھىلىيەت چۈشەنچىسى يەنىلا ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ كەلگەن بولۇپ، قىز پەرزەنتنىڭ تۇغۇلغانلىق خەۋىرىنى تاپشۇرۇۋالغان بەزى ئائىلىلەر قايغۇسىنى ئىپادىلەيدۇ. قىز پەرزەنتى بولغانلىق خەۋىرىدىن قايغۇرغانلار ئۆزلىرىنىڭ جاھىلىيەت دەۋرىدە ياشاۋاتقانلىقىنى بىلىشى كېرەك.

يَتَوَارٰى مِنَ الْقَوْمِ مِنْ سُوءِ مَا بُشِّرَ بِهِ اَيُمْسِكُهُ عَلٰى هُونٍ اَمْ يَدُسُّهُ فِي التُّرَابِ اَلَا سَاءَ مَا يَحْكُمُونَ

«ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن خۇش خەۋەرنىڭ يامانلىقى سەۋەبىدىن ئۆز خەلقىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ ياكى ئۇنى تۇپا ئاستىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ). ئۇلارنىڭ ھۆكۈمى نېمىدېگەن قەبىھ!» (نەھل سۈرىسى 59 ـ ئايەت).

ھەممىگە قادىر ئاللاھ جاھىلىيەت دەۋرىدە قىز بالىغا تۇتۇلغان پوزىتسىيەنىڭ ئىنتايىن قەبىھ ئىكەنلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، كۈنىمىزگىمۇ خىتاب قىلىپ تۆۋەندىكىلەرنى تەھدىت قىلماقتا:

وَاِذَا الْمَوْءُدَةُ سُئِلَتْ بِاَيِّ ذَنْبٍ قُتِلَتْ

«تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن: ‹سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟› دەپ سورالغاندا» (تەكۋىر سۈرىسى 9 ـ

8 ـ ئايەتلەر).

كىشىلىك ھوقۇق نۇقتىسىدىن تارىخنىڭ ئەڭ قاراڭغۇ بېتىنى تەشكىل قىلىدىغان «قىز پەرزەنتلەرنىڭ تىرىك كۆمۈۋېتىلىشى» يۇقىرىدىكى ئىلاھىي سوئال تەرىپىدىن سوراققا تارتىلىدۇ. قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، ئەڭ ئېغىر سوراقلارنىڭ بىرى قىز پەرزەنتلەرگە راۋا كۆرۈلگەن بۇ قەبىھ مۇئامىلە سەۋەبىدىن بولىدۇ.

ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسى ئىمراننىڭ ئايالى ھامىلدار بولغاندا مۇنداق دۇئا قىلغانىدى:

رَبِّ اِنِّي نَذَرْتُ لَكَ مَا فِي بَطْنِي مُحَرَّراً فَتَقَبَّلْ مِنِّي

«رەببىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى (دۇنيا ئىشلىرىدىن) ئازاد قىلىنغان ھالدا چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم. (بۇ نەزىرىمنى) قوبۇل قىلغىن... » (ئالئىمران سۈرىسى 35 ـ ئايەت).

شۇ دەۋردە ئاياللار قۇل ـ چۆرە قىلىپ ئىشلىتىلگەنلىكى سەۋەبىدىن، ئىمراننىڭ ئايالى قورسىقىدىكى بالىسىنىڭ ئوغۇل بولۇشىنى ئاللاھتىن ئۆتۈنىدى. چۈنكى، ئۇمۇ قىز پەرزەنتىنىڭ بولۇشىنى خالىمايتتى. ئۇ مەريەمنى تۇغقاندا، ئاللاھقا نىدا قىلغانىدى. (ئالئىمران سۈرىسى 36 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتلەر بىزگە ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئاياللارغا قىلىنغان زۇلۇم ۋە خورلۇق كەلتۈرۈپ چىقارغان مەنىۋى كىر بىلەن قاپلانغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم بىر قىزنى بېقىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئەجرىنىڭ دوزاخ ئوتىغا پەردە ـ دالدا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان (بۇخارى، ئەدەب، 18)

ئۈچ قىزنى بېقىپ چوڭ قىلىپ، ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلغۇچىلار

جەننەتتە پەيغەمبەرنىڭ قوشنىسى بولىدۇ (ئەبۇ داۋۇد، ئەدەب، 130).

ئىسلام دىنى قىزلارنى تەربىيلەپ چوڭ قىلىش ئۈچۈن سەرپ قىلىنغان ئەجىرنىڭ ئىنساننىڭ ئاخىرەتلىكنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، ئاياللار ھوقۇقى ساھەسىدە ئىنقىلاب ئېلىپ بارغانىدى.

ii. زەۋج (خوتۇن) بولۇش سۈپىتى بىلەن ئايال

ئىككى ئادەم سەپەرگە چىققاندا، بىرى رەھبەر بولىدۇ، يەنە بىرى ئۇنىڭغا ئەگىشىدۇ. ئوخشاشلا، نىكاھ ئارقىلىق تۇرمۇش سەپىرىگە ئاتلانغان ئىككى كىشىنىڭ بىرى رەھبەر بولىدىغان بولۇپ، تەبىئىتىنىڭ تەقەززاسى بىلەن مەزكۇر رەھبەر - ئەر كىشى بولىدۇ. نىسا سۈرىسىنىڭ 34 - ئايىتىدىكى «قەۋۋام (قَوَّام)» ئۇقۇمى «رەھبەر» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. رەھبەرلىك ئېغىر مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. ھۆكۈمرانلار خەلقنىڭ خىزمەتكارى بولۇپ، بۇ پرىنسىپقا ئاساسەن، ئائىلىنىڭ باشلىقى بولغان ئەر كىشىمۇ شۇنداق بولۇشى كېرەك.

بۇ رەھبەرلىك ئۇنىڭغا ئاياللارنى خورلاش، ئۇرۇش، ئازار بېرىش، ھاقارەتلەش ھوقۇق - سالاھىيتى بەرمەيدۇ. ئەر - ئاياللارنىڭ باراۋەر ھوقۇقى بىلەن بەرپا قىلىنغان ئائىلىدە، ئايال ئەرگە ئىتائەت قىلىدۇ، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغدايدۇ ۋە ئايرىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقارمايدۇ. ئەر بولسا ئائىلىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدايدۇ، ئايالنى ئۇرمايدۇ، ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنى ھاقارەتلىمەيدۇ، ھەمدە ئۇ توغرىسىدا يامان گۇماندا بولمايدۇ.

**iii. ئانا بولۇش سۈپىتى بىلەن ئايال**

ئاياللار ئانا بولغاندا، ئۇلار ئەرنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ھۆرمەت

جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدۇ. قۇرئاندا ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەت قىلىشقا ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇلغان بولۇپ، ئانىنىڭ پەرزەنت ئۈچۈن كۆرسەتكەن پىداكارلىقى تىلغا ئېلىنغان. يەنى ھامىلىدار بولۇش، تۇغۇلۇش، بالا ئېمىتىش ۋە بېقىشتىكى قىيىنچىلىقلار قۇرئاندا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنغان. ئانىلار ئۆزلىرىنىڭ قېنى، سۈتى ۋە بېقىپ چوڭ قىلىشتا ئوينايدىغان مۇھىم رولى بىلەن ئىنسانىيەتكە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. (لوقمان سۈرىسى 15 ـ ، 14؛ ئەھقاف سۈرىسى 15؛ تەۋبە سۈرىسى 9 ـ ئايەتلەر).

ئانىلارنىڭ قەلبىنى ئۇتۇش، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلارنى رەنجىتىشنىڭ ئەكسىچە دۇئاسىنى ئېلىش، ئۇلارنى خاتىرجەم قىلىش، دەرد ـ ئەلەملىرىگە شېرىك بولۇش، ئاللاھتىن رەھىم ـ شەپقەت تىلەش، ئۇلارنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ھەتتا ئۇلارغا ئاچچىقلاپ «ھەي ...» دەپمۇ سالماسلىق ۋە ئۇلارغا مۇلايىملىق ـ پاساھەت بىلەن سۆز قىلىش ئەڭ چوڭ ئىبادەت قاتارىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنى قايغۇغا سېلىش، رەنجىتىش، پەرزەنتلىك بولغىنىغا پۇشايمان قىلدۇرۇش، قاخشىتىش، خارلاش ۋە ئۇلارنىڭ بەد دۇئا قىلىشىغا سەۋەبچى بولۇش جەمئىيىتىمىزنى خالتا كوچىغا سۆرەپ، ھاياتىمىزنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ قىلغانلىرىغا تۇزكورلۇق قىلىش چوڭ زۇلۇم بولۇپ، دەۋرىمىز ئانىلارنىڭ كۆز ياشلىرى، داد ـ پەريادلىرى ۋە نالە ـ زارلىرىغا ئەمەس، بەلكى دۇئاسىغا، تەبەسسۇمىغا ۋە خاتىرجەملىكىگە موھتاج. ئۇلارنىڭ دۇئالىرى ئىلاھىي مەرھەمەتنىڭ روھىمىزغا سىڭىپ كىرىشىگە سەۋەب بولۇپ، جەمئىيىتىمىزنىڭ گۈزەللىك بىلەن زىنىنەتلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

## 2) قۇرئان ئايالنى ئەمگەك ھەق ـ ھوقۇقىغا ئىگە قىلدۇ

ئىنسانىيەت تارىخى نەزەردىن ساقىت قىلغان مەسىلىلەرنىڭ بىرى ئاياللارنىڭ ئەمگىكى بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدىغان ۋە بېيىتىدىغان بۇ ئەمگەككە بۈگۈنگىچە سەل قارىلىپ كېلىندى. گەرچە ئاياللار ئەزەلدىن ئېتىز ـ ئېرىق، ئۆي ـ ئارام ۋە بالىلارنى بېقىش ـ تەربىيەلەش ئىشلىرىنى قىلىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئەرلەر بۇ ئەمگەكنى تۆۋەن كۆرۈپ كەلدى، ئۇلار ئاياللار بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئىزچىل تۈردە مۇشۇ قاراش ئەتراپىدا شەكىللەندۈرۈپ كەلدى.

مۇشۇنداق ئىجتىمائىي قاراش شارائىتىدا ئاياللارنىڭ ئەمگىكىنى گەۋدىلەندۈرۈش قۇرئان سايىسىدا ئاندىن ۋۇجۇتقا چىقتى. قۇرئان ئاياللارنىڭ «ئەمگىكى» گە سەل قاراشقا ۋە ئۇنىڭغا تۇزكورلۇق بىلەن مۇئامىلە قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى تەكىتلەپلا قالماي، يەنە بۇ ئەمگەك ئۈچۈن ھەق بېرىشنىڭ بىر تۈرلۈك ئىبادەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويدى.

قۇرئاندا ئاتا ـ ئانىلارنى ھۆرمەتلەشنىڭ ۋاجىپ ئىبادەت ئىكەنلىكى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

وَوَصَّيْنَا الْاِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِ اِحْسَاناً حَمَلَتْهُ اُمُّهُ كُرْهاً وَوَضَعَتْهُ كُرْهاً وَحَمْلُهُ وَفِصَالُهُ ثَلٰثُونَ شَهْراً حَتّٰى اِذَا بَلَغَ اَشُدَّهُ وَبَلَغَ اَرْبَع۪ينَ سَنَةًۙ قَالَ رَبِّ اَوْزِعْن۪ٓي اَنْ اَشْكُرَ نِعْمَتَكَ الَّت۪ٓي اَنْعَمْتَ عَلَيَّ وَعَلٰى وَالِدَيَّ وَاَنْ اَعْمَلَ صَالِحاً تَرْضٰيهُ وَاَصْلِحْ ل۪ي ف۪ي ذُرِّيَّت۪يۚ اِنّ۪ي تُبْتُ اِلَيْكَ وَاِنّ۪ي مِنَ الْمُسْلِم۪ينَ

«بىز ئىنساننى ئاتا ـ ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق.

ئانىسى ئۇنى مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشكۈللۈك بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭ قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى ئوتتۇز ئاي بولىدۇ. تاكى ئۇ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولۇپ قىرىق ياشقا يەتكەندە: ‹رەببىم! سېنىڭ ماڭا ۋە ئاتا - ئانامغا بەرگەن نېمىتىڭگە شۈكۈر قىلىشىمنى ۋە سەن رازى بولىدىغان ياخشى ئىشنى قىلىشىمنى ماڭا ئىلھام قىلغىن. مەن ئۈچۈن مېنىڭ ئەۋلادىمنى تۈزىگىن، مەن ھەقىقەتەن ساڭا تەۋبە قىلدىم، مەن ھەقىقەتەن مۇسۇلمانلاردىنمەن› دەيدۇ» (ئەھقاف سۈرىسى 15 - ئايەت).

بۇ ئايەتنى تەھلىل قىلغىنىمىزدا، يەكۈنلەشكە تېگىشلىك تۆۋەندىكى ئىنتايىن مۇھىم پرىنسىپلار بار.

**i. ئاتا - ئانا بولۇش ئۇنىۋېرسال قەدىرىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ**

ئايەتنىڭ بىرىنچى ئىبارىلىرىدە «بىز ئىنسانغا ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشنى تەۋسىيە قىلدۇق» دېگەن جۈملە ئورۇن ئالغان. ئايەتتىكى «ئىنسان» ئۇقۇمى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى كۆرسىتىدۇ. يەنى ئايەت پەقەت مۇسۇلمانلار، خىرىستىيانلار ۋە يەھۇدىيلارغىلا ئەمەس، بەلكى دۇنيادىكى بارلىق كىشىلەرگە خىتاب قىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاتا - ئانىلىق ئۇنىۋېرسال بولۇپ، ئۇ ئەقىدىدىن ئۈستۈن ئورۇندا تۇرىدۇ. بالىلىرى مۇسۇلمان بولغان كاپىر ئاتىلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ خىتاب دائىرىسى ئىچىگە كىرىدۇ. بىر مۇسۇلمان ئۆزىنىڭ كاپىر ئاتا - ئانىسىغا ھۆرمەتسىزلىك قىلمايدۇ، ئۇلارنى خارلىمايدۇ ۋە ئۇلارنى نەزەردىن ساقىت قىلمايدۇ. ئاتا - ئانىسى كاپىر بولغان مۇسۇلماننىڭ ئۇلارغا ئىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن تاللاش ئەمەس، بەلكى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدىن ئىبارەت.

وَوَصَّيْنَا الْاِنْسَانَ بِوَالِدَيْهِۚ حَمَلَتْهُ اُمُّهُ وَهْناً عَلٰى وَهْنٍ وَفِصَالُهُ فٖي عَامَيْنِ اَنِ اشْكُرْ لٖي وَلِوَالِدَيْكَۜ اِلَيَّ الْمَصٖيرُ وَاِنْ جَاهَدَاكَ عَلٰٓى اَنْ تُشْرِكَ بٖي مَا لَيْسَ لَكَ بِهٖ عِلْمٌ فَلَا تُطِعْهُمَا وَصَاحِبْهُمَا فِي الدُّنْيَا مَعْرُوفاً

«بىز ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. چۈنكى، ئانىسى ئۇنى (قورسىقىدا) ئۈست - ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى سۈتتىن ئايرىدى. (ئى ئىنسان!) ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر. ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا، ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن...» (لوقمان سۈرىسى 15 - 14 - ئايەتلەر).

لوقمان سۈرىسىنىڭ 15 - ئايىتىدە، ئەگەر ئاتا - ئانا پەرقلىق ئەقىدىسى سەۋەبىدىن زورلۇق قىلىپ، بالىسىنى ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشكە مەجبۇرلىسا، ئۇلارنىڭ ئېيتقانلىرىنى ئادا قىلىشقا بولمايدىغانلىقى، شۇنداقتىمۇ ئۇلارغا يەنىلا ياخشى مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكى پىرىنسىپىنى كۆرىمىز. ئاتا - ئانىنىڭ مۇشرىك بولۇشى ئۇلارنى ئاتا - ئانىلىق ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرمايدۇ.

**ii. ئاتا - ئانىلارنىڭ قايسى ئەجرى ھۆرمەتنى تەقەززا قىلىدۇ؟**

بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى ئەھقاف سۈرىسىنىڭ 15 - ئايىتى ۋە لوقمان سۈرىسىنىڭ 14 - ئايىتى بېرىدۇ.

ھەر ئىككى ئايەتتە ئانىنىڭ ئەجرى گەۋدىلەندۈرۈلگەن بولۇپ، دادىغا بولغان ھۆرمەتمۇ ئانىنىڭ ئەجرىدىن كەلگەن. ئاتا بۇ مۇقەددەس ئەجرىنى سىڭدۈرىدىغان ئانىنىڭ ئېرى بولغاچقا، بالىلار كۆرسىتىدىغان غەمخورلۇق، ھۆرمەت ۋە كۈتۈشكە لايىق دەپ قارىلىدۇ. شۇڭلاشقىمۇ، ھەر ئىككى ئايەتتە تۇغۇش

ۋە ئېمتىش مەسىلىلىرى ئەسكەرتىلگەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئانىغا ئېلىپ كەلگەن مۇشەققىتى تىلغا ئېلىنىپ، ئانىنىڭ ئەجرى ئۇلۇغلانغان.

ئانىلار قىپقىزىل قېنى ۋە ھاياتى بىلەن ئىنسانىيەتكە زور ئەجىر سىڭدۈردى. بۇ ئەجىردىن ئۈستۈن تۇرىدىغان پەقەت بىرلا ئەجىر بار بولۇپ، ئۇ بولسىمۇ ئاللاھنىڭ يوقتىن بار قىلىشى. ئاللاھ ياراتتى ۋە رىزىق بەردى، ئانا تۇغدى ۋە باقتى. بۇ سەۋەبتىن، لوقمان سۈرىسى 14 - ئايەتتە، ئاللاھقا شۈكۈر قىلىشتىن كېيىن ئاتا - ئانىلارغا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بۇيرۇقى ئورۇن ئالغان. بىر ئانىنىڭ بالىسىنى قورسىقىدا كۆتۈرۈشى، تۇغۇشى ۋە ئېمىتىشى، ئاندىن ئۇنى بېقىپ چوڭ قىلىشى ئاللاھنىڭ يارىتىشى ۋە رىزىق بېرىشىدىن كېيىنلا تۇرىدىغان قىممەتكە ئىگە.

مانا بۇ ئەمگەكنىڭ قىممىتى ئەقىدىدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. ئاتا - ئانىلىق نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ ئىمانلىق - ئىمانسىزى، دىندار - دىنسىزى بولمايدۇ. ئاتا - ئانىلار قانداق ئەقىدە ياكى دىندا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇلار بەرىبىر ئاتا - ئانا بولۇپ، بۇ رېئاللىقا كۆز يۇمۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئەنكەبۇت سۈرىسىنىڭ 7 - ئايىتىمۇ بۇ ھەقىقەتنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مۇسۇلمان ئاتا - ئانىمۇ كاپىر بالىسىدىن كېلىدىغان غەمخورلۇق ۋە ھۆرمەتتىن مەھرۇم قالدۇرۇلمايدۇ.

ئەمدى سوراپ باقايلى، بالا تۇغۇپ، بېقىپ چوڭ قىلىشتىنمۇ ئۈستۈن تۇرىدىغان كەسىپ ۋە ئەمگەك بارمۇ؟ ئىنسان ئىسمىلىك بوۋاققا ھاياتلىق ئاتا قىلىش ۋە ئۇنى بېقىپ يېتىشتۈرۈشتىنمۇ ئۇلۇغ كەسىپ بارمۇ؟ بولۇپمۇ خىزمەت ھاياتىغا قەدەم بېسىپ، بىر تەرەپتىن بالىنى بېقىۋاتقان ئانىلار تەسۋىرلىگۈسىز تىرىشچانلىق

كۆرسىتىپ، قىممەت يارىتىدۇ. شۇڭا، دۇنيا ئايالىنىڭ ئىسسىق قېنى، سۈتى ۋە قوللىرى بىلەن شەكىللىنىدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىدۇ ۋە ئۇزۇقلىنىدۇ.

بۇ سەۋەبتىن، بۇ تىرىشچانلىقنى كۆرۈپ يېتىش، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش ۋە زۆرۈر بولغان ياخشىلىقنى قىلىش ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئاتا ـ ئانىلارغا قىلىنغان غەمخورلۇقنى ئىبادەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ. يوقسۇللارغا قىلىنغان ساخاۋەت، بېرىلگەن زاكات ئىبادەت بولغىنىدەك، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشمۇ ئىبادەت قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ. ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشەلمىگەن كىشىنىڭ ئاللاھنىڭ رازىلىقىنى قولغا كەلتۈرۈپ جەننەتكە كىرىشى مۇمكىن ئەمەس.

## 3) قۇرئان ئاياللار ھوقۇقى ساھەسىدە قانۇنىي خاراكتېرلىك ئىنقىلابنى بارلىققا كەلتۈردى

خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنىڭ بىرىنچى ماددىسىدا «قەدىر - قىممەت» ئۇقۇمىغا ئورۇن بېرىلگەن بولۇپ، «ئىنسانلار ھۆرلىك، قەدىر - قىممەت ۋە ھەق - ھوقۇقتا باراۋەر» دەپ تەكىتلەنگەن. خىتابنامە ئېلان قىلىنىشتىن نەچچە ئەسىر ئىلگىرى، يەنى ئىنسانلار ئوتتۇرا ئەسىردە ياشاۋاتقان مەزگىلدىلا، قۇرئان «ئاياللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش»نى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلغان.

ئاياللار ھوقۇقىدىكى ئەڭ مۇھىم ھەق ۋە كۈرەش ئاياللارنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش بولۇپ، ئاللاھ نۇر سۈرىسىنىڭ 4 - ئايىتىدە، ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ، بۇ ھەق - ھوقۇقنىڭ دەخلى - تەرۇزسىز ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلغان. بۇ ئايەت تۆۋەندىكىچە:

وَالَّذِينَ يَرْمُونَ الْمُحْصَنَاتِ ثُمَّ لَمْ يَأْتُوا بِأَرْبَعَةِ شُهَدَاء فَاجْلِدُوهُمْ ثَمَانِينَ جَلْدَةً وَلَا تَقْبَلُوا لَهُمْ شَهَادَةً أَبَدًا وَأُوْلَئِكَ هُمُ الْفَاسِقُونَ

«ئىپپەتلىك ئاياللارغا تۆھمەت قىلغان، (بۇنىڭ راستلىقىغا ئادىل) تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرەلمىگەن كىشىلەرنى سەكسەن دەررە ئۇرۇڭلار. ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى ھەرگىز قوبۇل قىلماڭلار، ئۇلار پاسىقلاردۇر» (نۇر سۈرىسى 4 - ئايەت). بۇ ئايەتتىكى مۇھىم ئۇقۇملارنى تەھلىل قىلىش پايدىلىق، ئەلۋەتتە.

«مۇھسانات (مُحْصَنَات)» ئۇقۇمى «ئىپپەتلىك ئاياللار» دېگەن

مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ ئۇقۇمنى ئىشلىتىپ، تۆھمەتنىڭ كۆپىنچە جىنسىي مۇناسىۋەت نۇقتىسىدىن بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

**i. تۆت گۇۋاھچى تەلەپ قىلىندۇ**

ئىپپەتلىك ئايالغا زىنا بىلەن تۆھمەت قىلىش ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىك، ھەمدە ئۇنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن ئويناشقانلىق بولىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىراۋنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن ئوينىششنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئايەتتە قانۇنىي نۇقتىدىن ئوتتۇرىغا قويغان.

قۇرئاندا ھەر قانداق قانۇنىي كۈچكە ئىگە كېلىشىم ئۈچۈن تۆت گۇۋاھچى تەلەپ قىلىنمىغان بولۇپ، پەقەت زىنا بىلەن قىلىنغان تۆھمەت ئۈچۈنلا تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈش تەلەپ قىلىنغان. بۇ ئەھۋال قۇرئاننىڭ ئاياللارنىڭ شان ـ شەرىپىگە بەرگەن ئەھمىيىتىنى نامايان قىلىدۇ. بۇ ھەم بىزگە ئايالنىڭ تاۋار ئەمەسلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۈڭلاشقا، ئۇنىڭ شان ـ شەرىپىگە داغ چۈشۈرۈش ئىككى گۇۋاھچى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشمايدۇ. بۇ ئارقىلىق، قۇرئان قانۇنىي جەھەتتىن ئىككى شاھىت ۋە تۆت گۇۋاھچى ئۇقۇمنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

**ii. جازا بېرىلىدۇ**

تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرەلمەيدىغانلارغا قوللىنىلىدىغان ئىككىنچى قانۇنىي تەدبىر بولسا، جازانىڭ ئىجرا قىلىنىشى بولۇپ، ئايالنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىگە داغ چۈشۈرمەكچى بولغانلار ئۈچۈن «سەكسەن دەررە» ئۇرۇش جازاسى بېرىلىدۇ. زىناخورغا يۈز دەررە، تۆھمەت قىلغۇچىغا سەكسەن دەررە پالاق جازاسى بېرىلىدۇ. دېمەك،

ئايالغا تۆھمەت قىلغان كىشىگە زىناخورغا بېرىلىدىغان جازا بىلەن باراۋەر كەلگۈدەك جازا بېرىلگەن.

**iii. گۇۋاھچى – شاھىت بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلىدۇ**

سەكسەن دەررە ئۇرۇش جازاسى ئايالنىڭ شان - شەرىپى بىلەن ئوينىششقا باراۋەر كېلىدىغان جازا ئەمەس بولغاچقا، «تۆھمەت قىلغۇچىنىڭ شاھىت بولۇش ھوقۇقى مەڭگۈ قوبۇل قىلىنماسلىقى كېرەك». يۇقىرىقىلاردىن، بۇنىڭدىن 14 ئەسىر ئىلگىرى ئايالالارنىڭ ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ ئاساسىنىڭ قانداق بەرپا قىلىنغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئايالغا زىنا بىلەن تۆھمەت چاپلىغان، شۇنداقلا ئۇنى ئىسپاتلىيالمىغان كىشى شاھىت بولۇش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالدۇرۇلىدىغان بولۇپ، ئۇ كىشى ھېچقانداق شەرتنامە ياكى سوت دېلولىرىدا گۇۋاھلىق بېرەلمەيدۇ.

**vi. پاسىق دەپ ئېلان قىلىنىدۇ**

ئاللاھنىڭ نەزەرىدە، يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان جازالارمۇ يەنىلا يېتەرلىك ئەمەس بولۇپ، ئاللاھ ئۇنداق كىشىنى «پاسىق» دەپ ئاتىغان. «پاسىق» ئۇقۇمى «توغرا يولدىن يىراقلىشىش، گۇناھ سادىر قىلىش، زىنا قىلىش» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ قۇرئاننىڭ ئايالالارنى قانچىلىك قەدىرلەيدىغانلىقىنى يەنە بىر ئىسپاتلايدۇ.

تۆت گۇۋاھچى كەلتۈرۈشنى تەلەپ قىلىش، ئۇلارنى ئېلىپ كېلەلمىگەنلەرگە سەكسەن دەررە ئۇرۇش، ئۇلارنى گۇۋاھچى بولۇش سالاھىيىتىدىن ئۆمۈرۋايەت مەھرۇم قىلىش ۋە ئۇلارنى گۇناھكار دەپ قاراش ئايالنىڭ شان - شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن سېلىنغان مۇستەھكەم قورغان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ

ھۆكۈملەر بىلەن قۇرئان ئائىلىنى بىر ئەشيا ـ تاۋار دەپ قاراشتىن قۇتۇلدۇرۇپ، ئۇنىڭغا ئىنسانىي ئىززەت ـ ھۆرمەت بەخش ئەتكەن. قۇرئان ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ساھەسىدە قانۇنىي خاراكتېرلىك بۇ ئىنقىلابنى ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق، زۇلۇمغا ئۇچرىغان، چەتكە قېقىلغان، خارلانغان ۋە ئىنسان سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنمىغان ئاياللارنىڭ ئالىي مەرتىۋىگە لايىق ئىكەنلىكىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىغانىدى.

ئىسلام ئۇقۇمىنىڭ ھەقىقىي مەنىسى تىنچلىق بولۇپ، ئىسلام ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى تىنچلىقنى بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن، دىنىمۇ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. ئەجەبا ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى، شان ـ شەرىپى ۋە قەدىر ـ قىممىتىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتىنمۇ مۇھىم ئىنقىلاب بولامدۇ؟

ھەزرىتى مەريەممۇ زىنا تۆھمىتىگە ئۇچرىغانىدى. ئۇنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان قانۇن بولمىغاچقا، ئۇنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتى ۋە شان ـ شەرىپىنى تېخى تىلى چىقمىغان ئوغلى ھەزرىتى ئىيسا بۆشۈكتە يېتىپ تۇرۇپ گەپ قىلىش ئارقىلىق قوغداپ قالغانىدى.

**٧. ھەزرىتى ئىيسا مۆجىزىسى**

فَاَتَتْ بِهٖ قَوْمَهَا تَحْمِلُهُۜ قَالُوا يَا مَرْيَمُ لَقَدْ جِئْتِ شَيْـًٔا فَرِياًّ يَٓا اُخْتَ هٰرُونَ مَا كَانَ اَبُوكِ امْرَاَ سَوْءٍ وَمَا كَانَتْ اُمُّكِ بَغِياًّۚ فَاَشَارَتْ اِلَيْهِۜ قَالُوا كَيْفَ نُكَلِّمُ مَنْ كَانَ فِي الْمَهْدِ صَبِياًّ قَالَ اِنّ۪ي عَبْدُ اللّٰهِۜ اٰتَانِيَ الْكِتَابَ وَجَعَلَن۪ي نَبِياًّ

«مەريەم بوۋاقنى كۆتۈرۈپ خەلقىنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇلار ئېيتتى: «ئى مەريەم! سەن ھەقىقەتەن يىرگىنىشلىك ئىش قىلدىڭ. ئى ھارۇننىڭ ھەمشىرىسى! سېنىڭ ئاتاڭ ئەسكى ئادەم ئەمەس ئىدى، ئاناڭمۇ يولدىن چىققان ئېپپەتسىز ئايال ئەمەس

ئىدىغۇ›. مەريەم بوۋاقنى كۆرسەتتى، ئۇلار: ‹بۆشۈكتىكى بوۋاق بىلەن بىز قانداق سۆزلىشىمىز؟› دېيىشىۋىدى، بوۋاق: ‹مەن ھەقىقەتەن ئاللاھنىڭ بەندىسىمەن. ئۇ ماڭا كىتابنى بەردى ۋە مېنى نەبىيلەردىن قىلدى› دېدى» (مەريەم سۈرىسى 30 ـ 27 ـ ئايەتلەر). ھەزرىتى ئەيسا بۆشۈكتىكى ۋاقتىدا سۆز قىلىش ئارقىلىق ئانىسىنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسىنى قوغداپ، ئانىسىغا چاپلانغان تۆھمەتكە خاتىمە بەرگەنىدى.

قۇرئان تۆھمەتتىن قۇتۇلۇشنى مۆجىزە ساھەسىدىن ئېلىپ، ئۇنى قانۇنىي ساھەگە ئېلىپ كىردى. شۇنداق قىلىپ، ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداشتىكى مۆجىزىلەر دەۋرى ئاخىرلىشىپ، قانۇن دەۋرى باشلاندى. شۇنداقلا، ھەزرىتى مەريەم ۋەقەسىدىكى مۆجىزە بىرلا قېتىملىق ھادىسە ئۈچۈن بولغانىدى. ھالبۇكى، قۇرئان تۆھمەتنى قانۇن ساھەسىگە ئېلىپ كىرىش ئارقىلىق ئۇنى ئۇنىۋېرساللىققا ئىگە قىلدى. ئەمەلىيەتتە، ئاياللارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغداش ھەم مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىگە، ھەم قانۇنىنىڭ تۇرغۇزۇلۇشىغا ئەرزىيدىغان ۋەزنى ئېغىر مەسىلە قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

ئۆز ۋاقتىدا، ھەزرىتى ئائىشەگە قىلىنغان تۆھمەتنى ھەزرىتى ئائىشەنىڭ ئۆزى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامۇ ھەل قىلالمىغانىدى. تۆھمەت، يەنى ئاياللارنىڭ شان ـ شەرىپى بىلەن ئوينىشىش شۇنچىلىك يىرگىنىشلىك ئىش بولغاچقا، ئۇ ئېلىپ كەلگەن بۇزغۇنچىلىقنى پەقەت ھەممىگە قادىر ئاللاھلا ۋەھيي ئارقىلىق بىر تەرەپ قىلغانىدى. نەتىجىدە، بۇ ۋەھيي ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلدى.

## 4) قۇرئان ئايەتلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقنى قوغدايدۇ

يەر يۈزىدە كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ يىرىكلىشىشى، كىشىلىك ھوقۇقنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ۋە زۇلۇمنىڭ كۆپىيىشى قاتارلىق ئامىللار قۇرئاننىڭ نازىل بولۇشىدىكى سەۋەبلەردىن ھېسابلىنىدۇ. قۇرئاندىكى ئايەتلەر يىرىكلەشكەن كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش ۋە كىشىلىك ھوقۇقنى گەۋدىلەندۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ كىشىلەرگە ھېچقانداق بىر ھۆكۈمنى تاڭمايدۇ. ئۇ ئەۋەتكەن قۇرئان ئايەتلىرى ۋە ئىلگىرىكى ساماۋى كىتابلار نازىل بولغاندىلا كىشىلەرنىڭ بەخت ـ سائادىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى مەقسەت قىلغان بولۇپ، ئاللاھ ئىنساننىڭ ماھىيىتىنى، ئېھتىياجىنى ۋە تۈرلۈك مەسىلىلىرىنى نەزەردە تۇتقان ئاساستا ئايەتلىرىنى چۈشۈرگەن.

قۇرئان كەلگەن مەزگىلدە، يەر يۈزىدىكى ئاياللار زۇلۇمغا ئۇچراۋاتقان ۋە خورلىنىۋاتقان بولۇپ، ئۇلارغا قەدىر ـ قىممىتى يوق مەخلۇق سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىنغانىدى. ئاياللارغا قىلىنغان بۇ زۇلۇملارنىڭ مەزلۇم پەرىيادى ئەرشكە يۈكسىلىپ، ئۇلۇغ ئاللاھ ئاياللارنىڭ ئىنسانلار ئارىسىدىكى ئورنىنىڭ مۇھىملىقىنى بەلگىلەيدىغان ئايەتلەرنى چۈشۈرگەنىدى. ئاياللارغا قىلىنغان زۇلۇم ئاساسلىقى ئىككى خىل خاتا قاراش ۋە ئەقىدىنى ئاساس قىلغانىدى.

### i. ئايالنىڭ ئەرنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغانلىقى توغرىسىدىكى قاراش

«تۇنجى ئايال ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭ قوۋۇرغىسىدىن

يارىتىلغان. قوۋۇرغا سۆڭىكىنىڭ ئەڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ بىرى ئۇنىڭ ئەگرى بولۇشى بولۇپ، ئەگرى سۆڭەكتىن يارىتىلغان ئايالنىڭ خاراكتېرىمۇ ئەگرى بولىدۇ. ئەگەر سىلەر ئەگرى بولغان ئايالنىڭ مىجەزىنى تۈزىتىشكە ئۇرۇنساڭلار، ئۇنى سۇندۇرۇپ قويىسىلەر» (بۇ تېمىدىكى ھەدىس ئۈچۈن قاراڭ: بۇخارى، نىكاھ، 80 ـ 79 ـ ھەدىس).

بۇ خاتا ئىدىيە ئىسلام دۇنياسىنىڭ كىتابلىرىدا ھېلىھەم مەۋجۇت بولۇپ، بۇ زالىم پىكىر تارىختا ئاياللارغا قىلىنغان زۇلۇمنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، خاتا قاراشنىڭ مەنبەسى بولغان بۇ قاراش تەۋراتنىڭ يارىتىلىش كىتابىنىڭ ئىككىنچى بابىدا ئورۇن ئالغان بولۇپ، قۇرئاندا بۇنداق ئايەت يوق.

كۈنىمىزدە مەۋجۇت بولغان تەۋراتنىڭ يارىتىلىش كىتابىنىڭ ئىككىنچى بابىنىڭ 23 ـ 20 ـ جۈملىلىرى ئارىسىدا بۇ مەسىلە تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈلگەن.

«ھاۋا (ئانا) ئادەمگە لايىق ياردەمچى سۈپىتىدە يارىتىلغان. ئاللاھ ھەزرىتى ئادەمگە قاتتىق ئۇيقۇ ئاتا قىلدى. ئادەم ئۇيقۇغا غەرق بولغاندا، ئاللاھ ئۇنىڭ بىر قوۋۇرغىسىنى ئېلىپ، ئۇنى گۆش بىلەن ياپتى. شۇنداق قىلىپ، ئاللاھ ھەزرىتى ئادەمدىن ئالغان بۇ سۆڭەكنى ئايال شەكلىگە كىرگۈزدى. ئايالنى ئەرنىڭ يېنىغا ئېلىپ باردى، ئادەم: ‹بۇ سۆڭەك مېنىڭ سۆڭىكىمدىن، بۇ گۆش مېنىڭ تېنىمدىن› دېدى. ئۇ ئەردىن ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن ئايال دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەر كىشى ئاتا ـ ئانىسىنى تاشلاپ ئايالىغا چاپلىشىدۇ، نەتىجىدە، ئۇلار بىر پۈتۈن بولىدۇ».

بۇ ئىپادىلەر قۇرئاندا تېپىلمايدىغان بولۇپ، تەۋرات

مەدەنىيىتىنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا تارقىلىشى نەتىجىسىدە، بۇ خىل چۈشەنچە ئەزۋەيلەپ - جانلىنىپ، كەڭ تارقالغان.

بۇ توغرىدا بىر ھەدىسمۇ بايان قىلىنغان. بۇخارىنىڭ نىكاھ كىتابىنىڭ 80 - 79 - ھەدىسلىرى نەزەرگە ئېلىنسا، ھاۋانى، يەنى ئايالنى ھەزرىتى ئادەمنىڭ قوۋۇرغا سۆڭىكىدىن يارىتىلغان دەپ يەكۈن چىقىرىلىدۇ. ھەدىستە «دىل» ئۇقۇمى تىلغا ئېلىنغان. ئۆلىمالار بۇ ئۇقۇمنى «ئەگرىلىك» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. ئەبۇ مۇسلىم بۇ ئۇقۇم پىسخىكا جەھەتتە مۇلايىملىق ۋە نازۇكلۇقنى، يەنى ھېسسىياتچانلىقنى ئىپادىلەيدۇ، دېگەن.

ئەرنىڭ قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغان ئايال ئەگرى بولىدۇ - يۇ، ئەگرى سۆڭەككە ئىگە بولغان ئەرلەر قانداقمۇ تۈز بولىدۇ؟ تەۋراتتىكى ئايەتلەر ۋە ھەدىسنىڭ مەنىسىدىن گۇمانلانمايدىغانلار بۇ خاتالىقنى توختىماي تەكرارلايدۇ ۋە ئايالنى ھاقارەتلەيدۇ.

ئەگەر بىز ھەدىسنى چىن دەپ قارىساق، ئۇنداقتا ئەبۇ مۇسلىمنىڭ تەبىرىنى قوبۇل قىلىش تېخىمۇ مۇۋاپىق، يەنى ئاياللار تەبىئىتىدىن نازۇك، مۇلايىم ۋە ھېسسىياتچان كېلىدۇ. ئۇنىڭ بۇ تەرىپىگە دىققەت قىلىش كېرەك. ئەرلەر ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇلارغا قوپال ۋە قاتتىق مۇئامىلە قىلماسلىقى كېرەك.

ئاياللارنى خارلاش، ھۆرمەتلىمەسلىك ۋە دەپسەندە قىلىشنىڭ تېگى - تەكتىدە، ئۇنىڭ يارىتىلىشى ھەققىدە توقۇپ چىقىلغان بۇ ئاساسسىز ئەپسانە ۋە بىمەنە قاراش ياتىدۇ.

قۇرئاندا مەۋجۇت بولمىغان بۇ ئاساسسىز رىۋايەت نىسا سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىدە ئېنىق رەت قىلىنغان. بۇ ئايەتتە «بىر جانلىق - نەفس (نَفْسٍ وَاحِدَةٍ)» ئۇقۇمى ئورۇن ئالغان.

مەلۇم بولغىنىدەك، تۇنجى ئىنسانىنىڭ يارىتىلىشىدا ئۆز ئىچىدىن پارچىلىنىپ كۆپىيىش باسقۇچى بار. ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھەزرىتى ھاۋا ئايرىم - ئايرىم جەۋھەردىن يارىتىلغان. ئايەتتىكى «نەفس» ئۇقۇمى «جەۋھەر» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «ۋاھىد» سۆزى بولسا «بىر» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. «نەفسى ۋاھىدە» بولسا «بىر جەۋھەر» دېگەنلىك بولىدۇ. ئايەتتىكى «بىر نەفس» ئۇقۇمىنى بەزى ئالىملار ھەزرىتى ئادەم دەپ چۈشەندۈرگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭ ھېچقانداق دەلىلى يوق. ئەمەلىيەتتە، «بىر نەفس» ئۇقۇمىدىكى نەفس سۆزى ئەرەبچىدە چىشى سۆز تۈرىگە كىرىدىغان بولۇپ، «ۋاھىدە» ئىبارىسى چىشى جىنىس ئۈچۈن ئىشلىتىلىدىغان سۈپەت سۆز تۈركۈمىگە تەۋە.

ئەگەر نىسا سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلساق، ھەزرىتى ئادەم بىلەن ھەزرىتى ھاۋانىڭ ئايرىم - ئايرىم ھالدا «بىر جەۋھەر»دىن يارىتىلغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. بۇ ئايەتكە ئوخشايدىغان يەنە بىر ئايەت ئەئراف سۈرىسىنىڭ 189 - ئايىتى بولۇپ، بۇ ئايەتتە ئۆز ئىچىدىن بۆلۈنۈپ يارىتىلىش بىلەن ئەركەك - چىشى جىنسىنىڭ بىرلىشىشى ئارقىلىق يارىتىلىش چۈشەندۈرۈلگەن.

هُـوَ الَّـذِي خَلَقَكُمْ مِـنْ نَفْسٍ وَاحِدَةٍ وَجَعَلَ مِنْهَا زَوْجَهَا لِيَسْـكُنَ اِلَيْهَا فَلَمَّا تَغَشّٰيهَا حَمَلَتْ
حَمْلاً خَفِيفاً فَمَـرَّتْ بِهٖ فَلَـمَّٓا اَثْقَلَتْ دَعَوَا اللّٰهَ رَبَّهُـمَا لَئِنْ اٰتَيْتَنَا صَالِحاً لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّـاكِرٖينَ

«ئاللاھ سىلەرنى بىر جان - نەفستىن ياراتتى، ئۇنىسى - ئۇلپەت ئالسۇن دەپ يەنە ئۇنىڭدىن جۈپتىنى ياراتتى. ئەر ئايالى بىلەن يېقىنچىلىق قىلغاندىن كېيىن، ئايالى يېنىككىنە قورساق كۆتۈرۈپ مەلۇم مەزگىلگىچە ئېغىر ئاياق بولدى. ھامىلدارلىقى ئېغىرلاشقاندا، ئۇلار رەببى ئاللاھقا: «ئەگەر بىزگە بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، نېمىتىڭگە جەزمەن شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن

بولمىز» دەپ دۇئا قىلدى».

قۇرئان كەرىمگە ئاساسلانغاندا، ئەر - ئايال ئوخشاش جەۋھەردىن يارىتىلغان بولۇپ، ئىنسان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق پەرق يوق، يەنى ئۇلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئوخشاش قىممەتكە ئىگە. دىن نامىدا ناتوغرا پەتىۋالارنى پەيدا قىلىپ ئاياللارنى خار - پەس كۆرۈش ئاللاھنى، ئۇ ئەۋەتكەن قۇرئاننى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى رەنجىتىدۇ، دىلنى يارا قىلىدۇ ۋە غەزەپلەندۈرىدۇ.

**ii. ئايالنىڭ ئەرنى جەننەتتىن چىقىرىۋەتكەنلىك سەپسەتىسى**

ئىنسانىيەت تارىخىدا ئاياللارنىڭ خورلىنىشىدىكى يەنە بىر سەۋەب، ئايالنىڭ، يەنى ھاۋانىڭ ھەزرىتى ئادەمنىڭ چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېيىشى، شۇنداقلا ئۇنىڭ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا سەۋەبچى بولۇشى. ئېيتىلغان ھېكايىگە قارىغاندا، شەيتان ئالدى بىلەن ھاۋانى ئالدام خالتىسىغا چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭغا چەكلەنگەن دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېگۈزگەن. ئاندىن كېيىن، ھەزرىتى ھاۋا ھەزرىتى ئادەمنىڭ چەكلەنگەن مېۋىلەردىن يېيىشىگە تۈرتكە بولغان. شۇڭا، تىلدىن تىلغا، كۆلتۈردىن كۆلتۈرگە ئېقىپ يۈرگەن «ئايال زاتى شەيتان بىلەن ئەر ئوتتۇرىسىدىكى مەخلۇق» دېگەن بۇ سەپسەتە مۇسۇلمانلارنىڭ ئاياللارغا بولغان كۆزقارىشىغىمۇ تەسىر كۆرسەتكەن. بۇ خاتالىقنىڭ مەنبەسى نېمە؟

ئەگەر تەۋراتنىڭ يارىتىلىش كىتابى 3 - بابىنىڭ 14 - 1 - جۈملىلىرى تەكشۈرۈلسە، مەزكۇر سەپسەتىنىڭ مەنبەسى تېپىلىدۇ. مەزكۇر ئايەتلەردە ھاۋا ئانىنىڭ ھەزرىتى ئادەمگە قانداق تەسىر كۆرسەتكەنلىكى ۋە ئادەمنىڭ جەننەتتىن قانداق قوغلاندى قىلىنغانلىقى تەسۋىرلەنگەن.

«شەيتان ھاۋادىن سورىدى، ئاللاھ ھەقىقەتەن سىلەرنى جەننەتتىكى ھەرقانداق دەرەخنىڭ مېۋىسىنى يېيىشتىن چەكلىدىمۇ؟ ئايال شەيتان (يىلان) غا جاۋاب بېرىپ مۇنداق دېدى: ‹بىز جەننەتتىكى بارلىق دەرەخلەرنىڭ مېۋىسىدىن يېيەلەيمىز. ئەمما، بىز جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىدىن يېيەلمەيمىز. چۈنكى، ئاللاھ ئەگەر ئۇ دەرەختىن يېسەڭلار ياكى ئۇنىڭغا قول ئۇزاتساڭلار، دەرھال ئۆلىسىلەر، دېدى›. شەيتان ھاۋاغا: ‹ئەگەر ئۇ دەرەختىن يېسەڭلار كۆزۈڭلار ئېچىلىپ، سىلەرنىڭ ياخشى - ياماننى بىلىدىغان مۇقەددەس جانلىقلارغا ئوخشاش بولۇپ قالىدىغانلىقىڭلارنى ئاللاھ بىلىدۇ›. ئايال دەرەخنىڭ مېۋىسىنىڭ يېيىشكە ئەرزىيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئېلىپ يېدى. ئۇ يەنە ئېرىگىمۇ بەردى، ئۇمۇ يېدى. ئاندىن ئۇلارنىڭ كۆزلىرى ئېچىلدى. ئۇلار جەننەتتە كېتىۋاتقاندا ئاللاھنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. ئاللاھ ئادەمدىن نېمىشقا (ئۇ) دەرەختىن يېگەنلىكىنى سورىۋىدى، ئۇ، سەن ماڭا ھەمراھ قىلغان ئايال ئۇ دەرەختىن ئېلىپ ماڭا بەردى، مەن ئۇنى يېدىم، دېدى. ئاندىن ئاللاھ ئايالدىن سورىدى: سەن نېمە قىلدىڭ؟ ئايال ئۆزىنىڭ شەيتان تەرىپىدىن ئالدانغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئاللاھ شەيتاندىن سوئال سوراشقا باشلىدى».

بىز تەۋراتنىڭ يارىتىلىش كىتابىنىڭ 3 - بابىدىن ئالغان بۇ ھېكايىنىڭ توغرىلىقىنى تەۋرات نامىدىن مۇلاھىزە قىلمايمىز. ئەمما، بىزنىڭ قىلماقچى بولغىنىمىز، بۇ ھادىسىنىڭ قۇرئاندا بار - يوقلۇقىنى ئېنىقلاش ۋە ئاياللارغا بولغان بۇ پوزىتسىيەنىڭ مەنبەسىنىڭ قۇرئان ئەمەسلىكىنى ئىسپاتلاشتىن ئىبارەت. چۈنكى، مۇسۇلمانلار ئارىسىدىكى ئورتاق تونۇشقا ئاساسلانغاندا، ئايال زاتى ئەرنىڭ جەننەتتىن قوغلاندى قىلىنىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقى ئۈچۈن، يېرىم شەيتاندۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ خاتا ھۆكۈم ئاياللارغا

قىلىنغان تۆھمەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ھالبۇكى، ئەئراف سۈرىسىنىڭ 20 ـ ئايىتىدە، ئۇلۇغ ئاللاھ: «فَوَسْوَسَ لَهُمَا الشَّيْطَانُ ـ شەيتان ئۇلار (ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانا) غا ۋەسۋەسە قىلدى» دەيدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن، شەيتاننىڭ ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا ئانىغا ئوخشاش ۋاقىتتا تەسىر كۆرسەتكەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. شەيتان ئالدى بىلەن ھاۋا ئانىغا، ئاندىن ھاۋا ئانا ئادەم ئاتىغا ۋەسۋەسە قىلمىغان، ئەكسىچە، ھەر ئىككىسىگە بىرلا ۋاقىتتا ۋەسۋەسە قىلغان. تاھا سۈرىسىنىڭ 120 ـ ئايىتىدە پەقەت ئادەم ئەلەيھىسسالامنىڭلا شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىگە ئۇچرىغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئايەت مۇنداق: «فَوَسْوَسَ اِلَيْهِ الشَّيْطَانُ قَالَ يَٓا اٰدَمُ هَلْ اَدُلُّكَ عَلٰى شَجَرَةِ الْخُلْدِ وَمُلْكٍ لَا يَبْلٰى ـ ئاقىۋەت، شەيتان ئۇنىڭغا ۋەسۋەسە قىلىپ: ‹ئى ئادەم! ساڭا مەن ئەبەدىيلىك دەرىخىنى ۋە زاۋال تاپماس پادىشاھلىقنى كۆرسىتىپ قويايمۇ؟› دېدى» . بۇ ئايەتتە، ھاۋا ئانا تىلغا ئېلىنمىغان، ئەكسىچە، شەيتاننىڭ ئادەمگە بىۋاسىتە ۋەسۋەسە قىلغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، شەيتاننىڭ ھاۋا ئانىغا، ھاۋا ئانىنىڭ بولسا ھەزرىتى ئادەمگە ۋەسۋەسە قىلغانلىقى توغرىسىدا ھېچقانداق ئايەت يوق. دېمەك، يۇقىرىقى ئەپسانە ئەمەلىيەتتە ئاياللارنى خارلاش ئۈچۈن توقۇپ چىقىلغان تۆھمەتتىن باشقا نەرسە ئەمەس. قۇرئاننىڭ بۇ مەسىلىلەرنى ئېنىق چۈشەندۈرۈشى ئاياللار ئۈستىدە پەيدا بولغان قارا بۇلۇتلارنىڭ تارقىلىشىغا، ئۇلارنىڭ لايىقىدا قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىشىگە ۋە ھەق ـ ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. قۇرئان ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدىغانلىقى سەۋەبىدىن، شەرقتە فەمىنىزم (ئەر ـ ئاياللار باراۋەرلىكى نەزەرىيەسى) بارلىققا كەلمىگەن.

يىغىنچاقلىغاندا، بىز مۇنداق دېيەلەيمىز: ئايال زاتىنىڭ ئەرنىڭ

قوۋۇرغىسىدىن يارىتىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭ ئەر كىشىنىڭ جەننەتتىن قوغلاپ چىقىرىلىشىغا سەۋەبچى بولغانلىقى ھەققىدىكى قاراش پۈتۈنلەي خاتا. بۇ تۆھمەتلەر قۇرئانغا ۋە ئاياللارغا ئازار بېرىپ، ئۇلارنىڭ ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقارغان.

## 5) ئايالنىڭ پىكرى ئەركىنلىكى

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا قۇرئان كەرىم نازىل بولۇشتىن ئىلگىرى، جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەب جەمئىيىتىدە «زىھار» ئادىتى بار ئىدى. زىھارنىڭ مەنىسى «دۈمبە» بولۇپ، ئەگەر بىر ئەر ئايالىنىڭ دۈمبىسىنى ئۆز ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشاتسا، ئايالى تالاق بولاتتى.

بىر كۈنى، ساھابىلەردىن ھاۋلەنىڭ ئېرى ئۇنىڭغا زىھار قىلغان، يەنى ئۇ ھاۋلەنىڭ دۈمبىسىنى ئۆز ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە ئوخشاتقان. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئايال رەسۇلۇللاھنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭدىن زىھار سەۋەبىدىن ئۆزىنىڭ قايسى ئەھۋالدا ئىكەنلىكىنى سورىغان. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنىڭ تالاق قىلىنىش ئېھتىماللىقىغا قارشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن مۇنازىرە قىلىپ، بۇ مەسىلىنى ئاللاھقا ئەرز قىلغان.

نەتىجىدە، مۇجادىلە سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى چۈشۈپ، بۇ مەسىلە شۇ ئايالنىڭ پىكرىگە ئاساسەن ھەل قىلىنغان. بۇ ئايەت تۆۋەندىكىدەك:

قَدْ سَمِعَ اللّٰهُ قَوْلَ الَّتِي تُجَادِلُكَ فِي زَوْجِهَا وَتَشْتَكِي اِلَى اللّٰهِ وَاللّٰهُ يَسْمَعُ تَحَاوُرَكُمَا اِنَّ اللّٰهَ سَمِيعٌ بَصِيرٌ

«ئاللاھ ھەقىقەتەن ئېرى توغرىسىدا سەن بىلەن مۇنازىرىلەشكەن ۋە ئاللاھقا شىكايەت قىلغان ئايالنىڭ سۆزىنى ئاڭلىدى. ئاللاھ ئىككىڭلارنىڭ سۆزلىشىڭلارنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئاڭلىغۇچىدۇر، كۆرگۈچىدۇر».

بۇ ئايەتتىن، بىز بىر ئايالنىڭ پەيغەمبەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، دۇچ كەلگەن ئۇۋالچىلىقنى ئوتتۇرىغا قويۇشى ۋە ئۆز ھوقۇقىنى قوغدىشىدەك مۇھىم ئىنقىلابىنىڭ ئېلىپ بېرىلغانلىقىدىن خەۋەردار بولىمىز. ئايەتتىن يەكۈنلەشكە بولىدىغان مۇھىم پىرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

### i. بۇ ھاۋلەنىڭ خاتالىقى ئەمەس

بۇ ئايەت زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئايالنىڭ ئۆز ھەق - ھوقۇقىنى قوغداش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. جاھىلىيەت ئادىتى بويىچە، گەرچە ھاۋلە ھېچقانداق خاتالىق سادىر قىلمىغان بولسىمۇ، لېكىن ۋۇجۇدىنىڭ بىر قىسمىنىڭ قېيىنئانىسىغا ئوخشىتىلىشى سەۋەبىدىنلا تالاق قىلىناتتى. شۇڭا، بۇ ئايەتنىڭ 1400 نەچچە يىل ئىلگىرى ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ۋە بىگۇناھ ھالدا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىلىشتەك قىسمەتكە دۇچ كەلگەن بىر ئايالغا، پەيغەمبەر ۋە دۆلەت رەھبىرىنىڭ ھۇزۇرىدا ئۆزىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغدىيالايدىغان ئىشەنچنى ئاتا قىلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ.

### ii. خاتالىققا سۈكۈت قىلماسلىق

مەزكۇر ئايەت ئايال زاتىغا ئۆزىنىڭ پىكرىنى قوغداش ۋە پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىنى بەردى. يەنى ئايالنىڭ مېڭىسى ئەرنىڭ مېڭىسىگە قۇل بولۇشتىن ئازاد بولۇپ، ئۆزىنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى پەيغەمبەرنىڭ ھۇزۇرىدا ئەركىن بايان قىلىش ئەركىنلىكىگە ئېرىشتى. مۇجادىلە سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى بۇ ئايال ياقلىغان قاراشنى قوللىغان. شۇڭا، ھاۋلەنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بولغان كۈرەشى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئالالاھنىڭ ھۇزۇرىغا يەتكەن ۋە ئۇ يەردىن «زىھار» كەبى خاتا

ئادەتنىڭ تۈزىتىلىشىنى ئېلىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن تارتىپ ئاياللار جەمئىيەتتىكى خاتالىقلاردىن گۇمانلىنىشقا، ئۇ توغرىسىدا ئۆز پىكرىنى ئەركىن بايان قىلىشقا باشلىغان، شۇنداقلا قولغا كەلتۈرگەن بۇ ئۇتۇقنى ئاياللار ھەق - ھوقۇقى دائىرىسىگە كىرگۈزۈش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

ھاۋلە پەيغەمبەر بىلەن مۇنازىرىلىشىپ، ئۆزى پىكرىنى ئەركىن بايان قىلىشتىن بۇرۇنلا، مۇنازىرىنى ئاللاھقا شىكايەت قىلغۇدەك دەرىجىدە ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلغۇدەك پۇرسەتكە ئىگە بولغانىدى. ئۇ بارلىق ئىمتىيازلاردىن ھالقىپ، مەسىلىنى بىۋاستە ئاللاھقا شىكايەت قىلىشتىن ئىبارەت ئىنقىلابنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. ئۇنىڭ بۇ مەسىلىدىكى پەريادى ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئاللاھ ئايەتتە «ئاللاھ ئاڭلىدى» دېدى. ناھەقچىلىككە ئۇچرىغان بۇ ئايال ئاۋازىنى ئاللاھقا يەتكۈزگۈدەك سالاھىيەت - قۇدرەتكە ئىگە بولغان بولۇپ، قۇرئان بۇنى تەستىقلىغان.

**iii. ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى**

بۇ ئايەت بەزى ئىجتىمائىي ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى كۆرسىتىپ بەردى. ئاياللار ئۈچۈن زۇلۇمغا ئايلانغان ئۆرپ - ئادەتلەر ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قالالمايدىغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئۆزگىرىشى زۆرۈر ھەم مۇقەررەر بولىدۇ. يۇقىرىدا بايان قىلىنغان سۈرىدە تىلغا ئېلىنغان ۋەقە، ئاياللارنىڭ خاتا ئادەتلەرنى يوقىتىش ياكى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن، ئۇ ھەقتە سوئال قويالايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. خاتا ئۆرپ - ئادەتلەرنىڭ ئېغىر بېسىمى ئاستىدا ئاياللارغا قىلىنغان زۇلۇم ئاخىرلاشتى، شۇنداقلا ئۇلارغا ئۆزىنى سىلكىش ۋە ئورنىدىن دەس تۇرۇش سىگنالى بېرىلدى. بۇ يەردە، دەل مۇشۇ ئايەت بۇ سىلكىنىشنىڭ پىلتىسىنى تۇتاشتۇرغان.

### vi. ئانىنىڭ تەڭدىشى بولمايدۇ

بۇ ئايەت بىزگە يەنە تۆۋەندىكى ھەقىقەتنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، يەنى ئانىنىڭ تەڭدىشى بولمايدۇ. ياراتقۇچى يەككە بولغاندەك، پەرزەنتنى دۇنياغا كەلتۈرگەن ئانىمۇ يېگانە. ئانىنىڭ ھەرقانداق بىر ئەزاسىنى باشقا ھەرقانداق جانلىقنىڭ ئوخشاش ئەزاسىغا ئوخشىتىشقا بولمايدۇ. ناۋادا ئوخشاتىسىڭىز جازاغا تارتىلىپ بىر قۇلنى ئازاد قىلىسىز ياكى ئىككى ئاي ئۈزۈلدۈرمەي روزا تۇتىسىز ۋە ياكى ئاتمىش يوقسۇلغا بىر ۋاخ تاماق بېرىشىڭىز كېرەك.

ھاۋلەنىڭ ۋەقەسى ئاياللارغا ئۆزىنىڭ پىكرىنى قوغداش ۋە ھەق - ھوقۇقنى تەلەپ قىلىش ئەركىنلىكىنى، شۇنداقلا ئانىنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى ۋە ئۇنىڭغا باشقا بىر نەرسىنى ئوخشىتىشنىڭ قانۇنسىز جازاسىنى ئېلىپ كەلگەن.

مۇجادىلە سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى ئايەتلىرى ئەرلەرنىڭ ساختا غۇرۇرىنى سۇندۇرۇپ تاشلاپ، ئاياللارنى ئۆزىنى تۆۋەن كۆرۈش تۇيغۇسىدىن قۇتۇلدۇرغان. بۇ ئايەتلەر ئەر - ئاياللارنىڭ بىر - بىرىگە بولغان كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكەن ۋە قۇرۇپ قاخشال بولۇپ كەتكەن تەڭسىز مۇناسىۋەتلەرگە يېڭى ھاياتلىق ئېلىپ كەلگەن، مۇھىمى بۇ ئارقىلىق ئاياللارنىڭ خارلىقىنى شەرەپكە ئايلاندۇرغان.

ھەزرىتى ئەيسا كەلىمە بولۇپ، ئۇ مەسىھ، مەھدى، ياردەم، دەلىل - ئىسپات، رەھمەت، شۇنداقلا مەريەمنىڭ ئوغلى. ئۇنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن دۇنيا تارىخىدا تۇنجى قېتىم بىر بالا ئانىغا مەنسۇپ قىلىنىپ، ئانىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئاتىغا ئەمەس ئانىغا خاس بولۇش، ئاياللار ھەق - ھوقۇقى نۇقتىسىدا ئېلىپ

بىرىلگەن مۇھىم ئىنقىلاب بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەزرىتى ئەيسانىڭ قۇرئاندىكى بارلىق سۈپەتلىرى بولسا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابنىڭ بىر تەرىپىنى ئىپادىلەيدۇ.

بۇ بىر كەلىمە - سۆز، چۈنكى ئۇ ئاياللارنىڭ پىكىر بايان قىلىش ئەركىنلىكىنى قولغا كەلتۈرۈشكە ھەسسە قوشقان. ئۇ مەھدى، بۆشۈكتە ئۆمۈرلۈك دەۋاسىنى جاكارلىغان. ئۇ ياردەم بولغاچقا، ئاياللارنىڭ ھوقۇقىنى كۈچەيتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. شۇنداقلا، ئۇ ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى بولۇپ، ئانىسىنىڭ ئىسمىنىڭ ئىنسانىيەت تارىخىدا توختىماي ياد ئېتىلىشى ئۈچۈن شارائىت ھازىرلاپ بەردى.

قىسقىسى، ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئوغلى ئەيسانىڭ دادىسىز دۇنياغا كەلتۈرۈلىشى، ئاياللارنىڭ قەدىر - قىممىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش جەھەتتە دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلغان دېيىشكە بولىدۇ.

## 6) ھەزرىتى مەريەم ۋە ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى

پەيغەمبەرلەرنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ھەزرىتى مەريەم ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم شەخس ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ دۇنياغا كېلىشى ۋە كەچمىشلىرى ئىنسانىيەت ھەم مەدەنىيەتكە نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئاتا قىلدى.

ئالئىمران سۈرىسىنىڭ 35 ـ ئايىتى بىزگە ھەزرىتى مەريەم تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئانىسىنىڭ قىلغان دۇئاسىنى بايان قىلىپ بېرىدۇ.

اِذْ قَالَتِ امْرَاَتُ عِمْرٰنَ رَبِّ اِنِّي نَذَرْتُ لَكَ مَا فِي بَطْنِي مُحَرَّراً فَتَقَبَّلْ مِنِّي اِنَّكَ اَنْتَ السَّمِيعُ الْعَلِيمُ

«ئۆز ۋاقتىدا ئىمراننىڭ ئايالى: ‹رەببىم! مەن قورسىقىمدىكى پەرزەنتىمنى ھۆر ھالەتتە چوقۇم سېنىڭ خىزمىتىڭگە ئاتىدىم. (بۇ نەزىر ـ ھەدىيەمنى) قوبۇل قىلغىن. سەن ھەقىقەتەن ئاڭلاپ تۇرغۇچىسەن، بىلىپ تۇرغۇچىسەن› دەپ دۇئا قىلغانىدى.» (ئالئىمران سۈرىسى 35 ـ ئايەت).

ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان «ھۆر (حَرّ)» ئۇقۇمى ئوغۇل پەرزەنتنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، ئۇ ۋاقىتلاردا ئىسرائىل خەلقى ئاياللارنى قول ـ چۆرە قىلىپ ئىشلىتىۋاتاتتى. ئەركەك دېگەنلىك، ئەركىنلىك دېگەنلىك بولاتتى. شۇڭا، بۇ ئايال ئۆز جىنسىدىن بولغان پەرزەنتنى تۇغۇشنى خالىمىغانىدى. ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسى ئۇنى تۇغقاندا، مۇنداق دۇئا قىلغان:

فَلَمَّا وَضَعَتْهَا قَالَتْ رَبِّ اِنِّي وَضَعْتُهَا اُنْثٰى وَاللّٰهُ اَعْلَمُ بِمَا وَضَعَتْ وَلَيْسَ الذَّكَرُ كَالْاُنْثٰى

وَإِنِّي سَمَّيْتُهَا مَرْيَمَ وَإِنِّي أُعِيذُهَا بِكَ وَذُرِّيَّتَهَا مِنَ الشَّيْطَانِ الرَّجِيمِ

«ئۇ قىز تۇغقان ۋاقىتىدا، گەرچە ئۇنىڭ نېمە تۇغقانلىقىنى ئاللاھ بىلىپ تۇرسىمۇ، ئۇ: ‹ئى رەببىم! قىز تۇغدۇم. ھالبۇكى، ئوغۇل قىزغا ئوخشاش ئەمەس. مەن ئۇنى مەريەم دەپ ئاتىدىم. مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن› دېدى.» (ئالئىمران سۈرىسى 36 ـ ئايەت).

**i. ئىنقىلابنى ئاللاھ ئۆزى قوزغىغان**

يۇقىرىدىكى ئايەتتىن ئىمراننىڭ ئايالىنىڭ ئۆزىنىڭ قىز تۇغقانلىقى ئۈچۈن قايغۇرغانلىقىنى ۋە ئوغۇلنى قىزدىن ئۈستۈن دەپ قارايدىغانلىقىنى ئىپادىلەپ، ئۇلۇغ ئاللاھتىن قىزنى شەيتان ۋە كىشىلەرنىڭ تەسىرىدىن قوغداشنى تەلەپ قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. شۇڭا، ئۇلۇغ ئاللاھ ئەرلەرنىڭ ئۈستۈن كۆرۈلۈشىگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن تۇنجى ئىنقىلابنى ئۆزى قوزغىغانىدى. ئۇ قىز بالىنى كەمسىتكەن ئاھاڭدا قىلىنغان دۇئانىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى ئىپادىلەپ، بۇنى ئەمەلىي ھەرىكىتى بىلەن كۆرسىتىپ بەردى. زۇخرۇف سۈرىسىنىڭ 18 ـ ئايىتىدە، ئۇلۇغ ئاللاھ ئوغۇل بالىنى ئەزىزلەپ، قىز پەرزەنتنى كەمسىتىشنىڭ خاتالىقىنى مۇنداق تىلغا ئالغان:

أَوَمَنْ يُنَشَّؤُا فِي الْحِلْيَةِ وَهُوَ فِي الْخِصَامِ غَيْرُ مُبِينٍ

«زىبۇ ـ زىننەت ئىچىدە چوڭ بولۇپ، ئۆز ھەققىنى ھىمايە قىلىش ئۈچۈن كۈرەش قىلالمايدىغان قىز پەرزەنتنى ئۇلار خالىمايۋاتامدۇ؟».

دېمەك، مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ قىز پەرزەنتنى خالىماسلىقى

جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەردىمۇ بار ئىللەت ئىدى. چۈنكى، ئەرەبلەر قىزلىرىنى ئاللاھقا مەنسۇپ قىلىپ، ئوغۇللارغا ئۆزلىرى ئىگە چىقاتتى (زۇخرۇف سۈرىسى 17 ـ 15 ـ ئايەتلەرگە قاراڭ).

### ii. ئاللاھنىڭ مۇرادى

ھەزرىتى مەريەم مۇشۇنداق پىسخىكا ۋە ئىجتىمائىي بېسىم مەۋجۇت شارائىتتا دۇنياغا كەلگەنىدى. ئۇ خىل مۇھىتتا، مەريەمنىڭ ئانىسىنىڭ ياكى جەمئىيەتنىڭ چۈشەنچىسىدە ئاياللارنىڭ قەدىر ـ قىممىتى ئېگى يوق بولۇپ، مەريەمنىڭ ئارقىسىدا پەقەت ياراتقۇچىنىڭ مۇرادى، يەنى قىز پەرزەنتلەرنىڭ يارىتىلىشىدا ئالاھىدە ئىلاھىي مەقسەت ۋە ئىرادە بار ئىدى. ئەلۋەتتە، بۇ ئاياللار پەخىرلىنىشكە تېگىشلىك مۇھىم بىر نۇقتا. ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسى ھامىلىدار مەزگىلدە، ئۇ ئوغۇل بولسۇنمۇ ياكى قىز بولسۇنمۇ دېگەن سوئاللارغا قارىتا، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بالىنىڭ قىز بولۇشىنى ئىرادە قىلغان بولۇپ، نەتىجىدە ئىنسانلار ئاياللار ھوقۇقىنى قوغداشتا مەغلۇپ بولغانىدى. ئەمەلىيەتتە، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ يارىتىش، يەنى مەريەمنى دۇنياغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق خورلانغان، چەتكە قېقىلغان، قۇل قىلىنغان ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى دەپسەندە قىلىنغان ئاياللارنىڭ شەرىپىنى ئەسلىگە كەلتۈرگەنىدى. زۇخرۇف سۈرىسىنىڭ 18 ـ ئايىتىدە ئۇلۇغ ئاللاھ: «ئۆز ھەققىنى قوغداش ئۈچۈن كۈرەش قىلالمايدىغان» دېيىش ئارقىلىق، قىز بالىنىڭ ھوقۇقىنى گەۋدىلەندۈرۈش ۋە قوغداش ئۈچۈن بۇ ئۇقۇمنى كۈن تەرتىپكە ئېلىپ كەلگەن ۋە بىرگە بايان قىلغان.

خۇددى ھەزرىتى مەريەمگە ئوخشاش، بارلىق قىزلارنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئاتا ـ ئانىلارنىڭ تاللىشى ئەمەس، بەلكى ئىلاھىي تەقدىر بولغاچقا، ئوغۇللارنى ئۈستۈن كۆرۈپ، قىزلارنى كەمسىتىدىغان ئائىلىگە ئىلاھىي رەھمەت كېلەرمۇ؟ ئۇ ئائىلە بەختلىك بولالارمۇ؟

ئىنىقكى، بۇ سەلبىي ـ تەڭسىز پوزىتسىيە قىزلارنىڭ تەربىيىسىگە پاسسىپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ھەزرىتى مەريەمنىڭ ئانىسى خاننە ئۆزىنىڭ دۇئاسى ـ ئارزۇسىنىڭ ئەكسىچە قىز تۇغقاندىن كېيىن، دۇئاسىنى ئۆزگەرتىپ مۇنداق دېدى: «مەن ئۇنى مەريەم دەپ ئاتىدىم. مەن ھەقىقەتەن ئۇنىڭ ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى ئۈچۈن ساڭا سېغىنىپ، قوغلاندى شەيتاندىن پاناھ تىلەيمەن.» (ئالئىمران سۈرىسى 36 ـ ئايەت).

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئۇنىڭ بۇ دۇئاسىنى قوبۇل قىلدى ۋە ھەزرىتى مەريەمنى گۈلدەك چىرايلىق چوڭ قىلىپ، ئۇنى زەكەرىيا پەيغەمبەرگە ئامانەت قىلدى. دېمەك، ئاللاھ ھەزرىتى مەريەمنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ، ئۇنى ھەزرىتى زەكەرىياغا ئامانەت قىلغاندى. ھەزرىتى زەكەرىيا ھەر قېتىم مەريەم تۇرغان مېھرابقا كىرگەندە، مەريەمنىڭ يېنىدا يېمەكلىك كۆرەتتى. زەكەرىيا پەيغەمبەر: «ئى مەريەم، بۇ ساڭا نەدىن كەلدى؟» دەپ سورىسا، ھەزرىتى مەريەم: «بۇنى ماڭا ئاللاھ ئەۋەتتى» دەيتتى. ئەلۋەتتە، ئاللاھ ئۆزى خالىغان ئادەمگە چەكسىز رىزىق بېرىدۇ. بۇنىڭدىن مۇنداق خۇلاسە چىقىدۇ: ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئۆز ھوزۇرىدىن ھەزرىتى مەريەمگە يېمەكلىك ئەۋەتىپ، ئۇنى باقاتتى. ھەتتا زەكەرىيا پەيغەمبەرمۇ بۇ ئەھۋالغا ھەيران قالغانلىقتىن سوئال سوراشتىن باشقا ھېچ ئىش قىلالمىدى. ئايەتتىكى «مېھراب» ئۇقۇمى «يۇقىرىدا، ئېگىز جاي ۋە ئۆي» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنداقلا «ئەڭ ئالىي ۋە ئەڭ قىممەتلىك مەجلىس» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ (فەھرەددىن رازى، تەپسىرى كەبىر، IV، 282 ـ 281 ـ بەتلەر).

### iii. رىزقىنى ئاللاھ بەردى

مەريەم ئېگىز جايغا سېلىنغان ئۆيدە چوڭ بولغانلىقتىن،

بىر ئايال زاتىنىڭ ئۇلۇغلىنىشقا تېگىشلىك كىشى ئىكەنلىكى توغرىسىدىكى چۈشەنچە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاللاھ ئۇنىڭ رىزقىنى بېرىدىغان بولۇپ، زەكەرىيا پەيغەمبەر ئۇنى بېقىشقا مەسئۇل قىلىنغانىدى. دۇنياغا كېلىشى ۋە بېقىپ چوڭ قىلىنىشى ئىنسانىيەت تارىخى، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقى نۇقتىسىدىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان ھەزرىتى مەريەمنىڭ ھاياتى يەنە باشقا ۋەقەلەرگە ھامىلىدار ئىدى. خارلانغان ئايالنىڭ مېھرابقا چىقىدىغان دەرىجىدە ئۇلۇغلىنىشىغا سەۋەب بولغان ھەزرىتى مەريەم مائارىپىنىڭ ئاساسىي قىممەت قارىشىنىمۇ ئۆزى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەنىدى.

ئاللاھ ھەزرىتى مەريەمنى دۇنياغا كېلىشىدىن باشلاپ كېلەچەكتە يۈز بېرىدىغان زور ئىنقىلابقا تەييارلاۋاتاتتى. شۇڭا، ئاللاھ ئۇنىڭغا پەرىشتىلەرنى ئەۋەتەتتى، پەرىشتىلەر ئۇنىڭ بىلەن سۆھبەتلىشەتتى. بۇ سۆھبەتلەرنىڭ بىرى مۇنداق بولغانىدى:

وَاِذْ قَالَتِ الْمَلٰٓئِكَةُ يَا مَرْيَمُ اِنَّ اللّٰهَ اصْطَفٰيكِ وَطَهَّرَكِ وَاصْطَفٰيكِ عَلٰى نِسَٓاءِ الْعَالَمٖينَ

«پەرىشتىلەر: ‹ئى مەريەم! ئاللاھ ھەقىقەتەن سېنى تاللىدى، سېنى پاك قىلدى ۋە سېنى پۈتۈن جاھان ئاياللىرىدىن ئۈستۈن قىلدى› دېدى.» (ئالئىمران سۈرىسى 42 - ئايەت).

ھەزرىتى مەريەم ئىنسانىيەت تارىخىدا يۈز بەرگۈسى چوڭ ئۆزگىرىش ئۈچۈن تاللانغان، پاكلانغان ۋە كېيىن دۇنيادىكى بارلىق ئاياللارنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىنقىلابىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى.

پەرىشتىلەر يەنە، ھەزرىتى مەريەمگە ئاللاھنىڭ بىر كەلىمە بىلەن ئۇنىڭغا خۇش خەۋەر بەرگەنلىكىنى ۋە بۇ بالىنىڭ ئىسمىنىڭ مەريەم ئوغلى ئەيسا ئىكەنلىكىنى ئېيتقان.

اِذْ قَالَتِ الْمَلٰٓئِكَةُ يَا مَرْيَمُ اِنَّ اللّٰهَ يُبَشِّرُكِ بِكَلِمَةٍ مِنْهُۙ اِسْمُهُ الْمَسِيحُ عِيسَى ابْنُ مَرْيَمَ وَجِيهاً فِي الدُّنْيَا وَالْاٰخِرَةِ وَمِنَ الْمُقَرَّبِينَ

«پەرىشتىلەر: ‹ئى مەريەم! ئاللاھ ساڭا ئۆزىنىڭ بىر كەلىمىسى بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇكى، ئۇنىڭ ئىسمى مەسىھ مەريەم ئوغلى ئەيسا. ئۇ دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئابرويلۇق ھەم ئاللاھقا يېقىنلاردىن بولىدۇ› دېدى.» (ئالئىمران سۈرىسى 45 ـ ئايەت).

### vi. ئاتىسىز تۇغۇلۇش

جانابي ئاللاھ جىبرىئىلنى ھەزرىتى مەريەمگە ئەۋەتكەن بولۇپ، جىبرىئىل ئۇنىڭغا پەرزەنتلىك بولىدىغانلىقى خۇش خەۋىرىنى يەتكۈزگەندە، ھەزرىتى مەريەم ئۆزىگە ئەر كىشىنىڭ قولى تېگىپ باقمىغانلىقىنى، بۇ سەۋەبتىن، پەرزەنتلىك بولۇشىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئېيتقان. پەرىشتە ئۇنىڭغا ئۇ بالىنى يارىتىشىنىڭ ئاللاھ ئۈچۈن ئاسان ئىكەنلىكىنى، ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ ئۇنى ئىنسانىيەتكە ئاللاھنىڭ قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان دەلىل ۋە رەھمەت قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان (مەريەم سۈرىسى 21 ـ 17 ـ ئايەتلىرىگە قاراڭ).

ھەزرىتى مەريەم ھەزرىتى ئەيسانى دادىسىز تۇغقان بولۇپ، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ ھادىسىنىڭ ھەزرىتى ئادەمنىڭ يارىتىلىشى بىلەن پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەنلىكىنى ئالئىمران سۈرىسىنىڭ 59 ـ ئايىتىدە بايان قىلغان.

ھەزرىتى ئەيسا قايسى مەسىلە ئۈچۈن دەلىل ۋە رەھمەت بولغانىدى؟ ئۇلۇغ ئاللاھ نېمىشقا ئۇنى دادىسىز ياراتتى؟ بۇ سوئاللارغا جەمئىيەتشۇناسلىق، يەنى ئايالLARنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساق، مۇنداق يەكۈنگە ئېرىشەلەيمىز: ھەزرىتى مەريەم ياشىغان جەمئىيەتتە ئەرلەر ھۆر، ئاياللار

قۇل ـ چۆرە بولۇپ، خۇددى ئەرلەر بولمىسا دۇنيا مەۋجۇت بولمايدىغاندەك، داۋام قىلالمايدىغاندەك چۈشەنچە مەۋجۇت ئىدى. ھەتتا ئەرلەرنىڭ ئاياللارغا كۆز ـ كۆز قىلىپ ئۆزىدىن پەخىرلىنىشى ئاياللارنى تاۋار دەپ قارايدىغان دەرىجىگە يەتكەنىدى.

خۇددى ئاللاھ تائالا «ئەرلەرسىز دۇنيا بولمايدۇ دەپ كىبىرلىك قىلىۋاتامسىلەر؟ مانا بۇ سىلەرگە دادىسىز دۇنياغا كەلگەن بوۋاق» دېگەندەك، ئەقىللىقلەرگە ئىشارەت بەرگەن، ھەمدە بۇ ئارقىلىق، ئاياللارنى ئەرلەر نەزىرىدە قەدىر ـ قىممەتكە ئىگە قىلىش ئىنقىلابىنى ئەمەلگە ئاشۇرغانىدى. شۈبھىسىزكى، بۇ يارىتىلىش ھادىسىسى ھەم ئىنسانىيەت ئۈچۈن دەلىل، ھەم ئاياللار ئۈچۈن «رەھمەت» بولغانىدى. بىز يامغۇرغا رەھمەت دەيمىز، ئۇ يەر يۈزىگە چۈشكەندە، تەبىئەتنىڭ سىماسى ئۆزگىرىدۇ، ئەتراپ يېشىللىققا پۈركىنىپ، تەبىئەت باشقىچە ئۆزگىرىش ياسايدۇ. ئوخشاشلا، خۇددى سۇ يەر يۈزىدە ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈرگەندەك، ھەزرىتى ئەيسانىڭ دادىسىز دۇنياغا كېلىشى ئىنسانىيەت ئۈچۈن، بولۇپمۇ ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى مەسىلىسىدە دەۋر بۆلگۈچ ئۆزگىرىش پەيدا قىلدى.

## 7) ئايالنىڭ مىراس ئېلىش هوقۇقى

1400 نەچچە يىل ئىلگىرىكى جەمئىيەتلەرنى تەكشۈرگىنىمىزدە، ئەر ـ ئاياللار مۇناسىۋىتىدە زۇلۇم ۋە ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىش دەرىجىسىگە يەتكەن ئەڭ روشەن تەرەپنىڭ ئاياللارنى مىراستىن مەھرۇم قالدۇرۇش ئىكەنلىكىنى كۆرىمىز. گەرچە ئايال تىرىشىپ ئىشلىسىمۇ، لېكىن كىرىمىدىن نېسىۋىگە ئىگە بولالماسلىقى، ھەمدە ئاتا ـ ئانىسى ۋاپات بولغاندىن كېيىن مىراستىن ئۈلۈش ئالالماسلىقى بۇ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە ئەنئەنىنىڭ مەھسۇلى ئىدى.

ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي هوقۇقتىن مەھرۇم قالدۇرۇلۇشى ئۇنىڭغا پىچىلغان تەقدىر ۋە ئۇنىڭ ئىجتىمائىي ئورنى ئىدى. شۇ چاغلاردا، ئايال دېيىلگەندە ئەقلگە كېلىدىغان تۇنجى خاسلىقلارنىڭ بىرى، ئۇنىڭ مىراس ۋە ئىقتىسادىي هوقۇقتىن مەھرۇم قىلىنغان مەخلۇق دەپ قارىلىشى ئىدى.

قۇرئانى كەرىم بۇ جەھەتتە زور ئىنقىلاب قوزغاپ، ئاياللارنى ئىقتىسادىي هوقۇققا ئىگە قىلدى ۋە بۇنى زۆرۈرىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى، شۇنداقلا ئەمەلگە ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. بىز بۇ جەھەتتە قۇرئان ئېلىپ كەلگەن يېڭىلىقلارنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرەلەيمىز:

### i. مىراسخورلۇق هوقۇقىنى بېرىش

ئەر ـ ئايالنىڭ مىراستىن ئالىدىغان ئۈلۈشىنىڭ باراۋەر بولغان ـ بولمىغانلىقى مەسىلىسىنى مۇنازىرە قىلىشتىن ئىلگىرى، مىراسخورلۇق هوقۇقى بولمىغان ئايالغا بۇ هوقۇقنىڭ بېرىلىشىنىڭ ئۆزىنىڭ بىر

ئىنقىلاب بولغانلىقى نەزەردىن ساقىت قىلىنماسلىقى كېرەك.

قۇرئاننىڭ ئاياللارغا مىراسخورلۇق ھوقۇقىنى بېرىشى مەلۇم ئىجتىمائىي ھادىسىنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ ئىش مۇنداق بولغانىدى: يولدىشى قازا قىلغان بىر ساھابە ئايالنىڭ بەش قىزى بار ئىدى. بۇ ئائىلىنىڭ ئەر مىراسخورلىرى مەرھۇم قالدۇرۇپ كەتكەن مال - مۈلۈكلەرنى مىراس ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن. نەتىجىدە، بەش قىزنىڭ ئانىسى ئۇممۇ كۇھا ئۆزىنى مىراستىن مەھرۇم قىلماقچى بولغان مىراسخورلارنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا شىكايەت قىلغان (تابارى، جامىئۇل - بەيان، 4 - جىلت 275 - بەت).

بۇ شىكايەتكە قۇدرەتلىك ئاللاھ: «... ئەگەر ئۇلار ئىككىدىن ئارتۇق ئايال بولسا، قالغان مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمى ئۇلارنىڭ ...» (نىسا سۈرىسى 11 - ئايەت) دېگەن ئايەتنى چۈشۈردى. ئەرەب ئۆرپ - ئادىتىدە قىزلار مىراس ئالالمايدىغانلىقى ئۈچۈن، ئايالنىڭ تۇغقانلىرىنىڭ ئىچىدىكى ئەر مىراسخورلار پۈتۈن مال - مۈلۈكنى ئالماقچى بولغانىدى. ئەمما، ھەممىگە قادىر ئاللاھ دادىنىڭ مىراسىنىڭ ئۈچتىن ئىككى قىسمىنى قىزلارغا بەردى. بۇ ئايەت دۇنيا مىراس قانۇنىدا ئېلىپ بېرىلغان ئىنقىلابقا ئايلىنىپ، ئاياللارنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ ئۇل - ئاساسى قىلىندى. ھەممىگە قادىر ئاللاھ يەنە «... ئەگەر مىراسخور پەقەت بىر قىز بولسا، مىراسنىڭ يېرىمى ئۇنىڭ ...» (نىسا سۈرىسى 11 - ئايەت) دېيىش ئارقىلىق، ئاتا بىر ئەركەك ياكى قىز تۇغقىنى بولمىغان يالغۇز قىز ئالىدىغان مىراس مىقدارىنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئەركەك قېرىندىشى بولمىغان ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق قىز - ئاياللارغا مىراسنىڭ ئۈچتىن ئىككى ئۈلۈشى بېرىلىدۇ، يالغۇز پەرزەنت بولغان قىزغا بولسا مىراسنىڭ يېرىمى تەقسىم قىلىنىدۇ.

كېيىن، ئاللاھ يەنە ئانىنىڭ قازا قىلغان بالىسىنىڭ مال -

مۈلكىگە مىراسخور بولالايدىغانلىقىنى ئېلان قىلدى، شۇنداقلا قىز نەۋرىلەرگىمۇ مىراس ھەققى بېرىلدى.

مِمَّا تَرَكَ وَإِن كَانُواْ إِخْوَةً رِّجَالاً وَنِسَاء فَلِلذَّكَرِ مِثْلُ حَظِّ الأُنثَيَيْنِ

«... ئەگەر ۋارىسلار ھەم ئەر، ھەم ئايال بىر تۇغقانلار بولسا، ئەرگە بىر ئۈلۈش، ئايالغا يېرىم ئۈلۈش نېسىۋە بېرىلىدۇ ...» (نىسا سۈرىسى 176 ـ ئايەت).

بەزىلەر قۇرئاننىڭ بۇ ھۆكمىگە قارشى چىقىپ، ئايالغا ئەھمىيەت بېرىلمىگەن، سەل قارالغان دەپ قارايدۇ. ئەمما، مىراسنىڭ بۇ شەكىلدە تەقسىم قىلىنىشىنىڭ ئادىل ئىكەنلىكىنى تۆۋەندىكىدەك چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ:

1) ئەگەر ئائىلىدە ئوغۇل ئىشلەپ ئائىلىنىڭ بايلىقىغا بايلىق قوشسا، يەنى ئۇ ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنى ئائىلە ئۈچۈن سەرپ قىلغان بولسا؛ ئەمما قىز ئىشلەپ تاپاۋەت قىلمىسا، ئوغۇلغا باشقىچە مۇئامىلە قىلىش تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى، بۇ يەردىكى مۇھىم مەسىلە مىراسنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىدە سەرپ قىلىنغان ئەجىر ـ ئەمگەك.

2) ئەگەر ئايال دادىسى قالدۇرغان مىراستىن يېرىم ئۈلۈش، ئۇنىڭ ئېرى ئۆزىنىڭ دادىسىدىن تولۇق بىر ئۈلۈش مىراس ئالسا، بۇ مىراس جەمئىي بىر يېرىم ئۈلۈش بولىدۇ. تىلغا ئېلىنغان ئەرنىڭ ھەمشىرىسى يېرىم ئۈلۈش، ئۇنىڭ ئېرى ئۆزىنىڭ دادىسىدىن تولۇق بىر ئۈلۈش مىراس ئالغاندا، ئۇلارمۇ ئوخشاشلا يەنە بىر يېرىم ئۈلۈش مىراس ئالغان بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن، باراۋەرلىك ئەمەلگە ئاشىدۇ.

3) ئېرىكچىلىك يۈكى ئاساسەن ئەر كىشىنىڭ زىممىسىدە بولغاچقا، بۇ خىل ئۇسۇلدا ھۆكۈم قىلىنغان بولۇشى مۇمكىن.

4) ئەگەر ئەر قېرىنداشى مىراستىن ھەمشىرىسى بىلەن ئوخشاش مىقداردا، يەنى ئىككىلىسىلا بىر ئۈلۈشتىن ئالسا، قۇرئان بۇنى چەكلىمەيدۇ. چۈنكى، قۇرئان يۇقىرى چەكنى ئەمەس، بەلكى ئەڭ تۆۋەن چەكنى بەلگىلەپ بەرگەن. شۇنداقلا، بۇ يەردىكى ھۆكۈم باراۋەرلىكنى مەقسەت قىلىدۇ. بۇنى تۆۋەندىكى ئايەتتىن يەكۈنلەپ چىقالايمىز:

لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِمَّا تَرَكَ الْوَالِدَانِ وَالْأَقْرَبُونَ مِمَّا قَلَّ مِنْهُ أَوْ كَثُرَ نَصِيباً مَفْرُوضاً

«ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ نېسۋىسى بولغىنىدەك، ئاتا ـ ئانىسى ۋە تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئاياللارنىڭمۇ نېسۋىسى بار. مىراس ئاز ياكى كۆپ بولسۇن، ئەر ـ ئاياللارغا بىر ئۈلۈش ھەسسە ئايرىلىدۇ» (نىسا سۈرىسى 7 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتنى دىققەت بىلەن ئوقۇغان ۋاقتىمىزدا، ئايەتتە ئانىنىڭ، يەنى ئايالنىڭ مىراس قالدۇرىدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان. دېمەك، ئايال مىراس ئېلىپلا قالماي، يەنە مىراسمۇ قالدۇرىدۇ.

مۇنداقچە ئېيتقاندا، نىسا سۈرىسىنىڭ 12 ـ ئايىتىدە «كەلالە (كَلاَلَ)» تىلغا ئېلىنغان بۆلەكتىكى ئاكا ـ ئۇكا ياكى ئاچا ـ سىڭىللارنىڭ ھەر بىرىگە مىراستىن ئالتىدىن بىر ھەسسە بېرىلىدىغانلىقى توغرىسىدىكى بايان، مىراسنىڭ ئوخشاش مىقداردا تەقسىم قىلىنىسىمۇ بولىدىغانلىقىنى ياكى ھەر ئىككى جىنسقا تەڭ ـ باراۋەر ئۈلۈش بېرىشنىڭ قۇرئانغا زىت ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

شۇنداقلا، بەقەرە سۈرىسىنىڭ 180 ـ ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان ۋەسىيەت مەسىلىسى نەزەردە تۇتۇلغاندا، قارىماققا ئاياللارنىڭ

زىيىنىغا بولغانـدەك كۆرۈلگـەن تەقسىملەش نىسبىتىنى بىـكار قىلىـش يولىنىڭمۇ ئوچۇق ئىكەنلىكىنى ئىپتىشقا بولىدۇ.

بىـز نىسا سۈرىسىنىڭ 32 ـ ئايىتى ئارقىلىق بىر ئايالنىڭ قانداق مىراس قالدۇرالايدىغانلىقىنىڭ جاۋابىنى بېرەلەيمىز. بۇ ئايـەت تۆۋەندىكىـدەك:

لِلرِّجَالِ نَصِيبٌ مِمَّا اكْتَسَبُوا وَلِلنِّسَاءِ نَصِيبٌ مِمَّا اكْتَسَبْنَۚ

«... ئەرلەرنىڭ تاپاۋىتىدىـن ئۆزىگـە نېسىۋە بـار، ئاياللارنىڭمۇ تاپاۋىتىدىـن ئۆزىگـە نېسىۋىسى بار ...».

بۇ ئايـەت ئارقىلىق، قۇرئـان يەنـە ئاياللارنىـڭ ئىقتىسادىي ساھەدىكى مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرىدىغان ئىنقىلابىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان. ئەگـەر بىـر ئايال ئىشلەپ كىرىم قىلسا، ئۇنىڭ تاپقان پۇلى ئۆزىگە مەنسۇپ بولۇپ، ئـەر ئۇنى ئېلىۋالالمايـدۇ. بۇ سـەۋەبتىن، ئايال ئۆز ئالدىغا سـەدىقە، خەير ـ ئېھسان قىلالايدۇ، زاكات بېرەلەيـدۇ ۋە ھەجگە بارالايـدۇ.

مەسـىلەن، ئەگـەر بىـر ئائىلـدە دادا ياشىنىپ قالغان، ئوغۇل ـ قىـزلار بىللە ئىشلەپ، بىرلىكتە پـۇل تاپقـان بولسا، ئۇلارنىـڭ مىراسخورلۇق ھوقۇقى تـەڭ ـ بـاراۋەر بولىـدۇ. چۈنكـى، يۇقىرىقى ئايـەت ھەركىمگـە ئۆزىنىـڭ تاپقان ئۈلۈشىنى قايتـۇرۇپ بەرگـەن.

ئىنسانىيەت ئوتتـۇرا ئەسـىردە ياشاۋاتقان مەزگىلدىلا، قۇرئـان پۈتۈن دۇنياغا ئاياللارنىڭ ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقى ۋە مىراسخورلۇق ھوقۇقىنى جاكارلىغانـدى. كۈنىمىـزدە زامانىـۋى قانۇنـلار ئارقىلىـق بەلگىلەنگـەن بـۇ ئىقتىسـادىي ھـەق ـ ھوقۇقىنـىڭ ئۇلـدا قۇرئـان بەرپـا قىلغـان ھـەق ـ ھوقـۇق سىستېمىسـى ياتىـدۇ.

### ii. قۇرئان كەرىم ئاياللارغا نەپىقە ئېلىش ھوقۇقىنى بەرگەن

لِيُنفِقْ ذُو سَعَةٍ مِّن سَعَتِهِ وَمَن قُدِرَ عَلَيْهِ رِزْقُهُ فَلْيُنفِقْ مِمَّا آتَاهُ اللَّهُ

«قول ـ ئىلكى كەڭ كىشى ئۆزىنىڭ بايلىقىغا يارىشا نەپىقە بەرسۇن، رىزقى تار كىشىمۇ ئاللاھنىڭ ئۇنىڭغا بەرگىنىگە يارىشا بەرسۇن ...» (تالاق سۈرىسى 7 ـ ئايەت).

قۇرئان ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭغا ئېرىدىن نەپىقە ئېلىش ھوقۇقىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، بۇ ھوقۇق كۈنىمىزدىمۇ داۋاملاشماقتا.

## 8) ئائىلىلار ۋە خىزمەت ھاياتى

«ئىسلام دىمەك، ئائىلىلارنى تۆت تامنىڭ ئىچىگە سولاپ قويۇشتىن ئىبارەت» دىگەن قاراشنى ياقلىغانلار دىن نامىدا تارقىتىلغان ناتوغرا پەتىۋالارنى ئاساس قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ خاتا پەتىۋالارنى بەرگۈچىلەر دىنغا خىيانەت قىلىپ، ئاللاھقا تۆھمەت قىلغان. تۆۋەندە، بىز قۇرئانغا ئاساسەن ئائىلىلارنىڭ ئىش - خىزمەت ھاياتى بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى مۇلاھىزە قىلىپ ئۆتەيلى.

**i. ئائىل دۆلەت ھۆكۈمدارى بولالامدۇ؟**

بىر ئائىلىنىڭ ھاكىمىيەت سىستېمىسىدا ھۆكۈمدار بولالايدىغان ياكى بولالمايدىغانلىقى مەسىلىسى مۇسۇلمانلارنى ئەسىرلەردىن بۇيان مەشغۇل قىلىپ كەلگەن بولۇپ، بۇ مەسىلىدە بېرىلگەن پەتىۋالار ئىسلام دىنىغا قارىتىلغان ئۇخشىمىغان ۋە سەلبىي قاراشلارنىڭ كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولدى. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، ئائىلىلار ھۆكۈمدار بولالمايدۇ ياكى دۆلەتنى ئىدارە قىلسا بولمايدۇ دەپ پەتىۋا بەرگەنلەر ئۆز كۆزقارىشىغا تۆۋەندىكى ھەدىسنى دەلىل قىلىدۇ:

«ئائىل كىشىنى ئۆزىگە ھۆكۈمدار قىلغان قەۋم ھەرگىز روناق تاپمايدۇ» (بۇخارى، فىتەن، 81).

ئۆلىمالار بۇ ھەدىسنىڭ توغرىلىقى ھەققىدە جەزمەن ئىزدىنىشى كېرەك. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇنداق ھەدىسنى ئېيتقان بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئۆز دەۋرىدە دۆلەت باشلىقى بولۇشنى

خالايدىغان بىر ئايال چىققاچقا مۇشۇنداق پەتىۋا بەرگەنمۇ؟ بۇ سوئاللارغا «نەملە» سۈرىسىدىن جاۋاب بېرىشكە تىرىشىمىز:

وَتَفَقَّدَ الطَّيْرَ فَقَالَ مَا لِيَ لَٓا اَرَى الْهُدْهُدَۘ اَمْ كَانَ مِنَ الْغَٓائِب۪ينَ لَاُعَذِّبَنَّهُ عَذَاباً شَد۪يداً اَوْ لَا اَذْبَحَنَّهُٓ اَوْ لَيَأْتِيَنّ۪ي بِسُلْطَانٍ مُب۪ينٍ فَمَكَثَ غَيْرَ بَع۪يدٍ فَقَالَ اَحَطْتُ بِمَا لَمْ تُحِطْ بِه۪ وَجِئْتُكَ مِنْ سَبَأٍ بِنَبَأٍ يَق۪ينٍ اِنّ۪ي وَجَدْتُ امْرَاَةً تَمْلِكُهُمْ وَاُو تِيَتْ مِنْ كُلِّ شَيْءٍ وَلَهَا عَرْشٌ عَظ۪يمٌ

«ئۇ (سۇلايمان) قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن: ‹ماڭا نېمە بولدى، ھۆپۈپنى كۆرمەيمەنغۇ؟ ياكى ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ؟ ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، ياكى ئۇنى چوقۇم بوغۇزلاپ تاشلايمەن، يا بولمىسا چوقۇم ئۆزىنى ئاقلايدىغان روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ› دېدى. ئۇزاق ئۆتمەي ھۆپۈپ كەلدى، ئۇ: ‹مەن سەن بىلمىگەن ئىشنى بىلدىم، مەن ساڭا سەبەدىن بىر مۇھىم خەۋەر ئېلىپ كەلدىم. مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا بىر ئايالنىڭ پادىشاھلىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئۇنىڭغا ھەممە نەرسە بېرىلگەن ئىكەن، ئۇ چوڭ تەختتە ئولتۇرىدىكەن› دېدى.» (نەملە سۈرىسى 23 ـ 20 ـ ئايەتلەر).

قَالَ سَنَنْظُرُ اَصَدَقْتَ اَمْ كُنْتَ مِنَ الْكَاذِب۪ينَ اِذْهَبْ بِكِتَاب۪ي هٰذَا فَاَلْقِهْ اِلَيْهِمْ ثُمَّ تَوَلَّ عَنْهُمْ فَانْظُرْ مَاذَا يَرْجِعُونَ قَالَتْ يَٓا اَيُّهَا الْمَلَؤُا اِنّ۪ٓي اُلْقِيَ اِلَيَّ كِتَابٌ كَر۪يمٌ

«سۇلەيمان: ‹سەن راست دەۋاتامسەن يا يالغانمۇ، قارايمىز. بۇ خېتىمنى ئېلىپ بېرىپ، ئۇلارغا تاشلىغىن. ئاندىن ئۇلاردىن نېرىراق تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ قانداق جاۋاب قايتۇرىدىغانلىقىغا قارىغىن› دېدى، ئۇ (سەبە پادىشاھى): ‹ئى ئۇلۇغلار! ماڭا ھەقىقەتەن سۇلايماندىن بىر پارچە قىممەتلىك خەت كەلدى› دېدى.» (نەملە سۈرىسى 29 ـ 27 ـ ئايەتلەر).

قَالَتْ يَٓا اَيُّهَا الْمَلَؤُا اَفْتُون۪ي ف۪ٓي اَمْر۪يۚ مَا كُنْتُ قَاطِعَةً اَمْراً حَتّٰى تَشْهَدُونِ قَالُوا نَحْنُ اُولُوا قُوَّةٍ وَاُولُوا بَأْسٍ شَد۪يدٍ وَالْاَمْرُ اِلَيْكِ فَانْظُر۪ي مَاذَا تَأْمُر۪ينَ

«ئۇ (سەبە پادىشاھى): ‹ئى ئۇلۇغلار! مېنىڭ (بۇ) ئىشىمدا مەسلىھەت بېرىڭلار. سىلەرنى ئۇستىدە قويماي تۇرۇپ ھېچ ئىشنى بېكىتكىنىم يوق› دېدى. ئۇلار: ‹بىز كۈچلۈك ۋە جەڭگىۋارمىز. ئىش سېنىڭ ئىختىيارىڭدا. نېمىگە بۇيرۇيدىغانلىقىڭنى ئۆزۈڭ قارار قىلغىن› دېيىشتى.» (نەمله سۈرىسى 33 ـ 32 ـ ئايەتلەر).

ئاللاھنىڭ بۇ تارىخىي ھادىسىنى بىزگە نېمە ئۈچۈن ئېيتىپ بەرگەنلىكىنىڭ سەۋەبلىرىنى تۆۋەندىكىدەك تىزىپ چىقىشقا بولىدۇ:

1) ھەزرىتى سۇلايمان قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى. ئىنسانىيەت ھەزرىتى سۇلايماننىڭ بۇ مۆجىزىسىنى ئەمەلىي تۇرمۇشقا تەتبىقلاپ، كەلگۈسىدە قۇشلار بىلەن پاراڭلىشىشنى ۋە ئۇلارنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنىدۇ.

2) ئايال كىشى دۆلەت ھۆكۈمدارى بولغان، شۇنداقلا بۈگۈنكى مەندىكى دېموكراتىك قىممەت قارىشى بويىچە دۆلەتنى باشقۇرغان. يۇقىرىدىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغاندەك، بىر مەسىلە ھەققىدە قارار چىقىرىشتىن ئىلگىرى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەلەمدار ۋە قەلەمدار سەردارلىرى بىلەن كېڭەشكەن. يەنى ئۇ مۇستەبىت ۋە مۇنازىرە خالىمايدىغان رەھبەر بولۇش ئەندىزىسىنى قوللانمىغان، بەلكى دۆلەت باشقۇرۇشتا كېڭەش قىلىش ئۇسۇلىنى قوللانغانىدى.

3) سىياسەتكە مەسئۇل بولمىغانلار ئۇنىڭغا دۆلەتنىڭ باشقا ئىشلىرىغا ئارىلاشمايدىغانلىقىنى ئۇقتۇردى. ئايەتتىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاللاھ بىلقىسنىڭ پادىشاھلىقىنى، يەنى دۆلەت باشقۇرۇشىنى رەت قىلمىدى. ئۇنداقتا، دۆلەتنى ئىززەت ـ ھۆرمىتى بىلەن باشقۇرىدىغان ئايالغا، ئەگەر ئۇ دۆلەت باشقۇرۇشقا لايىق بولسا، بىز قانداقمۇ ئۇنىڭغا دۆلەتنى ئىدارە قىلىش ھوقۇق ـ

سالاھىيىتىنىڭ يوق، سەن قىلالمايسەن دېيەلەيمىز، قانداق بولۇپ دىن نامىدىن بۇنداق پەتىۋانى بېرەلەيمىز؟ شۈبھىسىزكى، قۇرئان ئىدارە قىلىش، باشقۇرۇش مەسىلىسىدە جىنس پەرقىنى ئەمەس، «قابىلىيەت» نى شەرت قىلىدۇ.

اِنَّ اللّٰهَ يَأْمُرُكُمْ اَنْ تُؤَدُّوا الْاَمَانَاتِ اِلٰى اَهْلِهَا

«شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە ئامانەتنى ـ ئىشنى ئەھلىگە تاپشۇرۇشنى بۇيرۇيدۇ ...» (نىسا سۈرىسى 58 ـ ئايەت).

دېمەك، باشقۇرۇشتا جىنس پەرقى ئەمەس، بەلكى ئىقتىدارلىق بولۇش شەرت قىلىنىدۇ.

### ii. ئاياللارنىڭ سايلاش ھوقۇقى بارمۇ؟

1400 نەچچە يىل ئىلگىرى، قۇرئان ئاياللارغا سايلاش ھوقۇقى بەرگەن. ئىنسانىيەت ئوتتۇرا ئەسىر ھاياتىنى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان، شۇنداقلا ئاياللارغا ھېچقانداق ھوقۇق بەرمىگەن بىر ۋاقىتتا، قۇرئان يەنە ئاياللارغا دۆلەتنى باشقۇرىدىغان كىشىنى سايلاش ـ بەلگىلەش ھوقۇقىنى بەردى. شۇنداق قىلىپ، ئاياللار سايلامدا بېلەت تاشلاش ئارقىلىق ھاكىمىيەت، يەنى باشقۇرۇشقا قاتناشقاندى.

يَا اَيُّهَا النَّبِيُّ اِذَا جَاءَكَ الْمُؤْمِنَاتُ يُبَايِعْنَكَ عَلٰى اَنْ لَا يُشْرِكْنَ بِاللّٰهِ شَيْئاً وَلَا يَسْرِقْنَ وَلَا يَزْنِينَ وَلَا يَقْتُلْنَ اَوْلَادَهُنَّ وَلَا يَأْتِينَ بِبُهْتَانٍ يَفْتَرِينَهُ بَيْنَ اَيْدِيهِنَّ وَاَرْجُلِهِنَّ وَلَا يَعْصِينَكَ فِي مَعْرُوفٍ فَبَايِعْهُنَّ وَاسْتَغْفِرْ لَهُنَّ اللّٰهَ اِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَحِيمٌ

«ئى نەبىي! ئەگەر مۆمىن ئاياللار يېنىڭغا كېلىپ، ئاللاھقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىككە، ئوغرىلىق قىلماسلىققا، زىنا قىلماسلىققا، بالىلىرىنى ئۆلتۈرمەسلىككە، قولى بىلەن پۇتى ئارىسىدا تۆھمەت پەيدا قىلماسلىق (يەنى باشقىلارنىڭ

بالىسىنى يالغاندىن ئېرىنىڭ بالىسى قىلىۋالماسلىق) قا، سەن بۇيرۇغان ياخشى ئىشلاردىن باش تارتماسلىققا بەيئەت قىلسا، سەنمۇ ئۇلارغا بەيئەت قىلغىن، ئۇلار ئۈچۈن ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىگىن. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىبان زات» (مۇمتەھىنە سۈرىسى 12 ـ ئايەت).

مەلۇمكى، ئىنسانىيەت ئەسىرلەردىن كېيىن ئاندىن قۇرئاندا تەشەببۇس قىلىنغان دېموكراتىك ھوقۇق ۋە قىممەت قارىشىغا ئىگە بولدى. مانا بۇ دەلىل بىزنىڭ نەقەدەر ئۇلۇغ دىنغا ئېتىقاد قىلغانلىقىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### iii. ئاياللار ئىمام بولامدۇ؟

رەسۇلۇللاھ قۇرئاننى يادلىغان ئايالغا، يەنى ھافىز بولغان ئايالغا ئىمام بولۇش ھوقۇقىنى بەرگەن. ئەمما، بۇ ئىماملىق ھوقۇقى پەقەت ئۇنىڭ ئائىلىسى بىلەنلا چەكلىنىدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ساھابىلەردىن بولغان ئۇممۇ ۋاراقانىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە نامازدا ئىمام بولۇشىغا ئىجازەت بەرگەن.» (ئەبۇ داۋۇد، سالات، 592).

### vi. ئايال كىشى ئۇرۇشقا قاتناشسا بولامدۇ؟

ئايالنى ئېتىۋەتكىلى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئۇ ئارمىيەدە دوختۇر ۋە سېستىرا بولالايدۇ. ساھابىلەردىن رۇببە ئىسىملىك ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇشقا قاتناشقان بولۇپ، ئۇ ئەسكەرلەرگە سۇ ئەكىلىپ بەرگەن، ئۇلارنى داۋالىغان (بۇخارى، جىھاد، 1075 ـ 1074). رەسۇلۇللاھنىڭ قىزى فاتىمەمۇ ئۇھۇد جېڭىگە قاتناشقان ۋە دادىسىنىڭ يارىسىنى داۋالىغان.

بۇلاردىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئاياللار ئۇرۇشتا دوختۇر ۋە

سىستېمىلىق بىلەن شۇغۇللانسا بولىدۇ.

**٧. ئايال كىشى ئوقۇتقۇچى بولالامدۇ؟**

پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئايالى ساھابىلەرنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى. تۆت مىڭدىن ئارتۇق ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان ھەزرىتى ئايىشە ئەرلەرگە ھەدىس ئۆگەتكەنىدى. ئۇنىڭدىن ھەدىسلەرنى رىۋايەت قىلغانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئەرلەر ئىدى.

دىنىمىز ئاياللارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ھەر قايسى ساھەلىرىدە ئىجتىمائىي پائالىيەتكە ئاكتىپ قاتنىشىشىنى ۋە قىلىۋاتقان كەسپىنى ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن ئادا قىلىشىنى چەكلىمەيدۇ. شۇڭا، بەزىلەر ئۆزىنىڭ شەخسىي ئارزۇسى ۋە ئاياللارغا بولغان ناتوغرا پوزىتسىيىسىنى قەستەن پەتىۋاغا ئايلاندۇرماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئاياللار پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى تەربىيىلەش ئارقىلىق، كەسپلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغىنى ئادا قىلىۋاتىدۇ.

## 3. ئايال، نىكاھ ۋە تالاق

### 1) ئايال ۋە نىكاھ

جەمئىيىتىمىزدىكى ۋە ئىسلام دۇنياسىغا مەنسۇپ بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى نىكاھنىڭ ئائىلە ھاياتىدىكى ئورنى بولۇپ، ئائىلىنىڭ قۇرۇلۇشى ۋە قانۇنىنىڭ ئاپىرىدە بولۇشى ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. ئەر ـ ئاياللارنىڭ ئائىلە قۇرۇشىنى قانۇنلاشتۇرىدىغان نىكاھ باللارنىڭ نەسەبىنى بەلگىلەيدۇ. تۆۋەندە بىز نىكاھ مەسىلىسىنى قۇرئان، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە قانۇنىي تەرەپلەردىن مۇھاكىمە قىلىش ئارقىلىق، بۇ مەسىلىدە سادىر قىلىنغان خاتالىقلارنىڭ ھەل قىلىش چارىسىنى تېپىشقا تىرىشىمىز.

**i. تۈنجى نىكاھ**

نىسا سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى ۋە ئەئراف سۈرىسىنىڭ 189 ـ ئايىتى ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى نىكاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئايالى بىر نەپس ـ جەۋھەردىن يارىتىلغان. ئوخشاش جەۋھەردىن يارىتىلغان بۇ ئەر ۋە ئايال «جور (ئەر ـ خوتۇن)» سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان. ئۇلارنى كىم بىر جۈپكە ئايلاندۇردى، كىم ئۇلارنىڭ نىكاھىنى ئوقۇدى؟ ئايەتتە، ئايالنىڭ ئەرگە جۈپ بولۇش قارارىنى ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ بەرگەنلىكى مەلۇم بولىدۇ. ئەئراف سۈرىسىنىڭ 189 ـ ئايىتىمۇ نىكاھنىڭ نېمە ئۈچۈن

قىلىنغانلىقىنى يوروُتوُپ بېرىدوُ. بوُ نىكاھنىڭ ئەر ـ ئاياللارنىڭ «ئۈنسى ـ ئۈلپەت» تېپىشىنى مەقسەت قىلىپ قىلىنغانلىقى بايان قىلىنغان مەزكوُر ئايەتتە، نىكاھنىڭ جىنسىي توُيغوُنى ۋە توُرموُش ئېھتىياجىنى قاندوُروُش ئارقىلىق ئائىلە توُرموُشىنىڭ ئاساسىنى بەرپا قىلغانلىقى چۈشەندۈرۈلگەن. روُم سۈرىسىنىڭ 21 ـ ئايىتى بوُنىڭغا «موُھەببەت» ۋە «رەھمەت» نى قوشىدوُ. ھەر ئىككى ئايەتتە «خاتىرجەملىك، ئۈنسى ـ ئۈلپەت» ئوُقوُمى بىرىنچى پىرىنسىپ سۈپىتىدە ئوُتتوُرىغا قويوُلغان.

ئوُخشاش ماددىدىن يارىتىلغان ئەر ۋە ئايالنىڭ بىر ـ بىرىگە جۈپ بولوُشىنىڭ بەلگىلىنىشى، شوُنداقلا ئۆزئارا يېقىنچىلىق قىلىشىنىڭ يوللوُق شەكلىدە ئېلىپ بېرىلىشى ئاللاھ تەرىپىدىن بېكىتىلگەن. بوُ، توُنجى نىكاھنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن قىلىنغانلىقىنى ئىسپاتلايدوُ. نىسا سۈرىسىنىڭ بىرىنچى ئايىتى ۋە ئەئراف سۈرىسىنىڭ 189 ـ ئايىتى، ئەمەلىيەتتە، توُنجى ئەر بىلەن توُنجى ئايالنىڭ نىكاھنىڭ دەلىلىدوُر. ئەگەر بىز ھازىر ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا بېرىلگەن موُقەددەس سەھىپىلەرگە ئېرىشىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان بولساق ئىدوُق، ئوُ ئىلاھىي ۋەھيىلەردىموُ مەزكوُر نىكاھ خاتىرىسىنى تاپالىغان بولاتتوُق. بوُ نىكاھنى قارار قىلغان ۋە ئەمەلگە ئاشوُرغان زات ئاللاھ بولغانلىقى ئۈچۈن، بىز مەزكوُر نىكاھنى «ئىلاھىي نىكاھ» دەپموُ ئاتايمىز.

**ii. ئىنسانلارنىڭ نىكاھى**

دەسلەپكى ئىنسانلارنىڭ نىكاھىدىن كېيىنكى دەۋرلەردە، يەنى ئوُلارنىڭ بالىلىرىنىڭ نىكاھىنى ئوُلارنىڭ ئاتىلىرى ۋە كېيىن بولسا باشقا كىشىلەر ئوُقوُغان. ئىنسانلار ئوُقوُغان بوُ نىكاھلار ئاللاھ تەرىپىدىن قوبوُل قىلىنغان ۋە ھېلىھەم قوبوُل قىلىنىۋاتىدوُ. ئىنسانلار تەرىپىدىن ئوُقوُلغان نىكاھنىڭ كۈچكە ئىگە بولوُشى

ھەمدە ئالالاھ تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن، قانۇنىي ئامىل بولۇشى، يەنى گۇۋاھچى ۋە توي قىلغۇچى ئەر - ئايال تەرەپنىڭ رازىلىقى بولۇشى كېرەك.

ئىككى كىشى شاھىتلارنىڭ ھۇزۇرىدا بىر - بىرىگە بولغان كۆڭۈل يېقىنلىقىنى ئاغزاكى بىلدۈرۈشى، شۇنداقلا بۇ نىكاھنىڭ جامائەتكە ئېلان قىلىنىشى نىكاھنى قانۇنىي ساھەگە ئېلىپ كىرگەن بولۇپ، بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئائىلە ھاياتىدىكى ھوقۇقلىرى مەزكۇر مۇئەسسەسە ئارقىلىق كاپالەتكە ئىگە قىلىنغان. ئېنىقكى، ئائىلە ھاياتىدا ئەر - ئايالنىڭ ھوقۇقىنى قوغدىمايدىغان ۋە جەمئىيەت تەرىپىدىن قانۇنلۇق دەپ قارالمىغان ئەر - ئاياللىق مۇناسىۋەت نىكاھ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنمايدۇ.

تارىخنىڭ ئىپتىدائىي دەۋرىدىكى بېكىنمە جەمئىيەتلەردە، نىكاھنى تىزىملاپ خاتىرىلەش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئەمما، تويدىكى گۇۋاھچىلارنىڭ مەزكۇر جەمئىيەتتە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ياشايدىغانلىقى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، نىكاھنى رەسمىيلەشتۈرۈش بولۇپ ھېسابلىناتتى، نىكاھنىڭ قانۇنىيلىقى بۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلاتتى. ئۇنىدىن باشقا، قەبىلە ھۆكۈمدارلىرىنىڭ بۇ نىكاھنى ئېتىراپ قىلىشى ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنىڭ كاپالىتى ئىدى.

جەمئىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ھەم بېكىنمە ھالەتتىن ئۇچۇق جەمئىيەتكە ئايلىنىشى، ئەر-ئاياللارنىڭ جەمئىيەتنىڭ كونتروللۇقىدىن يىراقلىششىنى ۋە ناشايان يوللار بىلەن ئۆزئارا يېقىنچىلىقتا بولۇشىنى، مەۋجۇت ئائىلە ھاياتىنى بۇزۇپ، جۈپتىدىن ئاسانلا ئايرىلىش مۇمكىنچىلىكىنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. سابىق جورىسىنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارغان بۇ ئەھۋال، يېپىق جەمئىيەتنىڭ

ئۆرپ - ئادەتنى ئاساس قىلغان نىكاھ قارىشىغا خىرىس قىلىپ، نىكاھ قانۇنىدا روىخەتكە ئالدۇرۇش پىرىنسىپىنى بارلىققا كەلتۈردى. چۈنكى، ئىنسانلار قەبىلە ھاياتىغا خاتىمە بېرىپ، مىللەتكە ئايلانغان ۋە دۆلەت سۈپىتىدە تەشكىللەنگەن بولۇپ، بۇ تەرەققىياتقا پاراللېل ھالدا، نىكاھ مەسىلىسىمۇ ئوبيېكتىپ قانۇن - نىزاملارغا ئىگە قىلىندى.

گەرچە شاھىت بولۇش ۋە نىكاھنى جامائەتكە جاكارلاش ئادىتى يەنىلا داۋاملاشقان بولسىمۇ، ئەمما بۇنىڭغا يەنە روىخەتكە ئالدۇرۇش شەرتى قوشۇلدى. ئىنسانلارنىڭ بېكىنمە ھالەتتىن قۇتۇلۇشى ئۆلارنىڭ ھەرىكەت دائىرىسىنى تېخىمۇ كېڭەيتكەن بولۇپ، بۇ ھال جەمئىيەتنىڭ كونتروللۇقنى ئاجىزلاشتۇرۇۋەتتى، ھەتتا روىخەتكە ئېلىنمىغان نىكاھ ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغدىيالمايدىغان ھالغا كېلىپ قالدى. مانا بۇ سەۋەبتىن، قۇرئان بارلىق توختاملارنى گۇۋاھچىلار ياكى يازما ھالەتتە روىخەتكە ئېلىش پىرىنسىپىنى يولغا قويۇش ئارقىلىق، قانۇن ساھەسىدە زور ئىنقىلاب ئېلىپ باردى. شۇنىڭدىن تارتىپ، ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى ئايالدىن زىيادە كۆپ، بارغانسىرى ئۇنىڭدىن يىراقلاشقان ئەرنىڭ ئىنسابىغا قالدۇرۇش ئىشى سۇغا چىلاشتى، ئەلۋەتتە. بۇ سەۋەبتىن، دۆلەت ئېتىراپ قىلمىغان نىكاھنىڭ نىكاھ بولىدىغان - بولمايدىغانلىقى ھەققىدە مۇنازىرە ئوتتۇرىغا چىقتى.

قەرز ئېلىش ۋە قۇللارنى ئازاد قىلىشنى يازما ھۆججەت ئارقىلىق ئاساسقا ئىگە قىلىشقا بۇيرۇغان قۇرئان، نىكاھ ئۈچۈنمۇ ئوخشاش پىرىنسىپنى شەرت قىلدى. نۇر سۈرىسى 32 - ئايەتنىڭ بىرىنچى سۆزى ۋە 33 - ئايەتتىكى «ئۇنى يېزىق (خاتىرە) بىلەن يېزىڭلار (فَكَاتِبُوهُمْ)» دېگەن ئىپادىلەر بۇنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### iii. ئىمام نىكاھى – دىنىي نىكاھ

نىكاھ ھەم توختام، ھەم ئۇنىۋېرسال ھادىسە. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئىمام تەرىپىدىن ئوقۇلغان ياكى ئوقۇلمىغان، دىنىي ياكى دىنىي بولمىغان نىكاھ بولمايدۇ. نىكاھنىڭ كىمنىڭ رىياسەتچىلىكىدە ئەمەلگە ئاشۇرۇلغانلىقى مۇھىم ئەمەس. مۇھىم بولغان نۇقتا، ئۇنىڭ قانۇنىي شەرتلەرنى ئادا قىلغان - قىلمىغانلىقى. ئەگەر نىكاھنىڭ دىنىي ياكى دىنىي بولمىغان تۈرى مەۋجۇت دېسەك، ئۇ ھالدا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قايسى نىكاھ بىلەن توي قىلغانلىقى توغرىسىدىكى سوئالغا دۇچ كېلىشىمىز مۇقەررەر. چۈنكى پەيغەمبىرىمىز 25 يېشىدا توي قىلغان بولۇپ، ئىسلام - ۋەھىي ئۇنىڭغا 40 يېشىدا ئاندىن كېلىشكە باشلىغان. ئۇ 15 يىل قايسى نىكاھتا ياشىغان؟ قۇرئان كەلگەندىن كېيىن، بىز ئۇنىڭ نىكاھىنى يېڭىلىغانلىقىنى ئېيتالامدۇق؟ شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ نىكاھى ھەنىف دىنىغا ئاساسەن ئوقۇلغان. بۇنداق بولغاندا، ئوتتۇرىغا مۇنداق سوئال چىقىدۇ: ئەبۇ لەھەب سۈرىسىدە، ئۇلۇغ ئاللاھ ئەبۇ لەھەبنىڭ نىكاھىنى گەرچە ئۇ ھەنىف دىنىدا بولمىسىمۇ قانۇنلۇق دەپ قوبۇل قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئايالىغا «ئايالى» دېگەن سۆزنى ئىشلىتىدۇ. تەھرىم سۈرىسىنىڭ 11 - ئايىتىدە فىرئەۋننىڭ ئايالى ئۈلگە سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن. ھالبۇكى، ھەر ئىككىسى، يەنى ئەبۇ لەھەب ۋە فىرئەۋن كاپىر ئىدى. دېمەك، نىكاھنىڭ قوبۇل بولۇشى ئۈچۈن مۇسۇلمان بولۇشنىڭ ھاجىتى يوق.

بۈگۈنكى كۈندە، دۇنيادىكى غەيرىي مۇسۇلمانلار نەسەب جەھەتتىن نىكاھسىز بولۇپ ھېسابلانمايدۇ. نىكاھنىڭ قانۇنىي

شەرتلىرى ئورۇنلانغاندىن كېيىن، مەيلى چېركاۋ، ئىبادەتخانا ياكى نىكاھ ئىشخانىسىدا بولسۇن، ئادا قىلىنغان نىكاھ رەسمىيەتلىرى نىكاھنىڭ يوللۇق ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، نىكاھنى دىنىي ۋە دىنىي بولمىغان، ئىسلامىي ياكى ئىسلامىي بولمىغان دەپ ئايرىماستىن، بەلكى قانۇنلۇق ياكى قانۇنسىز نىكاھ دەپ ئايرىش ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ.

كېلەچەكتە دۇنياغا كېلىدىغان پەرزەنتنىڭ تەربىيىلىنىشى نۇقتىسىدىن، قۇرئان كەرىم بەقەرە سۈرىسىنىڭ 221 ـ ئايىتىدە مۇشرىك قىز بىلەن تويى قىلماسلىق ۋە مۇشرىك ئوغۇلغا قىز بەرمەسلىكنى بەلگىلىگەن. نۇر سۈرىسىنىڭ ئۈچىنچى ئايىتىدە ئۇنىڭغا زىنانى ئىلاۋە قىلغان. مۆمىن بىلەن مۇشرىك بىرگە بېقىپ چوڭ قىلىدىغان بالىنىڭ تەربىيىسىدە كۆرۈلىدىغان كرىزىس نەزەردە تۇتۇلغانلىقتىن، بۇ پىرىنسىپ بېكىتىلگەن.

بۇلاردىن باشقا، نىكاھنى دىنىي چىقىش قىلىپ ئايرىش توغرا ئەمەس. ھەزرىتى ئائىشەدىن رىۋايەت قىلىنىشىچە، جاھىلىيەت دەۋرىدە تۆت خىل نىكاھ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ بىرى ئىسلام دەۋرىدىمۇ داۋاملاشقان. قۇرئان مەزكۇر نىكاھقا رەسمىيەتلەشتۈرۈش پىرىنسىپىنى ئېلىپ كەلگەن، خالاس. جاھىلىيەت جەمئىيىتىدىكى نىكاھمۇ نىكاھ ھېسابلانغاچقا، بىز ئۇ دەۋردىكى مۇشرىكلارنىڭ نىكاھىنى قانۇنسىز نىكاھ دېيەلمەيمىز. ئېھتىمال، بەزىلەر ئۇنى «ئۆتكۈنچى دەۋر» دەپ ئاتىشى مۇمكىن. ئۇنداقتا، ھازىر ئىككى ئاتېئىست تويى قىلىپ بالىلىق بولسا، بىز بۇ نىكاھنى قانۇنسىز ۋە بۇ بالىنى ھارامدىن بولغان دەپ قارامدۇق؟ ئالايلۇق، ئەگەر بۇ ئاتېئىست ئائىلە ئىسلامنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولسا، ئۇلارنىڭ نىكاھى بۇزۇلامدۇ؟ ئۇ ھالدا بالىنىڭ ئەھۋالى قانداق بولىدۇ؟

بۇگۈن بىز «ئىمام نىكاھ» ئۇقۇمىغا دۇچ كېلىۋاتىمىز. ئېنىقكى، دۆلەت ـ قانۇن ئېتىراپ قىلمىغان نىكاھ نىكاھ ئەمەس. چۈنكى، نىكاھتا ھەر ئىككى تەرەپنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدايدىغان قانۇنىي ئۆلچەم بولۇشى كېرەك. بۇ، پەقەت دۆلەتنىڭ مەزكۇر نىكاھنى ئېتىراپ قىلىشى ئارقىلىق ئاندىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. ئوسمانىيلار دەۋرىدە ئىمامغا نىكاھ ئوقۇش ھوقۇقى بېرىلگەن بولۇپ، دۆلەت ئۇ ئوقۇغان نىكاھنى ئېتىراپ قىلاتتى، ئىماملىق مۇئەسسەسەسى دۆلەتنىڭ ھىمايىسىدا ئىدى. خۇلاسە شۇكى، دۆلەت ئېتىراپ قىلمىغان نىكاھلاردا ئاياللار ئېغىر ناھەقچىلىكلەرگە ئۇچرايدىغان بولۇپ، ئەرنىڭ ئىككى لېۋى ئارىسىدىن ئويلانمايلا چىققان سۆزلەر بىلەن ئۇ ئاياللىنىڭ ھايات گۈلى سولىدۇ.

**vi. چارە نېمە؟**

بۈگۈنكى كۈندە، كىشىلەر رەسمىي نىكاھتىن كېيىن ئىمام نىكاھى ئوقۇتىدۇ. تەڭ مەۋجۇت بۇ ئىككى خىل شەكىلگە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن، يا ئىمام نىكاھ مەمۇرى قىلىپ تەيىنلىنىشى ياكى دۆلەت ئىماملار ئوقۇغان نىكاھنى ئېتىراپ قىلىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، ئىمام نىكاھى بىلەن رەسمىي نىكاھنىڭ پەرقى يوقىلىدۇ. ئەمما، شۇنى بىلىش كېرەككى، دىنىي جەھەتتىن مەدەنىي نىكاھ ئەنئەنىۋى نىكاھقا ئوخشاشلا كۈچكە ئىگە.

## 2) قۇرئان كەرىم تالاق مەسىلىسىدە ئايال كىشىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغدايدۇ

ئاياللارنىڭ ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزىدىغان ئەڭ ناچار قىلمىش ياكى قانۇنىي قاراش ئاجرىشىش مەسىلىسىدە كۆرۈلىدۇ. «ئاجرىشىش»تىن ئىبارەت خۇش كۆرۈلمەيدىغان، ياقتۇرۇلمايدىغان ۋە يامان كۆرۈلىدىغان مەسىلە، ئەسىرلەردىن بۇيان ئاياللارنىڭ ھاياتىنى خۇددى قارا بۇلۇتتەك قاپلاپ تۇردى. شۈبھىسىزكى، ئاجرىشىش بەزى چاغلاردا داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن بولمىغان ياكى ساقايتقىلى بولمايدىغان ئائىلە جاراھەتلىرى ئۈچۈن چىقىش يولى ۋە ھەل قىلىش چارىسى بولسا، يەنە بەزىدە ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىش ۋە نەزەردىن ساقىت قىلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

قۇرئان ئاجرىشىش مەسىلىسىنى قانۇن ساھەسىگە ئېلىپ كىرىپ، ئۇنى ئەر كىشىنىڭ ئىككى لېۋى ئارىسىدا ئالدىراپ چىققان بىر سۆزگە قاراشلىق بولۇش قېلىشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىپ، بۇ مەسىلىدە ئىنقىلاب خاراكتېرلىق ئۆزگىرىش ھاسىل قىلدى. گەرچە قۇرئانى كەرىم بۇ ئىنقىلاب ئارقىلىق جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئاجرىشىش ئۇسۇلىنىڭ ئەرەب مەدەنىيىتى سىڭىپتىدە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا داۋاملىشىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان بولسىمۇ، ئەپسۇسكى، بىز بۇ ئادەتنىڭ يەنىلا ئەرنىڭ ئىككى لېۋى ئارىسىدىن چىقىدىغان سۆزلەر بىلەن داۋام قىلىۋاتقانلىقىغا شاھىت بولىۋاتىمىز. «ئۈچتىن توققۇزغا شەرت بولسۇن، سېنى تالاق قىلدىم» دەيدىغان سۆزنى قىلغان ئەر، ئايالىنى تالاق قىلدى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ئۈچ تالاق بىلەن ئاجرىشىش دەپ ئاتىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى سۆزنى ئۈچ قېتىم تەكرارلىغان ئەر ئايالىنى تالاق قىلغان ھېسابلىنىپ، بۇنداق ئاجرىشىشتا، ئايالنىڭ ھېچقانداق تەرزىدە ئۆزىنىڭ ھەققىنى قوغداش ھوقۇقى بولمايدۇ، قانۇنىي ھىمايە مەۋجۇت بولمىغانلىقتىن، قانۇنسىز مۇئامىلىگە ئۇچرايدۇ.

ئەنئەنىۋى تالاق چۈشەنچىسىدە، ئايالنىڭ خاتالىق سادىر قىلغان ياكى قىلمىغانلىقى مۇھىم ئەمەس. ئەگەر بىر ئەر «ئەمدى تاماكا چەكسەم، ئۈچتىن توققۇزغا شەرت بولسۇن (خوتۇنۇم تالاق بولۇپ كەتسۇن)» دېسە، كېيىن تاماكا چەكسە، ئايالى تالاق بولۇپ كېتىدۇ. پاجىئە شۇكى، ئەسىرلەردىن بۇيان موللا - ئۆلىمالار مۇشۇنداق پەتىۋا بېرىپ كەلدى. يەنى، ئەگەر ئەر كىشى كېيىن پۇشايمان قىلسا، ئۇ ئايالنى قايتۇرۇپ كېلىش ئۈچۈن ھۈللە (شەكلي نىكاھ) بىلەن باشقىلارغا نىكاھلاپ بېرىپ، ئۇ ئەر مەزكۇر ئايال بىلەن بىللە بولۇپ ئۇنى تالاق قىلغاندىن كېيىن، ئاندىن قايتا نىكاھلىنىش يولى بىلەن ئۆز ئايالنى قايتۇرۇپ كېلىدۇ. تارىختىن بۇيان، ھېچقانداق گۇناھى بولمىغان مۇسۇلمان ئايال مانا مۇشۇنداق روھىي ۋە جىسمانىي زىيانكەشلىكلەرگە ئۇچراپ كەلدى.

**i. «ئۈچتىن توققۇزغا شەرت» قانداق كېلىپ چىققان؟**

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئاجرىشىش مەسىلىسىدە سوت جەريانىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: بىر ئايال ئۈچ ئىددەت بىلەن تالاق بولىدۇ. ھەر ئىددەت ئايدا بىر قېتىم بولىدۇ. ئىددەت سوتنىڭ قاراپ چىقىش مۇددىتىنى كۆرسىتىدۇ. دېمەك، ئۈچ ئىددەت توشماستىن ئاجرىشىش ئەمەلگە ئاشمايدۇ. سوتنىڭ دەۋاغا قاراپ چىقىشى ھەر ئايدا بىر قېتىم ئۆتكۈزۈلۈشى كېرەك، ياكى ئاجرىشىش توققۇز ئاي ئىچىدە بىر تەرەپ قىلىنىشى شەرت. يەنى سوتچى ھەر ئۈچ ئايدا بىر قېتىم

ئىسپات ئاڭلايدۇ ۋە توققۇز ئاي ئىچىدە ئۈچ قېتىملىق ئىسپات ئاڭلاشنى ئاخىرلاشتۇرىدۇ. مانا بۇ «ئۈچتىن توققۇزغىچە» ئىپادىسى ئۈچ ياكى توققۇز ئاي ئىچىدە سوتنىڭ ئاجرىشىش داۋاسىنى ئۈچ قېتىم كۆرۈپ چىقىشىنى كۆرسىتىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ خىل ئاجرىشىش شەكلىنى ئەر كىشى ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى سوتچى ـ قازىلار ئۈچۈن بايان قىلغان. ئەر كىشىنىڭ سوتچىنىڭ ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئۆز ئالدىغا ھۆكۈم چىقىرىش ھوقۇقى يوق بولۇپ، ئۇ ھەم سوتچى، ھەم دەۋانى كۆزەتكۈچى، شۇنداقلا مەزكۇر دەۋا تەرەپدارلىرىنىڭ بىرى، ھەم سوتچى بولىدىغان ئەھۋال «ئىپتىدائىي» لىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

**ii. تالاق مەسىلىسىنى بىر تەرەپ قىلىش ھوقۇقىنى قۇرئان كەرىم سوتقا بەرگەن**

قۇرئان، ئائىلىنىڭ ئۆيدىن چىقىرىۋېتىلىشىنى ئەرنىڭ ئىختىيارىدىن ئېلىپ، ئۇنى قانۇنغا تاپشۇرۇپ، قارار چىقىرىش ھوقۇقىنى سوت مەھكىمىسىگە بەرگەن. بۇ مەدەنىي ۋە رادىكال ئۆزگىرىشنى ئۇ قانداق ئەمەلگە ئاشۇرغان؟ بۇ سوئالغا قۇرئاننىڭ ئايەتلىرى بىلەن جاۋاب بېرىش مۇمكىن.

**1) شاھىتلارنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلدى**

نىكاھتا شاھىتلارنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلغان ئىسلام دىنى، ئاجرىشىشتىمۇ شاھىتلارنىڭ بولۇشىنى شەرت قىلدى. شاھىتلارنىڭ گۇۋاھلىقى ـ ئىمزاسى بىلەن قۇرۇلغان ئائىلىنى قانداقمۇ ئەر كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىققان بىر ئېغىز گەپ بىلەن بۇزۇپ تاشلىغىلى بولسۇن؟ شۇڭا، قۇرئان بۇنداق ئىپتىدائىي ئادەتنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، ئاجرىشىشتا شاھىتلارنىڭ

بولۇشىنى شەرت قىلدى.

فَاِذَا بَلَغْنَ اَجَلَهُنَّ فَاَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ اَوْ فَارِقُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ وَاَشْهِدُوا ذَوَيْ عَدْلٍ مِنْكُمْ وَاَقِيمُوا الشَّهَادَةَ لِلّٰهِ ذٰلِكُمْ يُوعَظُ بِهٖ مَنْ كَانَ يُؤْمِنُ بِاللّٰهِ وَالْيَوْمِ الْاٰخِرِ وَمَنْ يَتَّقِ اللّٰهَ يَجْعَلْ لَهُ مَخْرَجاً

«ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشقان چاغدا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يېنىشىڭلار ياكى ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە ئۈزۈلىشىپ كېتىڭلار. ئاراڭلاردىن ئىككى ئادىل كىشىنى گۇۋاھ قىلىڭلار. ئاللاھ ئۈچۈن گۇۋاھ بولۇڭلار. بۇنىڭ بىلەن ئاللاھقا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتقان كىشىگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىنىدۇ. كىمكى ئاللاھ ئالدىدا مەسئۇلىيەتچان بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭغا چىقىش يولى بېرىدۇ» (تالاق سۈرىسى 2 ـ ئايەت).

گۇۋاھچى ـ شاھىت بولۇشنىڭ مەنىسى، ئاجرىشىشنىڭ سوت مەھكىمىسى ئارقىلىق ئېلىپ بېرىلىشى بولۇپ، قۇرئان بۇ گۇۋاھلىقنى شەرت قىلىش ئارقىلىق ئاجرىشىشقا قانۇنىي ئۆلچەم بېكىتتى. يەنى قۇرئان ئاجرىشىش ئەر كىشىنىڭ ئېغىزدىن چىققىدىغان سۆزگە قاراشلىق بولۇشتەك ھالەتكە خاتىمە بېرىپ، بۇ ھوقۇقنى سوت مەھكىمىسىگە بەردى.

تالاق سۈرىسىنىڭ 2 ـ ئايىتىدىكى «ئىككى گۇۋاھچى» زىنادىن باشقا ئاجرىشىشتا بولۇشى كېرەك. زىنا سەۋەبىدىن ئاجرىشىشتا تۆت گۇۋاھچى تەلەپ قىلىنىدۇ. نۇر سۈرىسى 6 ـ ئايەتتە، ئايالىنى زىنا بىلەن ئەيىبلىگەن ئەرنىڭ چوقۇم تۆت گۇۋاھچىنى سوتقا كەلتۈرۈشى شەرت قىلىنغان. ئەگەر ئەر كىشى تۆت گۇۋاھچى ئېلىپ كېلەلمەيدىغان بولسا، ئەر بەش قېتىم قەسەم قىلىدۇ. بەشىنچى قەسەمدە، ئۇ ئاللاھنىڭ لەنىتىنى ئۆزى ئۈستىگە ئالىدۇ. بەزى ئالىملار بۇنىڭ زىناغا بېرىلىدىغان

جازا سەۋەبىدىن ئىككەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، بۇ ئىنتايىن خاتا قاراش. جازا بېرىشتە شەرىئەت ـ قانۇن ئاساس قىلىنىپ، ئاجرىششتا بولسا قانۇن نەزەرگە ئېلىنمايدىغان ئىش بولامدۇ؟ قۇرئان ئاجرىشىش مەسىلىسىدە گۇۋاھچى بولۇشنى شەرت قىلىپ، ئايال كىشىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداشتا مۇھىم ئىنقىلاب ئېلىپ بارغان.

وَالَّذِينَ يَرْمُونَ اَزْوَاجَهُمْ وَلَمْ يَكُنْ لَهُمْ شُهَدَآءُ اِلَّآ اَنْفُسُهُمْ فَشَهَادَةُ اَحَدِهِمْ اَرْبَعُ شَهَادَاتٍ بِاللّٰهِ اِنَّهُ لَمِنَ الصَّادِقِينَ وَالْخَامِسَةُ اَنَّ لَعْنَتَ اللّٰهِ عَلَيْهِ اِنْ كَانَ مِنَ الْكَاذِبِينَ

«ئاياللىرىنى زىنا بىلەن قارىلىغان ۋە ئۆزىدىن باشقا گۇۋاھچىسى بولمىغانلار گۇۋاھلىق سۆزىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى دەلىللەش ئۈچۈن، ئاللاھنىڭ نامى بىلەن تۆت قېتىم قەسەم قىلسۇن. بەشىنچى قېتىمدا: ‹ئەگەر يالغانچى بولسام، ماڭا ئاللاھنىڭ لەنىتى بولسۇن!› دېسۇن» (تالاق سۈرىسى 7 ـ 6 ـ ئايەتلەر).

### 2) ۋەكىللەر بولۇشى كېرەك

زادىلا چىقىشالماسلىق سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئاجرىشىش دەۋاسىدا ئەگەر سوتچى قارار چىقىرىشتا ئىككىلىنىپ قالسا، ئۇ ھالدا ئەر ـ ئايال تەرەپتىن ۋەكىللەر ئۆمىكى قۇرۇپ، يارىشىپ قېلىشنى تەۋسىيە قىلسا بولىدۇ. ئەلۋەتتە، قۇرئان ئېلىپ كەلگەن «ۋەكىل»لەرنىڭ ئورنىنى ھازىر «زاسېداتېللار ئۆمىكى» ئالدى.

ئەجەبا، ئەگەر ئەر ئېغىزىدىن چىقىدىغان بىر سۆز بىلەنلا ئايالدىن ئاجرىشىپ كېتەلەيدىغان بولسا، قۇرئان يەنە نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىش دەۋاسىدا «ۋەكىل»لەرنىڭ رول ئېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ؟ بۇ سەۋەبتىن، ئەر ـ ئايال ئىككى تەرەپتىن تەشكىل تاپىدىغان ۋەكىللەرنى ئاجرىششنىڭ قانۇني ئۆلچىمىنىڭ

يەنە بىر ئاساسى دېيىشكە بولىدۇ.

### 3) سوتچىنىڭ بولۇشى شەرت

نىسا سۈرىسىنىڭ 35 ـ ئايىتى بۇ مەسىلىنى تۆۋەندىكىدەك يورۇتۇپ بېرىدۇ:

وَاِنْ خِفْتُمْ شِقَاقَ بَيْنِهِمَا فَابْعَثُوا حَكَماً مِنْ اَهْلِهٖ وَحَكَماً مِنْ اَهْلِهَا اِنْ يُرِيدَٓا اِصْلَاحاً يُوَفِّقِ اللّٰهُ بَيْنَهُمَاۜ اِنَّ اللّٰهَ كَانَ عَلٖيماً خَبٖيراً

«ئەگەر ئەر ـ ئايال ئىككەيلەننىڭ ئىناقسىز بولۇپ قېلىشىدىن قورقساڭلار، ئەرنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشى ۋە ئايالنىڭ تۇغقانلىرىدىن بىر ھەققانىي كىشىدىن ھەيئەت تەشكىللەڭلار. ئەگەر ئۇلار يارىشىشنى ئويلىسا، ئاللاھ ئەر ـ ئايال ئىككىسىنىڭ ئارىسىغا ئىناقلىق سالىدۇ. ئاللاھ ھەقىقەتەن ھەممىنى بىلگۈچى ۋە ھەممىدىن خەۋەرداردۇر».

بۇ ئايەتتىكى «خىفتۇم (خِفْتُمْ)»، يەنى «قورقساڭلار» ياكى «ئەندىشە قىلساڭلار» ئىبارىسى كىمگە خىتاب قىلىنغان؟ بۇ خىتاب ئەر ـ ئايالدىن باشقا ئۈچىنچى تەرەپكە قارىتىلغان. ئەمەلىيەتتە، ئاجرىشىش دەۋالىرىدا رول ئوينايدىغان ۋە ھەيئەت تەشكىل قىلىشقا مەسئۇل كىشىلەر ئۈچىنچى تەرەپنىڭ دەل ئۆزى ئەمەسمۇ؟

بۇ شەخسلەر جەمئىيەتتىكى خالىغان كىشىلەرمۇ؟ بۇ ئايەتتە «قورقساڭلار» دېيىلگەن كىشىلەر ئاجرىشىش دەۋالىرىغا قارايدىغان قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە شەخسلەر بولۇپ، بۇ قانۇنىي شەخسلەر بولسا، دەل سوتچىلارنىڭ ئۆزى.

نۇر سۈرىسىنىڭ 6 ـ ئايىتىدىكى گۇۋاھلىق ۋە قەسەملەر كىمنىڭ ئالدىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ؟ قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە بولمىغان كىشىلەرگە گۇۋاھچىلار بىلەن ئىسپاتلاش ياكى قەسەم

بېرىشنىڭ نېمە ئەھمىيتى بار؟

نىكاھ قانۇنىدىكى گۇۋاھلىق بېرىش، ھەيئەت تەشكىللەش ۋە قەسەم بېرىش قاتارلىق مۇھىم ئۇقۇملار ئاپتوماتىك ھالدا تالاق مەسلىسىنىڭ سوت مەھكىمىسى ۋە سوتچىلارنىڭ ھۇزۇرىدا بىر تەرەپ قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئان كەرىمنىڭ تالاق مەسلىسىدە مۇشۇنداق ئىنچىكە ھالقىلارنى نەزەردىن ساقىت قىلماستىن تەپسىلي بايان قىلىشىغا قارىماي، مەۋجۇت ئاۋام مەدەنىيىتىدە، تالاقنىڭ پەقەت ئەر كىشىنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان بىر ئېغىز سۆزگە قاراشلىق بولۇپ قېلىشى ئايالـلار ئۈچۈن زۇلۇمغا ئايلانغان. ئائىلە ۋە پەرزەنتكە ئوخشاش ئەڭ مۇھىم ھەم مۇقەددەس ئورگاننى بۇنداق قانۇنسىز، مەسئۇلىيەتسىز ۋە نادان لەۋلەرگە تاشلاپ قويۇش نۇرغۇن زۇلۇملارنى، نۇرغۇن ئائىلىلەرنىڭ ۋەيران بولۇشىنى، شۇنداقلا نۇرغۇن ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بىردەملىك ئاچچىقلانغان ۋاقىتتا ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەن سۆز بىلەن ئايالنى رەنجىتىش، بولۇپمۇ ھۆللە قىلىش ئارقىلىق ئايالنى باشقىلار بىلەن بىللە بولۇشقا مەجبۇر قىلىشنىڭ جاۋابكارلىقىنى زادى كىم ئۈستىگە ئالىدۇ؟ قۇرئاندىن يىراق بولغان پەتىۋالارنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغان ئايالـلار، ئەسىرلەردىن بۇيان ئەرلەرنىڭ ئاغزىدىن چىققان سۆزلەر سەۋەبلىك ئازاب - ئوقۇبەت چېكىپ، ئىنسانىيەتنىڭ خاتالىقى تۈپەيلىدىن بىھۇدە بەدەل تۆلەشكە مەھكۇم بولۇپ كەلدى.

ناۋادا ئەر سوت مەھكىمىسىگە مۇراجىئەت قىلمايلا ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتەلەيدىغان بولسا، ئۇنداقتا ھەزرىتى زەيد بىلەن ھەزرىتى زەينەپ نېمىشقا ئۆز-ئارا ئۈزۈلىشىپ كەتمىگەن؟ (ئەھزاپ سۈرىسى 37 - ئايەت). بۇ ئايەتتىكى ھەقىقەت سوتقا ئىلتىماس

قىلىش ۋە سوتچىنىڭ قارارىنى ئېلىش دىگەنلىك ئەمەسمۇ؟ مەلۇم بولغىنىدەك، ھەزرىتى زەينەپمۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ كەتمەكچى بولغان. شۇنداق تۇرۇپ، ئەر - ئايال نېمىشقا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئالدىغا كەلدى؟ بىز بۇ ئايەتلەرنىڭ ھەممىسىدىن يەكۈنلەپ چىقىدىغان پرىنسىپ مۇنداق: ئۈزۈلۈشىش ئەرنىڭ ئېغىزىدىن چىقىدىغان بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئەمەس، بەلكى قانۇن بىلەن ئەمەلىيلىشىدۇ.

### iii. ئاجرىشىش ھوقۇقى كىمگە بېرىلگەن؟

ئىسلام ئۆلىمالىرى بەقەرە سۈرىسىنىڭ 228 - 229 - ئايەتلىرىنى ئاساس قىلىپ، ئاجرىشىش ھوقۇقىنىڭ ئەر كىشىگە بېرىلگەنلىكىنى ئىلگىرى سۈرىشىدۇ.

وَالْمُطَلَّقَاتُ يَتَرَبَّصْنَ بِاَنْفُسِهِنَّ ثَلٰثَةَ قُرُوٓءٍۜ وَلَا يَحِلُّ لَهُنَّ اَنْ يَكْتُمْنَ مَا خَلَقَ اللّٰهُ فٖٓي اَرْحَامِهِنَّ اِنْ كُنَّ يُؤْمِنَّ بِاللّٰهِ وَالْيَوْمِ الْاٰخِرِۜ وَبُعُولَتُهُنَّ اَحَقُّ بِرَدِّهِنَّ فٖي ذٰلِكَ اِنْ اَرَادُٓوا اِصْلَاحاًۜ وَلَهُنَّ مِثْلُ الَّذٖي عَلَيْهِنَّ بِالْمَعْرُوفِۖ وَلِلرِّجَالِ عَلَيْهِنَّ دَرَجَةٌۜ وَاللّٰهُ عَزٖيزٌ حَكٖيمٌ

اَلطَّلَاقُ مَرَّتَانِۖ فَاِمْسَاكٌ بِمَعْرُوفٍ اَوْ تَسْرٖيحٌ بِاِحْسَانٍۜ وَلَا يَحِلُّ لَكُمْ اَنْ تَأْخُذُوا مِمَّٓا اٰتَيْتُمُوهُنَّ شَيْـٔاً اِلَّٓا اَنْ يَخَافَٓا اَلَّا يُقٖيمَا حُدُودَ اللّٰهِۜ فَاِنْ خِفْتُمْ اَلَّا يُقٖيمَا حُدُودَ اللّٰهِ فَلَا جُنَاحَ عَلَيْهِمَا فٖيمَا افْتَدَتْ بِهٖۜ تِلْكَ حُدُودُ اللّٰهِ فَلَا تَعْتَدُوهَا وَمَنْ يَتَعَدَّ حُدُودَ اللّٰهِ فَاُو۬لٰٓئِكَ هُمُ الظَّالِمُونَ

«تالاق قىلىنغان ئايال ئۈچ ھەيز ئۆتكىچە ئىددەت تۇتىدۇ. ئەگەر ئۇلار ئاللاھقا، ئاخىرەت كۈنىگە ئىشىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ بەچچىدانلىرىدىكى ئاللاھ ياراتقان نەرسىنى (يەنى بالىنى ياكى ھەيزنى) يوشۇرۇشى دۇرۇس ئەمەس. ئۇلارنىڭ ئەرلىرى ئەگەر ئەپلىشىپ قېلىشنى خالىسا، شۇ مۇددەت ئىچىدە ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىشكە (باشقىلارغا قارىغاندا) ئەڭ ھەقلىق. ئاياللىرى ئۈستىدە ئەرلەرنىڭ ھەقلىرى بولغىنىدەك، ئەرلىرى ئۈستىدە ئاياللارنىڭمۇ

ھەقلىرى بار (يەنى ئاياللار مۇۋاپىق دەرىجىدە ھوقۇقتىن بەھرىمەن بولۇشى ھەم مۇۋاپىق دەرىجىدە مەجبۇرىيەتمۇ ئۆتىشى كېرەك). (ئاياللارغا تويلۇق بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش مەجبۇرىيەتلىرى ئەرلەرگە يۈكلەنگەنلىكتىن) ئەرلەر ئاياللاردىن بىر دەرىجە ئۈستۈنلۈككە ئىگە. ھەقىقەتەن، ئاللاھ غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات».

«(قايتا يارىشىشقا بولىدىغان) تالاق ئىككى قېتىمدۇر. ئۇنىڭدىن كېيىن (خوتۇنىنى) چىرايلىقچە تۇتۇش ياكى ياخشىلىق بىلەن (يەنى زۇلۇم قىلماي، يامان گېپىنى قىلماي، كىشىلەرنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرماي) قويۇۋېتىش لازىم. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى (يەنى ياخشى ئۆتەلمەسلىك، ئاللاھ بەلگىلىگەن ئەر - خوتۇنلۇق ھوقۇقلىرىغا رىئايە قىلالماسلىق خەۋپى) بولمىسىلا، ئاياللىرىڭلارغا (تويلۇق ئۈچۈن) بەرگەن مال - مۈلۈكتىن ھەرقانداق نەرسىنى قايتۇرۇۋېلىش دۇرۇس بولمايدۇ. ئەگەر سىلەر ئۇلار (يەنى ئەر - ئايال) نىڭ ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە رىئايە قىلالماسلىقىدىن قورقساڭلار، خوتۇنىنىڭ (تالاق خېتىنى ئېلىش مەقسىتىدە) ئېرىگە مال بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۇ ئىككىسىگە (يەنى ئەر - خوتۇنغا) گۇناھ بولمايدۇ. ئەنە شۇلار ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىدۇر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلماڭلار. ئاللاھنىڭ بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار زالىملاردۇر» (بەقەرە سۈرىسى 229 - 228 - ئايەتلەر).

بىز بۇ يەردىكى ئاجرىشىش ھوقۇقىنى سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى دەپ قارايمىز. قانداق سەۋەب بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئەرنىڭ ھوقۇقى پەقەت سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىش ۋە ئاجرىشىشقا سەۋەب بولغان جىنايەت ئىسپاتىنى سوتقا سۇنۇشتىن ئىبارەت. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 132 - ئايىتىدىكى «ئاياللار

بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندە» ئىپادىسى سوت ئاخىرلاشقاندىن كېيىنكى باسقۇچنى كۆرسىتىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئەر ھەم دەۋاگەر، ھەم سوتچى بولغان بولىدۇ، بۇ توغرا ئەمەس، ئەلۋەتتە. شۇڭا، ئەرنىڭ ئاجرىشىش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسىگە ئىلتىماس قىلىش ھوقۇقى بولغانغا ئوخشاش، ئايالنىڭمۇ ئاجرىشىش ئۈچۈن سوت مەھكىمىسىگە ئەرز قىلىش ھوقۇقى بولىدۇ.

وَاِذَا طَلَّقْتُمُ النِّسَاءَ فَبَلَغْنَ اَجَلَهُنَّ فَاَمْسِكُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍ اَوْ سَرِّحُوهُنَّ بِمَعْرُوفٍۖ وَلَا تُمْسِكُوهُنَّ ضِرَاراً لِتَعْتَدُوا وَمَنْ يَفْعَلْ ذٰلِكَ فَقَدْ ظَلَمَ نَفْسَهُۜ وَلَا تَتَّخِذُٓوا اٰيَاتِ اللّٰهِ هُزُواً وَاذْكُرُوا نِعْمَتَ اللّٰهِ عَلَيْكُمْ وَمَٓا اَنْزَلَ عَلَيْكُمْ مِنَ الْكِتَابِ وَالْحِكْمَةِ يَعِظُكُمْ بِهٖۜ وَاتَّقُوا اللّٰهَ وَاعْلَمُٓوا اَنَّ اللّٰهَ بِكُلِّ شَيْءٍ عَلِيمٌ

«سىلەر ئاياللارنى تالاق قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئىددىتى توشاي دەپ قالغان بولسا، ئۇلار بىلەن چىرايلىقچە يارىشىپ (ئۇلارنى نىكاھىڭلاردا) تۇتۇڭلار ياكى ئۇلارنى ياخشىلىق بىلەن قويۇۋېتىڭلار، زۇلۇم قىلىش مەقسىتىدە ئۇلارنى تۇتۇۋالماڭلار. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن (يەنى كىمكى چىرايلىقچە ئۆي تۇتۇش نىيىتى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئىددىتىنى ئۇزارتىپ زۇلۇم قىلىش نىيىتىدە خوتۇنى بىلەن يارىشىدىكەن)، ئۆزىگە ـ ئۆزى زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىنى ئويۇنغا ئايلاندۇرۇۋالماڭلار، ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ۋە سىلەرگە ۋەز ـ نەسىھەت قىلىش ئۈچۈن نازىل قىلغان كىتابنىڭ ھېكمىتىنى (يەنى كىتابىدىكى ئەھكاملارنى) ياد ئېتىڭلار، ئاللاھقا تەقۋادارلىق قىلىڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ھەر نەرسىنى بىلگۈچىدۇر» (بەقەرە سۈرىسى 231 ـ ئايەت).

ئەگەر بىر ئايال جىنسىي قۇۋۋىتى يوق ياكى روھىي كېسەل ۋە ياكى ئۆيى بىلەن پۈتۈنلەي كارى بولمايدىغان ئەر بىلەن توي قىلغان بولسا، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ بۇنىڭ جاۋابىنى بىز پەيغەمبەر

ئەلەيھسساالامنىڭ ئەمەلىيىتىدە كۆرىمىز. جىنسىي ئىقتىدارى بولمىغان بىر ساھابىنىڭ ئايالى پەيغەمبەر ئەلەيھسساالامنىڭ يېنىغا كېلىپ، بۇ ھەقتە شىكايەت قىلغان. بۇ ئارقىلىق، ئۇ ئايال يۇقىرىقىدەك ئەھۋال ئاستىدا ئاجرىشىپ كېتىش ھوقۇقىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىي كۆرسىتىپ بەرگەن. ئايال بۇ مەسىلىدە ئۆزىنىڭ ھوقۇقىنى ئۆچىنچى تەرەپكە ھاۋالە قىلماستىن، بىۋاستە پەيغەمبەرگە ـ سوتقا مۇراجىئەت قىلىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغدىغان. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەزكۇر ئايال پەيغەمبەر ئەلەيھسساالامنىڭ ئالدىدا ئېرىنىڭ جىنسىي ئاجىزلىقىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئاجرىشىشنى تەلەپ قىلغۇدەك ھوقۇققا ئىگە بولغان ھەمدە ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن.

بۇنىڭدىن خۇلاسە شۇكى، قۇرئان ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىنى قوغداش ئۈچۈن، ئاجرىشىش مەسىلىسىدە كۆپ تەرەپلىملىك قانۇنىي بەلگىلىمە بېكىتىپ، ئەرنىڭ رولىنى تېگىشلىك رامكا ـ دائىرە ئىچىگە ئالغان.

## 3) قۇرئان ۋە كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسلىسى

ئائىلە تۇرمۇشىدا، ئەرنىڭ ئايالىغا كۆڭۈل بۆلمەسلىكى ئەر ـ ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى بۇزۇپ، ئائىلە ھاياتىنى ئاياللار ئۈچۈن چىدىغۇسىز ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدۇ. بىر چاغلاردا قىزنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئۇنىڭغا يېلىنىپ ـ يالۋۇرغان ۋە توي قىلىش تەكلىپى تەستە قوبۇل قىلىنغان بىر يىگىتنىڭ قىز بىلەن توي قىلىپ، مەلۇم زامان ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنى ياقتۇرماسلىقى، ئەلۋەتتە تۈز كورلۇق بولىدۇ. ئېرىنى رازى قىلىش ۋە رەنجىتمەسلىك ئۈچۈن بارلىقىنى ۋە ھاياتىنى ئۇنىڭغا بېغىشلىغان ئايالنى خارلاشقا باشلىغان ئەرلەر ئائىلىنىڭ دوزاخقا ئايلىنىپ قېلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئاياللارنىڭ «كۈنداشلىق» تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ، ئائىلە تۇرمۇشىنى چىدىغۇسىز ۋە بەرداشلىق بەرگۈسىز ھالەتكە كەلتۈرۈشتىن ئىبارەت زۇلۇم ئىنسانىيەت ئاسمىنىنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. نىسا سۈرىسىنىڭ 128 ـ ئايىتىدە ئاللاھ ئەرنىڭ ئايالى بىلەن ئەپ ئۆتەلمەسلىكى ۋە ئۇنىڭ ئايالىدىن يۈز ئۆرۈشى ھەققىدە توختالغان بولۇپ، بۇ مەسىلىدە مۇرەسسە قىلىشنى تەۋسىيە قىلغان. ئايال كىشى ئەرنىڭ كۆڭۈل بۆلمەسلىك مەسلىسىگە دۇچ كېلىپلا قالماي، يەنە «توقال» دەپ ئاتىلىدىغان ئەرنىڭ ئىككىنچى ئايالى مەسلىسىگىمۇ دۇچ كېلىدۇ. زېرىكىش، ياقتۇرماسلىق، مېھىر ـ مۇھەببەت بەرمەسلىك، شۇنداقلا «توقال» بىلەن بىللە ياشاش ئايال ئۈچۈن بارا ـ بارا ئازابقا ئايلىنىدۇ. ئەرنىڭ باشقا ئاياللار بىلەن ئاشىنىدارچىلىق ئوينىشى ئايالنىڭ روھى چۈشكۈنلىكىنى ئاشۇرۇپ، ئۇ ئېلىپ كەلگەن يالغۇزلۇق ھېسسى

ئائىلە تۇرمۇشىنى دوزاخقا ئايلاندۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە، قۇرئاننىڭ بۇ ئەھۋالغا پەرۋا قىلماسلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. شۇڭا، قۇرئان كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش مەسىلىسىنى كۈنتەرتىپىگە ئېلىپ كەلدى. نىسا سۈرىسىنىڭ ئۈچىنچى ئايىتى بۇ مەسىلە ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئايەت مۇنداق:

وَاِنْ خِفْتُمْ اَلَّا تُقْسِطُوا فِي الْيَتَامٰى فَانْكِحُوا مَا طَابَ لَكُمْ مِنَ النِّسَٓاءِ مَثْنٰى وَثُلٰثَ وَرُبَاعَ فَاِنْ خِفْتُمْ اَلَّا تَعْدِلُوا فَوَاحِدَةً اَوْ مَا مَلَكَتْ اَيْمَانُكُمْۜ ذٰلِكَ اَدْنٰٓى اَلَّا تَعُولُواۜ

«ئەگەر يېتىم بالىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلالماسلىقتىن قورقساڭلار، ئۆزۈڭلار ياقتۇرىدىغان ئاياللاردىن ئىككى، ئۈچ ياكى تۆتنى ئېلىڭلار. ناۋادا ئادىل بولالماسلىقىڭلاردىن قورقساڭلار، بىر ئايال بىلەن ياكى قول ئاستىڭلاردىكى چۆرىلەر بىلەن كۇپايىلىنىسەڭلار بولىدۇ. بىر ئايال بىلەن كۇپايىلىنىش زۇلۇم قىلماسلىققا ئەڭ يېقىن».

تۆۋەندە، بىز بۇ ئايەتنى ئۈچ بۆلەككە بۆلۈپ تەھلىل قىلىشقا تىرىشىمىز.

### i. ئايەتنىڭ چۈشۈش سەۋەبى

ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىدا ئايەتنىڭ نېمە ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەنلىكى بايان قىلىنغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دەۋرىدە، يېتىم قىزلارنىڭ بايلىقى ۋە گۈزەللىكىگە قىزىقىدىغان ئۇرۇق - تۇغقانلىرى ئۇلارنى ئەرزان مەھىر - تويلۇق بىلەن نىكاھلايتتى. يېتىم ئاياللارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى قوغدايدىغان ئادەم بولمىغاچقا، ئۇلارغا پەسكەشلىك بىلەن مۇئامىلە قىلىناتتى، نىكاھ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىۋېلىپ، كوچىغا

چىقىرىۋېتەتتى.

بۇ ئايەت مانا شۇ ئادالەتسىزلىككە خاتىمە بېرىش ئۈچۈن چۈشۈرۈلگەن بولۇپ، يېتىم قىزلارغا قىلىنغان بۇ ناھەقچىلىكنى تۈگىتىشنىڭ بىر ئۇسۇلى سۈپىتىدە، يېتىم قىز ھامىيلىرىغا ھۆر ئاياللار بىلەن توي قىلىش تەۋسىيە قىلىنغان. دېمەك، يېتىم قىزلارغا قىلىنغان ئادالەتسىزلىك بۇ ئايەتنىڭ نازىل بولۇشىغا سەۋەب بولغان.

**ii. تەشەببۇس قىلىنمىغان ھالدا ئىجازەت بېرىلىشى**

ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىدا، ئۇلۇغ ئاللاھ ئەرلەرنىڭ ئالاھىدە ئەھۋاللاردا ئىككى، ئۈچ ۋە تۆت ئايالنى ئېلىشىنى مۇۋاپىق دەپ يول قويغان. بىز بۇ شەرتلىك ئىجازەتنىڭ ئارقىسىدىكى ھېكمەتلەرنى تۆۋەندىكىدەك تىزىپ چىقالايمىز:

1) ئىسلامدىن ئىلگىرى ئۇن ئايالى بار ئەرلەر بار ئىدى. قۇرئان بۇنداقلارنى ئەڭ كۆپ بولغاندا تۆت خوتۇنلۇق بولۇش بىلەن چەكلىدى.

2) ئىجتىمائىي رېئاللىق ياكى شارائىت ئەرنىڭ بىردىن كۆپ ئايال بىلەن توي قىلىشىنى تەقەززا قىلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، ئەگەر ئەرلەر ئۇرۇش ۋاقتىدا ئۆلۈپ كېتىپ، ئەر - ئاياللار نوپۇسىدا زور تەڭپۇڭسىزلىق كۆرۈلسە، ئۇ ھالدا كۆپ خوتۇنلۇق بولۇش تىرىكچىلىكنى قامداش ۋە ئىجتىمائىي ئەخلاقنى قوغداش ئۈچۈن چىقىش يولى بولۇشى مۇمكىن.

3) ئايالنىڭ ئۆيلەنمىگەن يەردىن داۋالاش تەس بولغان ياكى تۇغالمايدىغان كېسەللەرگە گىرىپتار بولۇش قاتارلىق ئەھۋاللاردا ئەرنىڭ باشقا ئايال بىلەن توي قىلىشى مۇۋاپىق دەپ قارالغان.

**iii. ئاللاھنىڭ تاللىشى**

كۆپ خوتۇنلۇق بولغان ئەر دۇچ كېلىدىغان ئەڭ قىيىن مەسىلە، ئۇلارغا مۇھەببەت ۋە ئىقتىساد جەھەتتە باراۋەر مۇئامىلە قىلالماسلىق بولغاچقا، ئايەتنىڭ ئۈچىنچى قىسمىدا، ئاللاھ بىر خوتۇنلۇق بولۇشنى تەۋسىيە قىلىدۇ. ئەپسۇسكى، ئايەتنىڭ بىرىنچى ۋە ئۈچىنچى قىسىملىرىنى نەزەردە تۇتمىغانلار ئۆز خاھىشى بويىچە پەتىۋا بېرىدۇ.

ئايەتنىڭ ئىككىنچى قىسمىدىكى كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشقا ئىجازەت بېرىلىشنىڭ شەرتلىرىنى نەزەردىن ساقىت قىلىپ، كۆپ خوتۇنلۇق بولۇشنى ئۆز خاھىشىغا ۋاستە قىلىش قۇرئانغا ئازار بەرگەنلىك ۋە ئىسلامنى خاتا كۆرسەتكەنلىك بولىدۇ. ئەرلەرنىڭ نەپسىنىڭ قۇرئاننىڭ ئالدىغا ئۆتۈشىگە، شۇنداقلا ۋەزىيەتنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن بېرىلگەن رۇخسەتنىڭ سۇيىئىستېمال قىلىنىشىغا خاتىمە بېرىش كېرەك.

## 4) ئايالغا تاياق ئەمەس، گۈل يارىشىدۇ

بۈگۈنكى دۇنيادا ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مائارىپ ساھەسىدە تۈرلۈك ھەم نۇرغۇن مەسىلىلەر ساقلانماقتا. بۇ مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى قوللايدىغانلار بار بولغاندەك، مەزكۇر مەسىلىلەرنىڭ داۋاملىق مەۋجۇت بولۇشىنى ۋە ئۇ مەسىلىلەر بىلەن بىرگە ياشاشنى خالايدىغانلارمۇ بار. ئەمما، بۇ مەسىلىلەردىن باشقا، شۇنداقلا ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ بىر مەسىلە بار، ئۇ بولسىمۇ «ئاياللارنىڭ بەختسىزلىكى».

بىز چۈشەندۈرۈشلىرىمىزنى ئايرىم - ئالاھىدە ئەھۋاللارغا مەركەزلەشتۈرۈشنى خالىمىغانلىقتىن، ئېغىر خاتالىق سادىر قىلىپ جازاغا ئۇچرىغان ئاياللارنى بىر چەتكە قايرىپ قويدۇق. چۈنكى، ناھەق ۋە كىچىك باھانە بىلەن ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغان ئاياللار تېمىمىزنىڭ مەركىزىي نۇقتىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مەن ئىنسانىيەتنىڭ باشلانغۇچ تارىخىدىن بۈگۈنگە قەدەر ئېقىۋاتقان بىر دەرياني كۆرۈۋاتىمەن، بۇ تارىخىي دەريانىڭ سۈيى بىگۇناھ تاياق يېگەن ئاياللارنىڭ كۆز ياشلىرىدىن ھاسىل بولغان. ئىنسانىيەت تارىخىدا «كۆز يېشى دەرياسى» دەپ ئاتالغان بۇ ئېقىن - دەريا ئازاب - ئوقۇبەتلەرنى، دەرد - ئەلەملەرنى، داد - پەريادلارنى، چۇقانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ رەھىمسىز ئەمەلىيەت ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ نەقەدەر مەينەت - پەسكەش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ كۆز يېشى دەرياسى ئەرلەرنىڭ قەلبىدە مۇھەببەت نۇرىنىڭ ئۆچكەنلىكىنى ۋە نەپرەت، يالغانچىلىق ھەم ئاچكۆزلۈك تۇيغۇلىرىنىڭ زەھەرلىك

مېۋىلىك دەرەخنى ياشارتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلۇپ چوڭ بولغان ئەرەب جەمئىيىتىدە كۆز يېشى دەرياسى لىق تولغان بولۇپ، قىز پەرزەنتلەرنىڭ تىرىك كۆمۈپ تاشلىنىشى زۇلۇم دولقۇنىنى يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرگەن ئىدى. قەبرىگە تىرىك كۆمۈلۈپ، ئۇلارنىڭ ئۈستىگە تاشلانغان توپىلار ئاستا - ئاستا بېقىشلىرىنى ۋە يىغا ئاۋازلىرىنى كۆمۈپ تاشلىغان سەبىيلەرنىڭ نالە - پەريادى ئەرشكە ئۆرلەپ، ئۇ يەردىن قۇرئاننى ئېلىپ چۈشتى. بۇ سەۋەبتىن، ئاياللارنىڭ كۆز ياشلىرىنى توختىتىش ئۈچۈن بېسىلغان بىرىنچى قەدەم ئاللاھتىن - ئەرشتىن كەلگەن. قۇرئان ئاياللارنىڭ «قۇياش» ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ، ئىنسانىيەتنىڭ قۇياشىنى ئۆچۈرمەكچى بولغانلارنىڭ جاۋابكارلىققا تارتىلىدىغانلىقىنى ۋە جازاغا ئۇچرايدىغانلىقىنى جاكارلاپ مۇنداق دېدى:

وَاِذَا الْمَوْءُدَةُ سُئِلَتْ بِاَيِّ ذَنْبٍ قُتِلَتْ

«تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن: ‹سەن قايسى گۇناھ ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟› دەپ سورالغان چاغدا» (تەكۋىر سۈرىسى 9 - 8- ئايەتلەر).

بۇ ئايەت بىزگە مۇنۇلارنى دەيدۇ: ئاتىلار قىز پەرزەنتلىرىنى خورلاپ، نېمە ئۈچۈن تىرىك كۆمۈۋەتكەنلىكى ھەققىدە قىيامەت كۈنى جاۋابكارلىققا تارتىلىدۇ. دېمەك، ئاياللارغا قىلىنغان بۇ ئادالەتسىزلىكتىن ئاخىرەتتىمۇ ھېساب ئېلىنىدۇ. چۈنكى، بۇ سوراق ئەرلەرنىڭ ئەمەل دەپتىرىدە قارا داغقا ئوخشاش چوڭ گۇناھ سۈپىتىدە ساقلىنىپ قالىدۇ ۋە ئاخىرەتكىچە ئۆچۈرۈلمەيدۇ.

بۈگۈنكى كۈندە ئاياللار پاناھلىنىش ئورنىدىكى ئازاب - ئوقۇبەتلەرنىڭ ئۈست - ئۈستىگە يىغىلىشى، ئاياللارنىڭ ئۇرۇپ

ـ سوقۇلۇپ كوچىغا چىقىرىۋېتىلىشى ۋە ئىنسىدىن سەرگەردان باللارنىڭ گۇناھلىرى بىلەن ئىنسانىيەت يەنە قەيەرگە بارالايدۇ؟ ئاياللارنى شەھۋەتنى ئۇچۇن سۇيىئىستېمال قىلغانلار، باشقىلارنىڭ قىزلىرىنى ئازدۇرۇپ پاتقاققا تىقىپ قويغانلارنىڭ زۇلمى بىلەن بۇ دۇنيا قانداق نەپەس ئالىدۇ؟ بۈگۈنكى كۈندە ئاياللار تارتقان ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر ۋە ئۇلارنىڭ كۆز يېشى دەرياسىغا تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىغا ھەتتا شەيتانمۇ تاڭ قالىدۇ، شۇڭا شەيتان بۇ مۇۋەپپەقىيىتى بىلەن خۇشاللىقىنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتتى.

ئاياللارنىڭ كۆز يېشى دەرياسى ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى قايغۇ ۋە ئازاب قەبرىسىنى مەنبە قىلىدۇ. ئاياللارنىڭ قەلبى ئۇلار ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان ۋە ئادالىتلىغى بولمايدىغان دەرت ھەم ئازاب ـ ئوقۇبەت مازارلىرى بىلەن تولغان. چۈنكى، ئۇلار قايغۇ ۋە ئازابلىرىنى ھەمىشە باغرىغا باسىدۇ، قەلبىگە دەپنە قىلىدۇ. ئاندىن بۇ ئەلەملەر كۆز يېشى بولۇپ ئېقىپ چىقىپ، كۆز يېشى دەرياسىغا قۇيۇلىدۇ.

ئىنسانىيەتنىڭ ئەر ـ ئاياللىق مۇناسىۋەتتىن كېلىپ چىققان ئېچىنىشلىق مەسىلىلىرى باشقا مەسىلىلەردىن خېلىلا مۇھىم ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، جىددىي ھەل قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ئىنسانىيەت بۇ مەسىلىلەرنى يېشىپ ھەل قىلمىسا ، ئىلاھىي مەرھەمەت ئىنسانىيەتتىن يىراقلىشىدۇ، شەخس ۋە جەمئىيەت بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن، بۇ مەسىلىلەرگە دۇچار بولۇشقا مەھكۇم بولىمىز.

ئاخىرەتتە ئاياللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى سەۋەبىدىن جاۋابكارلىققا تارتىلماسلىق ئۇچۇن، قۇرئان مېھىر ـ مۇھەببەتنى ھەل قىلىش چارىسى دەپ قارىغان، شۇنداقلا گۈل ـ چېچەكلەر دۇنياسىنى ئۇنىڭ ئېپادىسى سۈپىتىدە تونۇشتۇرغان. شۇنداقلا بۇ

چارە ئوتتۇرىغا قويۇلغانـدا، ئەييۇب ئەلەيھىسسالام مىسال قىلىـپ كۆرسـىتىلگەن.

ھەزرىتـى ئەييـۇب ئېغىـر كېسـەل بولـۇپ قالغانـدى. ئـۇ بىتـاپ ۋاقتىدا، ئايالى بەزى ئىشلاردا ئۇنىڭغا قارشى تۇرغان. رىۋايەتلەرگە قارىغانـدا، ھەزرىتـى ئەيـيـۇب كېسـىلى ياخشـى بولغانـدا ئۇنـى ئۇرۇشـقا قەسـەم قىلغان. نەتىجىدە، ھەزرىتى ئەيىيۇب سـاقايغاندىن كېيـىن، ئاللاھ ئۇنـى ئەھدىسـىنى ئورۇنداشـقا بۇيرۇغـان. ئۇنـىڭ ئـۆز ئەھدىسـىنى قانـداق ئادا قىلغانلىقى «سـاد» سۈرىسـىدە بايان قىلىنغـان بولـۇپ، ئايـەت تۆۋەندىكىچـە:

وَخُذْ بِيَدِكَ ضِغْثاً فَاضْرِبْ بِهِ وَلَا تَحْنَثْۜ اِنَّا وَجَدْنَاهُ صَابِراًۜ نِعْمَ الْعَبْدُۜ اِنَّهُٓ اَوَّابٌ

«(ئۇنىڭغا:) ‹قولۇڭ بىلـەن بىـر باغلام چۆپنـى ئېلىـپ، ئۇنىڭ بىلـەن ئۇرغىن، قەسـەمگنى بۇزمىغىن› (دېـدۇق). بىز ھەقىقەتەن ئەيىيۇبنـى سـەۋرچان بايقـدۇق. ئـۇ نېمىدېگـەن ئوبـدان بەنـدە! ھەقىقەتـەن ئـۇ (ئاللاھقا) تـوۋا بىلـەن يۈزلەنگۈچـىدۇر» (سـاد سۈرىسى 44 ـ ئايـەت).

بۇ ئايەتتىن تۆۋەندىكىلەرنى يەكۈنلەپ چىقىشقا بولىدۇ:

**i. جازا شەكلىنى ئۆزگەرتىش**

گەرچـە ھەزرىتـى ئەيىيـۇب ئايالىنى تاياق بىلەن ئۇرۇشـقا قەسـەم قىلغـان بولسـىمۇ، لېكـىن مېھرىبـان ئاللاھ ئۇنـى ئـوت ـ چۆپنـى تاياق ئورنىدا ئىشلىتىشـكە بۇيرۇغان. مەلۇمكى، ئەھدىنىڭ چوقۇم ئەمەلگـە ئاشـۇرۇلغانلىقى ئېنىـق، ئەمما شـەكلى ئۆزگەرتىلگەن.

**ii. سەۋر قىلىش**

ئـەر ـ ئايـال ئوتتۇرىسـىدىكى كۆڭۈلسـىزلىكلەرگە قارىتا ئەرنىڭ

سەۋرچان بولۇشى پەزىلەتنىڭ ئالامىتى بولۇپ، ئاچچىقنى يۇتۇش ۋە كەچۈرۈش ئاللاھ تەرىپىدىن مەدھىيىلەنگەن. «بىز ئۇنىڭ سەۋرچانلىقىنى بايقىدۇق» ئىپادىسى، ھەزرىتى ئەييۇب ئۈچۈن مۇكەممەل ئىنسان بولۇشنىڭ يۇقىرى پەللىسىدىكى ھەرىكەتنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئەييۇب نېمىدېگەن ئوبدان بەندە!» ئىپادىسى، بەندىچىلىكنىڭ گۈزەللىكىگە ئېرىشىش ياكى ياخشى بەندە بولۇش ئۈچۈن ئايالىغا سەۋر بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ.

### iii. بىر دەستە گۈل

ئۇلۇغ ئاللاھ نېمىشقا ھەزرىتى ئەييۇبنىڭ ئەھۋالىنى بىزگە ئېيتىپ بېرىدۇ؟ دېگەن سوئالغا مۇنداق جاۋاب بېرىش مۇمكىن: ئايەتتىكى «بىر باغلام ئوت - چۆپ»نى بۇگۈنكى كۈندە «بىر دەستە گۈل» دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ. دېمەكچى، ئايالىغا ئاچچىقلانغان ئەر ئۆز ئاچچىقىدا يوللۇق بولغان تەقدىردىمۇ، ئەگەر ئۇ ئايالىنى ئۇرماي گۈل تەقدىم قىلسا، ئاللاھ ئۇنىڭغا گۈللەر بىلەن بېزەلگەن جەننەتنى تەقدىم قىلىدۇ. بىز بۇ قىسسەدىن ئېلىشقا تېگىشلىك ئۇچۇر مۇنداق: «ئاياللىرىڭلارنى ئۇرماي، ئۇلارغا بىر دەستە گۈل بېرىڭلار». ئاللاھ بۇ ئىشنى قىلغانلارغا «سەۋرچان»، «پەزىلەتلىك» ۋە «ئاللاھقا يۈزلەنگەن بەندە» دېگەن نامنى بېرىدۇ. ئەگەر سىز ئايالىڭىزنىڭ دىلىنى رەنجىتسىڭىز، ئۇنداقتا، سىز ئاللاھنى رەنجىتكەن بولىسىز. نەتىجىدە، ئايالىڭىزنىڭ كۆزىدىن تۆكۈلگەن ياشلار سىزنى ئاخىرەتتە جازاغا مەھكۇم قىلىشى مۇمكىن.

## 5) ئايال ۋە مائارىپ

ئايال، ئانا ۋە تۇغۇپ چوڭ قىلغۇچىلار ئەڭ ئۇلۇغ مائارىپچىلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ يارىتىدۇ، ئانا ئىككىلەمچى ياراتقۇچى سۈپىتىدە، يارىتىلغان پەرزەنتنى تۇغۇپ دۇنياغا كۆز ئاچقۇزۇش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئانىلارنىڭ ھاياتى - بارلىقى، خىزمىتى ۋە جاپا - مۇشەققىتى بىلەن مائارىپ ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقانلىقى ئايان بولىدۇ. بىر ئانىنىڭ مائارىپقا قوشقان تۆھپىسىنى ھەر قايسى نۇقتىلاردىن مۇھاكىمە قىلىشقا بولىدۇ.

**i. ئانا قورسىقىدا شەكىللىنىش**

قۇرئان تەلىم - تەربىيەنى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، يەنى ئانىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتتىن باشلايدۇ. بۇ باشلىنىش ئىلاھىي تەقدىرنىڭ يۈز بېرىدىغان پەيتى ۋە ئورنىنىمۇ بەلگىلەيدۇ. بۇ ھەقتىكى ئايەت مۇنداق:

هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الْاَرْحَامِ كَيْفَ يَشَٓاءُۜ لَٓا اِلٰهَ اِلَّا هُوَ الْعَز۪يزُ الْحَك۪يمُ

«ئۇ سىلەرنى بەچچىدانلاردا (يەنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ مەبۇد (بەرھەق) يوق. ئاللاھ غالىب ۋە ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچى زات» (ئالئىمران سۈرىسى 6 - ئايەت).

بىر بۇ ئايەتتىكى ئۇقۇملارنى چۈشەندۈرۈپ ئۆتۈشنى زۆرۈر دەپ قارايمىز.

1) ئايەتتىكى «ئەرھام (اَرْحَام)» كەلىمىسى رەھىم ـ بالاياتقۇ سۆزىنىڭ كۆپلۈك شەكلى بولۇپ، بۇ كەلىمە «ئانا قورسىقى»، «ئانا رەھمى ـ بالاياتقۇسى» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. رەھىم كەلىمىسى «رەھمەت» سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان بولۇپ، دېمەك، پەرزەنت تۆرىلىپ چوڭ بولغان ئانا قورسىقى رەھمەت، يەنى مەرھەمەت كەلىمىسىدىن كېلىپ چىققان ئاللاھنىڭ رەھىم دېگەن ئىسمى بىلەن ئاتالغان. ئانىنىڭ پەرزەنتىگە مەرھەمەت بىلەن مۇئامىلە قىلىشى ۋە ئوخشاش رەھىمدىن تۇغۇلغان قېرىنداشلارنىڭ ئۆزئارا مېھىر ـ شەپقەتلىك بولۇشى، دەل شۇ پەرزەنتلەر تۆرەلگەن ئانا قورسىقىدىن كەلگەن. رەھىمدىللىك دېگەن قىممەت، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى «بىز»دىن باشلىنىدىغان ۋە ئۇ يەردىن پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە سايە تاشلايدىغان بۈيۈك دەرەخكە ئوخشايدۇ.

2) «تەسۋىر»نىڭ مەنىسى «شەكىللەندۈرۈش» بولۇپ، تەسۋىر مەلۇم نەرسىگە سۈرەت ۋە شەكىل بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىزنىڭ بىئولوگىيىلىك ئەزالىرىمىزنى شەكىللەندۈرۈش بىلەن بىللە، بىزنىڭ پسىخولوگىيىلىك ئالاھىدىلىكىمىزنى بەلگىلىك ئۆلچەم ۋە پىلان بويىچە، يەنى مەلۇم تەقدىرگە ئاساسەن، ئانىنىڭ قورسىقىدىلا شەكىللەندۈرىدۇ، بىرلەشتۈرىدۇ، شۇنداقلا ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرىدۇ. ئاللاھ بۇ شەكىللەندۈرۈش يۈز بەرگەن جاينى رەھىم ـ شەپقەتتىن كەلگەن «رەھىم» دېگەن ئىسىم بىلەن ئاتىغان. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ بىزنى رەھىم ـ شەپقەت تەجرىبىخانىسىدا يۇغۇرۇپ شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ئېيتالايمىز. شۇڭا، ئىنسان رەھىم ـ شەپقەت خېمىرى بىلەن يۇغۇرۇلغان.

مائارىپ ئىنساننىڭ مىجەزىنى شەكىللەندۈرۈشنى بىلدۈرىدىغان

ئىلىم، يەنە كېلىپ تۇنجى ئىلاھىي تەربىيە باشلانغان ۋاقىت ۋە ماكان ئانىنىڭ رەھمى بولغاچقا، ئانىنىڭ ۋۇجۇدى ئىلاھىي تەقدىر نامايان بولىدىغان ۋە ئىلاھىي تەربىيە باشلىنىدىغان جاي، يەنى باشلانغۇچ مەكتەپ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

### ii. ئانا قورسىقىدىكى ئوزۇقلۇق

بىر ئانا بالىسىنى قېنى ۋە جېنى بىلەن ئوزۇقلاندۇرىدۇ. بەدىنىمىزنىڭ ھەربىر ھۈجەيرىسىدە ئانىمىزنىڭ بىر پارچىسى، تومۇرىمىزدا ئېقىۋاتقان قېنىمىزدا ئانىمىزنىڭ قېنى، خاراكتېرىمىزدە ئۇنىڭ پىسخىكىسى بار. ئىنسان روھى ئانىمىزنىڭ قورسىقىدا بىزگە پۈۋلىنىدىغان بولۇپ، ئانا ئىككى روھنى بىللە ئېلىپ يۈرىدۇ. ئوزۇقلىنىش جەريانىدا، ئانا يېگەن ھالال ياكى ھارام لوقمىلار بىزنىڭ خاراكتېرىمىزگە تەسىر كۆرسىتىدۇ. نىسا سۈرىسىنىڭ 10 ـ ئايىتىدە ھەممىگە قادىر ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

اِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ اَمْوَالَ الْيَتَامٰى ظُلْماً اِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَاراًۜ وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيراً

«زۇلۇم قىلىپ يېتىملەرنىڭ مال ـ مۈلكىنى (ناھەق) يەۋالىدىغانلار، شۈبھىسىزكى، قورسىقىغا لاۋۇلداۋاتقان ئوتنى يەۋالغان بولىدۇ. ئۇلار يېنىپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ».

ھارام لوقما يېگەن كىشى، ئەمەلىيەتتە لاۋۇلداۋاتقان ئوتنى يېگەن بولىدۇ. ئوت بولغان لوقمىدىن پەقەت ئوتنىڭ بالىسى تۇغۇلىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھارام لوقما ئەۋلادلارنىڭ ئالىيجانابلىقىنى بۇزىدۇ، ياشلارنىڭ پەزىلىتى ۋە ئەخلاقىنى ئوتقا ئوخشاش كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرۇۋېتىدۇ. ياشلاردا كۆرۈلگەن مەسىلىلەردىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرى، ھەممىدە ئەڭ مۇھىمى ھارام لوقمىدىن ئىبارەت.

وَالْبَلَدُ الطَّيِّبُ يَخْرُجُ نَبَاتُهُ بِاِذْنِ رَبِّهٖ وَالَّذ۪ي خَبُثَ لَا يَخْرُجُ اِلَّا نَكِداًۜ كَذٰلِكَ نُصَرِّفُ الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَشْكُرُونَ۟

«مۇنبەت يەرنىڭ گىياسى ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن تولۇق ئۈنىدۇ، شور تۇپراقنىڭ گىياسى زىيانلىق بولىدۇ. شۈكۈر قىلىدىغان خەلق ئۈچۈن ئايەتلىرىمىزنى مۇشۇنداق شەكىللەردە بايان قىلىمىز» (ئەئراف سۈرىسى 58 ـ ئايەت).

راغىب ئەل ئىسفاھانى بۇ ئايەتتىكى «مۇنبەت يەر / پاكىز شەھەر» ئۇقۇمىنى ھالال يېمەكلىك ۋە سۈت بىلەن چوڭ بولغان ئائىلىگە ئوخشىتىدۇ، بۇنداق ئائىلىدىن تۇغۇلغان بالا ئاللاھنىڭ ھىمايىسى بىلەن ئۆسۈپ يېتىلىدۇ؛ «شور تۇپراق / قاقاس يەر» ئۇقۇمى بولسا، ھارام لوقما يەپ چوڭ بولغان ئائىلىگە ئوخشىتىلغان بولۇپ، بۇنداق ئائىل تۇغقان بالا جەمئىيەتكە تىكەن بولىدۇ.

بۇ ئايەتنى نەزەردە تۇتقاندا، ئانىلار بالىلىرىغا ھارام لوقما ۋە ھارام سۈت بەرمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئاتا ـ ئانا بولغۇچى رەھىم ـ شەپقەت ئۇقۇمىدىن كەلگەن رەھمىنى، يەنى بالاياتقۇنى دوزاختا ئايلاندۇرماسلىق ئۈچۈن ئىنتايىن دىققەت قىلىشى كېرەك.

### iii. ئانا سۈتى بىلەن ئوزۇقلىنىش

ئانا سۈتىنىڭ سالامەتلىككە بولغان ئەھمىيىتىنى پۈتۈن دۇنيا قوبۇل قىلىدۇ. بىئولوگىيە ۋە ساغلاملىق جەھەتتە، ئانا سۈتىنىڭ ئوزۇقلۇق قىممىتى بولۇپلا قالماي، يەنە مىكروبلاردىن مۇداپىئەلىنىش رولىمۇ بار.

ئانا سۈتى پىسخىكا جەھەتتىن بالىنىڭ خاراكتېرىنىڭ

ئاساسىنى تىكلەيدۇ ۋە ئۇنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئەگەر بۇ خىل شەكىللەندۈرۈش بولمىغان بولسا ئىدى، ئىمىكئانىنىڭ ئىمتىش ئارقىلىق بالىنىڭ ئانىسى بولۇشى مۇمكىن بولمايتتى. «ئىمىكئانا» ئۇقۇمى بىزگە ئانا سۈتىنىڭ نەقەدەر مۇھىم، ھەل قىلغۇچ ۋە خاراكتېر شەكىللەندۈرگۈچى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇ ئەھمىيىتى نەزەردە تۇتۇلغاندا، سۈتنىڭ ھالال ياكى ھارام بولۇشىنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. ھالال سۈت بىلەن بېقىلغان بالىنىڭ تەربىيەسى بىلەن ھارام سۈت بىلەن بېقىلغان بالىنىڭ تەربىيەسىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەر ۋە ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش جەھەتتىكى پەرقىنى نەزەردىن ساقىت قىلماسلىقىمىز كېرەك. «كۆكسۈمنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ» دەپ بالىلىرىغا سۈت بەرمەيدىغان ئانىلار، ئەمەلىيەتتە بالىلىرىغا ساغلاملىق ۋە خاراكتېر جەھەتتە زىيانكەشلىك قىلغان بولىدۇ. ئادەمنى ئادەم قىلغان مۇھىم باسقۇچلارنىڭ بىرى سۈت ئىمىش مەزگىلى بولۇپ، قۇرئان بۇ مۇددەتنى « تولۇق ئىككى يىل» دەپ بېكىتكەن (بەقەرە سۈرىسى 233 ـ ئايەتكە قاراڭ).

**vi. ئانا قورسىقىدىكى «ئەلەست بەزمى»**

«ئەلەست بەزمى» ئۇقۇمى ئەئراف سۈرىسىنىڭ 172 ـ ئايىتىدىن كەلگەن بولۇپ، بۇ ئۇقۇم ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە مائارىپىدا ئورۇن ئالغان. «بەزم» «مەجلىس» دېگەنلىك بولسا، «ئەلەست» «مەن ئەمەسمۇ؟» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بەزمى ئەلەست، يەنى ئاللاھنىڭ «مەن سىنىڭ رەببىڭ ئەمەسمۇ؟» دېگەن سوئالىغا جاۋابەن روھلار: «شۇنداق، سەن بىزنىڭ رەببىمىز!» دېگەن. بۇ سوئاللار ئايەتتە تىلغا ئېلىنغانلىقى ئۈچۈن توغرا، ئەمما ۋاقىت ۋە ماكان ھەققىدىكى تەپسىر، شەرھلەر توغرا ئەمەس. چۈنكى، مەزكۇر ئايەتنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، بۇ

سوئاللارنىڭ ھەزرىتى ئادەم يارىتىلغاندىن كېيىن، ئەمما ئۇنىڭ باللىرى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن سورالغانلىقى بايان قىلىنغان. بۇ ئايەت تۆۋەندىكىچە:

وَاِذْ اَخَذَ رَبُّكَ مِنْ بَنٖي اٰدَمَ مِنْ ظُهُورِهِمْ ذُرِّيَّتَهُمْ وَاَشْهَدَهُمْ عَلٰى اَنْفُسِهِمْ اَلَسْتُ بِرَبِّكُمْ قَالُوا بَلٰى شَهِدْنَا اَنْ تَقُولُوا يَوْمَ الْقِيٰمَةِ اِنَّا كُنَّا عَنْ هٰذَا غَافِلٖينَ

«ئۆز ۋاقتىدا رەببىڭ ئادەم باللىرىنى ئۇلارنىڭ ئاتىلىرىنىڭ پۇشتىدىن چىقاردى ۋە ئۇلارنى ئۆزلىرىگە گۇۋاھ قىلىپ: ‹مەن سىلەرنىڭ رەببىڭلار ئەمەسمۇ؟› دېدى. ئۇلار: ‹ھەئە، سەن بىزنىڭ رەببىمىزسەن، بۇنىڭغا گۇۋاھلىق بەردۇق› دېدى. (بۇنداق قىلىشىمىز) قىيامەت كۈنى ئۇلارنىڭ: ‹بىز بۇنىڭدىن غەپلەتتە قالغانىكەنمىز› دېمەسلىكلىرى ياكى ‹ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز ئىلگىرى شېرىك كەلتۈرگەنىدى، بىزنىڭ پەقەت ئۇلارنىڭ ئەۋلادى بولۇپ قالغان يېرىمىز بار، گۇمراھلارنىڭ قىلمىشلىرى تۈپەيلىدىن بىزنى ھالاك قىلامسەن؟› دېمەسلىكلىرى ئۈچۈندۇر» (ئەئراف سۈرىسى 172 ـ ئايەت).

دېمەك، «ئەلەست بەزمى» ئىنسانىيەت يارىتىلىشتىن بۇرۇن بولغان ئەمەس، ئەكسىچە، بالا ئانىنىڭ قورسىقىدا يارىتىلىپ تېخى تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، ئاندىن بۇ سوئال بالىنىڭ روھىدىن سورىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، «ئەلەست بەزمى» ئىنسان روھىنىڭ ئاللاھنى قوبۇل قىلىدىغان شەكىلدە پروگراممىلىنىشىنى بىلدۈرىدۇ. قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، «ئەلەست بەزمى» ئانىنىڭ قورسىقىدا ئەمەلگە ئاشۇرۇلىدۇ، دەپ قارىلىدۇ. دېمەك، ئانا پۈتۈن بەدىنى ۋە ھەرىكىتى بىلەن ئىنساننىڭ باشلانغۇچ مەكتىپى بولغاچقا، بالا بارلىق خاراكتېرىنى ئۇنىڭدىن ئالىدۇ.

ئەلۋەتتە، ئانىنىڭ ھايات ۋاقتىدا بالىسىغا نېمىلەرنى

قىلغانلىقىنى ئويلىساق ۋە بىرمۇ بىر كۆز ئالدىمىزدىن ئۆتكۈزسەك، ئەنە شۇ ۋاقىتتا روھىمىز قورىنىدۇ، ھەممە ئۇنىڭ تەلىم - تەربىيە جەھەتتە تۇتقان سالمىقىنى ئېنىق ھېس قىلىپ يېتىمىز. شۇڭا، ئۆزىنىڭ قىپقىزىل قېنى، ئەزىز جېنى ۋە پاك - پىداكار روھى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى تۇغدىغان ۋە ئۆستۈرىدىغان ئانىلار ئۈچۈن مەيلى نېمىلا قىلساق يەنىلا ئازلىق قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دۇئالىرى بىز ئۈچۈن جەننەتكە ۋەسىلە بولسا، لەنەتلىرى بىز ئۈچۈن دوزاخقا ۋاستە بولىدۇ.

# ئىككىنچى باب

## مېھرى - مۇھەببەت

# 1. مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتى ۋە مائارىپ

## 1) مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇملار

بۈگۈنكى دۇنيا ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان قىممەت قاراشلارنىڭ بىرى، كىشىلەرنى ئاللاھ بىلەن ۋە ئۆزئارا باغلايدىغان مېھىر ـ مۇھەببەت ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەرنىڭ مۇھەببەت تۇيغۇسى ئۇزۇندىن بېرى پەرۋىشسىز قالغان بولۇپ، كۆڭۈل بۆلمەسلىك سەۋەبىدىن ياۋا ئوتلار بېسىپ كەتكەن تۇپراققا ئايلىنىپ قالدى. مۇھەببەتنى تايانچ قىلغان كۈلتۈر ۋە مەدەنىيەت بەرپا قىلغان ئىنسان، بۇ تەرىپى بىلەن ھايۋانلاردىن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. مۇھەببەت رىشتىسى بىلەن كۈلتۈر يارىتىدىغان كىشىلىك مۇناسىۋەت قاتتىق، قوپال، جانسىز ۋە رەھىم ـ شەپقەتسىز بولمايدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت ئىدېئولوگىيە، جامائەت ۋە مەزھەپلەرنىڭ جەمئىيەتنى بىر ـ بىرىگە دۈشمەن لاگېرلارغا ئايرىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان مېخانىزملارنىڭ بىرى. شۇڭلاشقا، مۇھەببەت ئۇقۇمى ئۆزى ئىچىگە ئالىدىغان بارلىق مەزمۇنى بىلەن تەتقىق قىلىشقا ئەرزىيدىغان مۇھىم قىممەت ـ قاراش. بىز ئۇنى ھېسسىياتنىڭ ئانىسى دەپمۇ ئاتايمىز.

**ھۆب.** مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدىغان بۇ كەلىمە سۆز بايلىقى ئەڭ مول بولغان ئەرەب تىلىغا مەنسۇپ. مۇھەببەتنى تەسۋىرلەشكە تىلنىڭ ئاجىز كېلىدىغانلىقى بىر ھەقىقەت. شۇنداقتىمۇ،

مۇھەببەتكە ناھايىتى قىزىقارلىق ئىنىقلىما بەرگەن ۋە چۈشەندۈرگەن مۇتەپەككۇرلارمۇ بولغان. سۆيگۈ، «مۇھەببەت» ئۇقۇمى تۈرلىنىپ چىققان «ھۇب» سۆزىنىڭ مەنىسى بولۇپ، «ھۇب»تىن تۈرلىنىپ چىققان ھاب كەلىمىسى «بۇغداي، ئارپا ۋە ئۈزۈم دانىسى»نى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سۆز يەنە «مۆلدۈر دانچىسى» دېگەن مەنىنىمۇ بىلدۈرىدۇ. «ھەربىر ئۆسۈملۈك ۋە مېۋە - چېۋىلەرنىڭ دانىسى ۋە ئۇرۇقى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھاب سۆزى تۈرك تىلىدا «مۇھەببەت»نى ئىپادىلەيدۇ.

«يۈرەكتىكى يىغىلىپ قالغان قان» ھاببەتۇل - قەلب دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ ئىپادە بىراۋنىڭ باشقا بىرىنى ياخشى كۆرۈپ، يەنى ئاشىق بولۇپ قېلىشى ئۈچۈنمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بىر ئادەمنىڭ قەلبىنىڭ قېنى قارشى تەرەپنىڭ قېنىغا ئۇرۇلدى، يەنى ئۇنىڭغا ئاشىق بولۇپ قالدى. باشقىچە ئېيتقاندا، بىراۋ قارشى تەرەپتىكى جەۋھەرنى ياقتۇرۇپ قالدى، دېگەنلىك بولىدۇ. ئەگەر بىز بۇ مەنىنى چىقىش قىلساق، مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان ھاببەنىڭ «قەلبىنىڭ ئوتتۇرىسى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقىنى چۈشىنىپ يېتىمىز.

ئۆسۈملۈكلەرنىڭ «ئۇرۇقى» ۋە «دانلىرى» نى ئىپادىلەيدىغان مۇھەببەت ئۇقۇمى بۇ مەنىلەر نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، مائارىپ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئۇرۇق ۋە دان ئۆسۈملۈكلەرنىڭ جەۋھىرىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئۇرۇق ئىچىدىكى مېغىز ئۆسۈملۈكلەرنىڭ پىلانىنى، يەنى تەقدىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن بولۇپ، مېغىز مەزكۇر ئۆسۈملۈكنىڭ قانداق ئۆسۈملۈك بولىدىغانلىقىنى ۋە قانداق مېۋە بېرىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. ئۇرۇق مۇنبەت تۇپراققا تېرىلغاندا، ئۇ ئىچىدىكى تەقدىرنى ئوتتۇرىغا چىقىرىپ، نېمە ئىكەنلىكىنى كىشىلەرگە نامايەن قىلىدۇ.

مېھىر ـ مۇھەببەتمۇ كىشىلەرنىڭ جەۋھىرى ـ ماھىيىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسانىيەتنىڭ تەقدىرى ۋە كەلگۈسى ئەنە شۇ جەۋھەردە مەۋجۇت. ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى، تىنچلىقى ۋە ئىشەنچىسىنى ئاشۇرىدىغان يوشۇرۇن كۈچ دەل سىغىنىشلىق مۇھەببەتكە يوشۇرۇنغان. مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان ئۇرۇق ئۆچۈن ئۆسۈپ يېتىلىدىغان ۋە ئۆزىدىكى جەۋھەرنى ئاشكارا قىلىدىغان مائارىپ مۇھىتى بەرپا قىلىش ھەممىدىن مۇھىم. ئۇرۇق ۋە دانىسىز ئۆسۈملۈك تۇرلىرى بولمىغاچقا، مېھىر ـ مۇھەببەتسىز كىشىنىڭ سالامەتلىكى، مەدەنىيىتى، يېتىلىشى ۋە خۇشاللىقى مەۋجۇت بولمايدۇ. ئەگەر ئىنسانىيەت ئۈچۈن مەدەنىيەت، پىشىپ يېتىلىش ۋە خۇشاللىق ئىزدىسەك، ئۇنداقتا كىشىلەرنىڭ قەلبىگە مۇھەببەت ئۇرۇقى چېچىش، سۇغىرىش ۋە يېتىشتۈرۈش كېرەك. چۈنكى، بەخت دەرىخى كىشىلەرنىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت ئۇرۇقىدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئاساس قىلمايدىغان ۋە ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئاداققى نىشانغا ئايلاندۇرالمايدىغان مائارىپ ئۇرۇقتىن، داندىن ۋە جەۋھەردىن يوقسۇل دېگەنلىك بولىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت قىممەت ـ قارىشىنى سىڭدۈرمەيدىغان مائارىپ كىشىلەرنىڭ قەلبىنى، بولۇپمۇ ياشلارنىڭ قەلبىنى قاقاس چۆلگە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.

خۇددى ئۇرۇق تېرىمىغان دېھقان ھوسۇل ئالالمىغاندەك، مېھىر ـ مۇھەببەتتىن مەھرۇم مائارىپمۇ ھەقىقىي ئىنسان يېتىشتۈرۈپ چىقالمايدۇ. بۇ مەنىلەر چىقىش قىلىنغاندا، مېھىر ـ مۇھەببەت جەۋھەر، ئۇرۇق، مېغىز ۋە ماھىيەتنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، كېلىڭلار، ئىنسانىيەت باغچىسىغا مۇھەببەت ئۇرۇقىنى بىرلىكتە تېرىيلى. چۈنكى، ئەنە شۇ ۋاقىتتا ئاندىن ئاداۋەتنىڭ ئۇرۇقى مۇھەببەت رىشتىسى ئارىسىغا كىرەلمەيدۇ ۋە ھېچكىم كىشىلەرنىڭ خۇشاللىقىنى گۆرۈگە ئالالمايدۇ.

**مۇھەببەت.** تۈركچىمىزگە ئۆتكەن يەنە بىر سۆيۈملۈك ئۇقۇم «مۇھەببەت» بولۇپ، «ساپ» ۋە «سۈزۈلگەن» مەنىنى بىلدۈرىدىغان بۇ سۆز، «مەنپەئەتنى ئاساس قىلمىغان، ساپ ۋە سەمىمىي سۆيگۈ»نى ئىپادىلەيدۇ.

ئىنسان روھىنى ساپلاشتۇرغانلىقى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتلەرنى پاك ھەم ياخشى نىيەت ئۈستىگە بەرپا قىلغانلىقى ئۈچۈن، مۇھەببەت يۇقىرىقى مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن، گەرچە سۆيگۈ ھېسسىيات ھېسابلانسىمۇ، ئەمما مېھىر - مۇھەببەت تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك ئىجتىمائىي مەنىگە ئىگە. سۆيگۈ دېگەن ھېسسىيات كىشىنىڭ قەلبىدىن بىخ ئۇرۇپ چىقىپ، ئىجتىمائىي ھاياتتا شاخلانغاندا، ئۇ مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پۈتكۈل يامان نىيەتلەردىن خالىي بولغان ئاساسقا ئىگە قىلىدۇ. ماددىي كىرلارنى تازىلايدىغان سۇنىڭ ئورنىنى مائارىپ ساھەسىدە سۆيگۈ، يەنى مېھىر - مۇھەببەت ئالىدۇ. ئىككى ھىدروگېن ئاتومى ۋە بىر ئوكسىگېن ئاتومىدىن ھاسىل بولغان سۇنىڭ تازىلاش رولىنى، مەنىۋى ساھەدە مېھىر - مۇھەببەت ئادا قىلىدۇ. خۇددى يات ماددىلاردىن تازىلانغان سۇ قان تومۇرغا ئوكۇل قىلىنغاندا كىشىلەرنى زەھەرلىمىگەندەك، مەنپەئەت ۋە يامان غەرەزدىن خالىي بولغان مېھىر - مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان سۆيگۈمۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىگە ۋە مۇناسىۋىتىگە ئوكۇل قىلىنغاندا ئۇلارنى زەھەرلىمەيدۇ.

«قاتتىق يامغۇردىن شەكىللەنگەن كەلكۈندىكى سۇ كۆپۈكچىلىرى» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھۇباب سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان «مۇھەببەت» سۆزى، «مەشۇقنى كۆرۈشكە ئىنتىلگەن كىشىنىڭ ھاياجان» ىنى كۆرسىتىدۇ.

دېمەك، «سۇ» مۇھەببەت ئۇقۇمىنىڭ يادروسى بولۇپ،

كىشىنىڭ كىشىگە بولغان مۇھەببەت جۇشقۇنلىقىنىڭ ئىسمىمۇ مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، يامغۇردىن پەيدا بولغان سەل تېز سۈرئەتتە دېڭىزغا يېتىپ بارماقچى بولىدۇ. ئوخشاشلا، مۇھەببەتكە تولغان قەلبمۇ كىشىلەر بىلەن جەم بولۇشقا ئىنتىلگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ مەنىگە ئىگە بولغان.

بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، مۇھەببەت رەھىم - شەپقەت بولۇپ، سۇ دەپ ئاتىلىدىغان رەھمەت يامغۇر ياغقاندا، يەر يۈزى يېشىللىققا پۈركىنىپ ۋە جانلىنىپ بەرىكەت پەيدا بولىدۇ. مۇھەببەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى يېشىللاشتۇرىدۇ، جانلاندۇرىدۇ ۋە بېيىتىدۇ. مېھىر - مۇھەببەت بولغان يەردە جەزمەن ھاياتلىق، مولچىلىق ھەم ھۇزۇر بولىدۇ.

سۆيگۈ، تاھا سۈرىسىنىڭ 39 - ئايىتىدە مۇھەببەت شەكلىدە تىلغا ئېلىنغان:

... وَأَلْقَيْتُ عَلَيْكَ مَحَبَّةً مِنِّي وَلِتُصْنَعَ عَلَى عَيْنِي

«... مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تەربىيىلىنىشىڭ ئۈچۈن، ساڭا مەن تەرەپتىن بولغان سۆيگۈ (مۇھەببەت)نى سالدىم».

مۇسا پەيغەمبەرنىڭ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇنىڭغا ئۆز تەرىپىدىن مۇھەببەت ئاتا قىلغان. بۇ دېگەنلىك:

1) مېھىر - مۇھەببەت سەۋەبلىك، ھەزرىتى مۇسانىڭ دۈشمىنى فىرئەۋن مۇسانى ئۆز ئوردىسىدا بېقىپ چوڭ قىلغان. مېھىر - مۇھەببەت دۈشمەننى دوست كۆرسىتىدۇ، يەنى دوست قىلىدۇ. ئەگەر سۆيگۈ - مۇھەببەت بولمىغان بولسا ئىدى، ھەزرىتى مۇسانىڭ فىرئەۋنىنىڭ ئوردىسىدا چوڭ بولالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

2) سۆيگۈ ـ مۇھەببەت مائارىپىنىڭ تۈۋرۈكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ياخشى كۆرمىگەن ئادەمنى تەربىيىلىگىلى بولمايدۇ. بالىلارغا بولغان مۇھەببەت، ئوقۇغۇچىلارغا بولغان مۇھەببەت مائارىپنى جەلپكار قىلىدىغان بولغاچقا، بالىنىڭ تەربىيىلىنىشىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنى بەرداشلىق بەرگىلى بولىدىغان ھالغا كەلتۈرىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت مائارىپنىڭ جاپا ـ مۇشەققەتلىرىنى خۇشاللىققا ئايلاندۇرىدۇ.

دۈشمەننى دوست قىلالايدىغان دەرىجىدە چوڭ ئۆزگىرىش ھاسىل قىلالايدىغان سۆيگۈ، يەنى مۇھەببەت مائارىپنىڭ يولىنى ئېچىپ، نىشانغا قاراپ ئىلگىرىلەشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا ئۇنۇمدارلىقنى ئاشۇرۇپ، ئۇنى ئىشتىياققا ئايلاندۇرىدۇ، ئۇنىڭ مەڭگۈلۈك بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەتسىز مائارىپ ناچار، سەۋىيىسىز، تار ۋە جاپالىق بولىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەت مائارىپنىڭ تەمى، مېغىزى ۋە جەلپكار ئاملى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مېھىر ـ مۇھەببەت يۈزلەنگەن ئوبيېكت ۋە ئىگە بولغان زىچلىق نۇقتىسىدىن خەۋپ پەيدا قىلىشى مۇمكىن. باشقىچە ئېيتقاندا، مۇھەببەت دەپ ئاتالغان ھېس ـ تۇيغۇ قوش بىسلىق خەنجەرگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ئۇ ئادەمنى پەزىلەتكە يېتەكلىگىنىدەك، پەسكەشلىككىمۇ باشلايدۇ. يۈزلەنگەن ئوبيېكتىغا ئاساسەن، مۇھەببەت ئىنسانغا ھەم پايدىلىق، ھەم زىيانلىق بولۇشى مۇمكىن. مۇھەببەتنىڭ كىشىدە پەزىلەت شەكىللەندۈرۈشى ئۇنىڭ قايسى ئوبيېكتقا يۈزلەنگەنلىكى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، ئۇندىن باشقا، ئۇنىڭ يۈزلەنگەن ئوبيېكتقا قانچىلىك دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكىمۇ ناھايىتى مۇھىم. ھەممىگە قادىر ئاللاھ سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئاللاھتىن باشقىغا ھەددىدىن زىيادە

مەركەزلىشىشىنى مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

فَقَالَ اِنِّي اَحْبَبْتُ حُبَّ الْخَيْرِ عَنْ ذِ كْرِ رَبِّي

«(سۇلايمان ئەلەيھىسسالام) ئېيتتى: بۇ مال سۆيگۈسى مېنى رەببىمگە بولغان ئىبادەتتىن يىراقلاشتۇردى. ...» (ساد سۈرىسى 32 ـ ئايەت).

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تۇيغۇسىغا نىسبەتەن، «مال» بىر ئوبيېكت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىنىڭ مال ـ مۈلۈكنى ياخشى كۆرۈشى ناھايىتى تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما، تەبىئىي بولمىغان نەرسە شۇكى، مال ـ مۈلۈكنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش كىشىلەرنى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرىدۇ. سۇلايمان پەيغەمبەر بۇنى چۈشىنىپ يەتكەن ۋە ئاللاھتىن باشقىغا مەركەزلەشكەن مۇھەببەتنىڭ ئۆزىگە زىيان سالىدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئەجەبا، مال ـ مۈلۈكنى سۆيۈش نېمە ئۈچۈن كىشىلەرنى ئاللاھتىن يىراقلاشتۇرىدۇ؟ كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئايەتتە «... مېنى رەببىمگە ئىبادەت قىلىشتىن يىراقلاشتۇردى» دېگەن جۈملە ئورۇن ئالغان. بايلىققا ئېرىشىشكە بولغان مۇھەببەت ئەگەر كىشىنىڭ ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشىغا توسقۇنلۇق قىلمىسا، ئۇ مۇھەببەت يوللۇق بولىدۇ. ئاللاھنى ئەسلەش، ياد ئېتىش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىشتىن يىراقلاشتۇرىدىغان مۇھەببەت بولسا تەڭپۇڭلۇقنى يوقىتىپ قويغان بولىدۇ.

بۇ نۇقتىدا، نېمىنى قانچىلىك ياخشى كۆرۈش ۋە سۆيۈشنى بىلىش مۇھىم. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بىلەن مائارىپ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ھالقىسى بۇ يەردە ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. ئاللاھ بۇ مەسىلىگە قارىتا مۇنداق دەيدۇ:

وَمِنَ النَّاسِ مَنْ يَتَّخِذُ مِنْ دُونِ اللّٰهِ اَنْدَاداً يُحِبُّونَهُمْ كَحُبِّ اللّٰهِ وَالَّذِينَ اٰمَنُوا اَشَدُّ حُباً لِلّٰهِ

«بەزى ئادەملەر ئاللاھتىن غەيرىينى ئۆزلىرىگە ئىلاھ قىلىۋالىدۇ، ئۇ ئىلاھلارنى خۇددى ئاللاھنى ياخشى كۆرگەندەك سۆيىدۇ. مۆمىنلەر بولسا، ئاللاھنى ھەممىدىن بەك ياخشى كۆرىدۇ...» (بەقەرە سۈرىسى 165 ـ ئايەت).

ئىماننىڭ ئەڭ مۇھىم فۇنكسىيىسىنىڭ بىرى مۇھەببەتنى تەڭپۇڭلاشتۇرۇش، يەنى نېمىنى قانچىلىك سۆيۈشنى بەلگىلەشتۇر. شۇڭا، مۇسۇلمان بولۇش ئاڭلىق بولۇش دېگەنلىك بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مۇسۇلمان بولۇش، نېمىنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدىغان ئاڭغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان سۈپەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، مۇھەببەت ئاللاھتىن باشقىغا ھەددىدىن زىيادە مەركەزلەشكەندە، شېرىك پەيدا بولىدۇ. گەرچە ئاللاھقا ئىمان ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن مۆمىن ئۆزىمۇ بىلمەستىن ئاللاھقا قانداقلارچە شېرىك كەلتۈرۈپ قالىدىغانلىقىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بۇ ئايەت، تەڭرى چۈشەنچىسىنىڭ ئۇل ـ ئاساسىدا مۇھەببەتنىڭ ياتىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. بىر ئوبيېكتنىڭ مۇقەددەس بولۇشى، ھەتتا مۇقەددەسلىكتىن ھالقىپ تەڭرىلىك دەرىجىسىگە يېتىپ بېرىشىدا سۆيگۈ ـ مۇھەببەت مۇھىم رول ئوينايدۇ. بىر شەيئى ياكى جىسىمغا بولغان ھەددىدىن زىيادە مۇھەببەت ئۇنى مۇقەددەس قىلىدۇ. مۇقەددەسلىك بولسا، ئۇنى گەۋدىلەندۈرۈپ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلۇشنى، شۇنداقلا ئىلاھ سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

ئازغۇن ئەقىدىلەرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىدە ئاڭسىز مۇھەببەتنىڭ مۇھىم رول ئوينىغانلىقىدەك ھەقىقەت مەۋجۇت. ئاڭسىز مۇھەببەت ھەقىقىي يۈزلىنىشكە تېگىشلىك ئوبيېكتتىن خۇددى نىشاندىن ئاداشقان ئوققا ئوخشاش ئېغىپ كېتىدۇ.

خۇلاسىلىسەك، بىز ھېسسىيات تەربىيىسى بىلەن مۇھەببەت يۆلىنىدىغان ئوبيېكتلار ۋە مۇھەببەتنىڭ بۇ ئوبيېكتلارغا بولغان نىسبىتىنى ياخشى چۈشەندۈرۈشىمىز، ھەمدە بۇ تەلىم - تەربىيەنى يولغا قويۇشىمىز كېرەك. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، مۇھەببەت ھېسسىيات تەربىيىسىنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىشى كېرەك. ئىنسانغا، قېرىنداشلارغا، دۆلەتكە، پەرزەنتلەرگە، مال - مۈلۈككە بولغان مۇھەببەت ئاللاھقا بولغان مۇھەببەتتىن ئېشىپ كەتمەسلىكى لازىم.

بىر نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مۇھەببەت ئىماندىن ئىبارەتتۇر. چۈنكى، مۇھەببەت ئۇقۇمى كىلىپ چىققان ھەب سۆزىنىڭ ماھىيىتىدە ئىمانمۇ مەۋجۇت. بۇ مەنىنىڭ نەدىن كەلگەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن، بىز قۇرئانغا مۇراجىئەت قىلىشىمىز شەرت:

فَلَمَّا جَنَّ عَلَيْهِ الَّيْلُ رَاٰ كَوْكَباً قَالَ هٰذَا رَبِّي فَلَمَّٓا اَفَلَ قَالَ لَٓا اُحِبُّ الْاٰفِلٖينَ

«كېچىنىڭ قاراڭغۇلۇقى باسقاندا، ئىبراھىم بىر يۇلتۇزنى كۆرۈپ: ‹بۇ مېنىڭ رەببىم› دېدى. يۇلتۇز پېتىپ كېتىۋىدى، ئۇ: ‹مەن پېتىپ كەتكۈچىلەرنى ياقتۇرمايمەن› دېدى» (ئەنئام سۈرىسى 76 - ئايەت).

ھەزرىتى ئىبراھىم «لا ئۇھىببۇ (لَٓا اُحِبُّ)»، يەنى «مەن ياقتۇرمايمەن» دېگەندە، ئەمەلىيەتتە، «مەن ئىشەنمەيمەن» دېمەكچى بولغان. يەنى ئۇ «مەن ياقتۇرمايمەن» ئىپادىسى ئارقىلىق «مەن ئىشەنمەيمەن - ئىمان ئېيتمايمەن» دېگەن بولۇپ، ئۇ بۇ ئارقىلىق مۇھەببەت بىلەن ئىمان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرغان. دېمەك، ئىمان ئېيتىلغان شەيئى ياقتۇرۇلغان بولىدۇ. بىر شەيئى ياقتۇرۇلغان بولسا، ئۇنىڭغا ئىشەنچ - ئىمان بار دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنى

تەھلىل قىلساق، تۆۋەندىكىدەك قۇرۇلمىنى كۆرىمىز:

مۇھەببەت بىلەن ئىمانىنىڭ قەلبتىكى ئورنى بىر ـ بىرىگە ئىنتايىن يېقىن بولغاچقا، مۇھەببەتسىز ئىمانىنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئىمان مەشۇقتۇر، شۇڭا ئۇ سۆيۈلۈشكە موھتاج. ئىمانىنى كىشىلەرگە ياخشى كۆرگۈزۈش ئىلاھىي تەربىيە خىزمىتى بولغاچقا، ئىنسان بۇنى قىلالمايدۇ.

... وَلٰكِنَّ اللّٰهَ حَبَّبَ اِلَيْكُمُ الْاِيمَانَ وَزَيَّنَهُ فِي قُلُوبِكُمْ...

«... ئەمما ئاللاھ سىلەرگە ئىمانىنى قىزغىن سۆيگۈزدى ۋە ئۇنى دىللىرىڭلاردا كۆركەم قىلدى...» (ھۇجۇرات سۈرىسى 7 ـ ئايەت).

ئاللاھنىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان ئەڭ چوڭ نېمىتى شۇكى، ئۇ كىشىلەرگە ئىمانىنى سۆيگۈزدى. ئەگەر مۇھەببەت بولمىغان بولسا، ئادەمنىڭ قەلبىدە ئىمانىنىڭ شەكىللىنىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

ئىمانىنىڭ قەلبنى زىننەتلىشى ئۈچۈن، ئۇنى سۆيگۈزۈش تولىمۇ زۆرۈر. ئىمانىنىڭ قەلبنى زىننەتلىشى سۆيۈلگەندىن كېيىن ئەمەلگە ئاشىدۇ. مۇھەببەت ئىمانىنى قەلبكە خۇددى تاشقا ئويۇلغان خەتكە ئوخشاش نەقىشلەيدۇ. فەھرۇددىن رازى «ئىمانىنى سۆيگۈزۈش» ئىپادىسىنى «ئىمانىنى سىلەرگە يېقىنلاشتۇردى» دەپ ئىزاھلايدۇ. بۇنداق بولغاندا، مۇھەببەتنىڭ يېقىنلاشتۇرۇش ئالاھىدىلىكى ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. خۇددى مۇھەببەت كىشىلەرنى بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشتۇرغاندەك، ئىمانمۇ كىشىلەرنى ئۆزئارا يېقىنلاشتۇرىدۇ.

مۇھەببەت بىلەن ئىمان ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت دەرەخ يوپۇرمىقىنىڭ رەڭگى بىلەن قۇرۇلمىسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتكە ئوخشايدۇ. رەڭ يوپۇرماققا سىڭىپ كەتكەندەك، مۇھەببەتمۇ قەلبكە ئىمانىنى سىڭدۈرىدۇ.

يېقىنلاشتۇرۇش، سىگىپ كىرىش ۋە زىننەتلەش ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق، مۇھەببەت بىر تەربىيە پائالىيىتى ئېلىپ بارىدۇ. تەلىم ـ تەربىيەنىڭ مۇھەببەتكە يول ئېچىشى ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى، ئەنە شۇ ۋاقىتتىلا، مۇھەببەتنىڭ كىشىلەرنى ئاللاھقا ۋە باشقا كىشىلەرگە يېقىنلاشتۇرىدىغانلىقى ھەم ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى مەنىۋى مۇساپىنى قىسقارتىدىغانلىقى ئايان بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، مۇھەببەت ھېس ـ تۇيغۇ بولۇشتىن بەكرەك، تەلىم ـ تەربىيە ماكانى، ئۆگۈت ـ نەسىھەت سەنئەتكارى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسان مۇھەببەت ئارقىلىق ئىماننى قوبۇل قىلىدۇ، قۇچاقلايدۇ ۋە باغرىغا باسىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، مۇھەببەت سەنئەتكارغا ئوخشاش قەلبكە ئىماننى نەقىشلەيدۇ.

مۇھەببەت بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تەلىم ـ تەربىيە ھەم سۈپەتنى ئاشۇرىدۇ، ھەم قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مەقسەتكە يېتىدۇ. مۇھەببەت تەربىيىسىدىن پايدىلانمىغان مائارىپنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش پۇرسىتى بولمايدۇ. شۇڭا، ئېتىقادلىق بىر دۇنيا يارىتىشنى خالايدىغان كىشىلەر مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان دەرەخنى ئىنسانلارنىڭ قەلبىدە ئىمان بىلەن كۆكەرتىشنىڭ يوللىرىنى ئىزدىشى كېرەك. مېھىر ـ مۇھەببەتسىز ئىمان يۈزەكى، خىرە ۋە مەنپەئەتسىز بولىدۇ. ئىماننىڭ قۇۋۋىتى مۇھەببەتنىڭ تەسىر كۈچىگە ئوڭ تاناسىپ بولغاچقا، ئۇنىڭ تارقىلىشى مۇھەببەتنىڭ تارقىلىش دائىرىسىگە باراۋەر بولىدۇ. ئېنىقكى، ئىماننىڭ مۇھەببەتسىز قەلبتىن كۆچۈشى مۇقەررەر.

**ئىستىھاب.** مۇھەببەت ئادەمنىڭ تاللىشىنى تەگشەيدىغان ھېس ـ تۇيغۇ بولۇپ، سۆيۈلگەن شەيئى ئۇنىڭ ياقتۇرۇلغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇنىڭ تەتۈرىسىنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. يەنى كىشىنىڭ ئۆزى ياقتۇرغان شەيئىگە مۇھەببەت باغلىغانلىقىدىن

دېرەك بېرىدۇ. ھەر خىل تاللاشلارغا دۇچ كەلگەن ئادەمنىڭ تاللاش قارارىنى بەلگىلەيدىغان ئامىل دەل مۇھەببەت تۇيغۇسى بولۇپ، تاللاش ئەسناسىدا مۇھەببەت كىشىلەرنى توغرىغا ياكى خاتاغا يېتەكلەيدۇ. بۇ پەيتتە، مۇھەببەتنىڭ كىشىلەرنى قايمۇقتۇرۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم سەۋەب ئىمانسىزلىقتىن ئىبارەت.

اَللّٰهِ الَّذِي لَهُ مَا فِي السَّمٰوَاتِ وَمَا فِي الْاَرْضِ وَوَيْلٌ لِلْكَافِرِينَ مِنْ عَذَابٍ شَدِيدٍ اَلَّذِينَ يَسْتَحِبُّونَ الْحَيٰوةَ الدُّنْيَا عَلَى الْاٰخِرَةِ وَيَصُدُّونَ عَنْ سَبِيلِ اللّٰهِ وَيَبْغُونَهَا عِوَجاًۜ اُولٰٓئِكَ فِي ضَلَالٍ بَعِيدٍ

«ئاسمانلاردىكى ۋە زېمىندىكى ھەممە نەرسە ئاللاھنىڭ مۈلكىدۇر. ئۇچرايدىغان قاتتىق ئازاب سەۋەبىدىن كاپىرلارغا ۋاي! ئۇلار پانىي دۇنيا ھاياتىنى ئاخىرەتتىن ئۈستۈن كۆرىدۇ، ئاللاھنىڭ يولىغا توسقۇنلۇق قىلىدۇ ۋە ئاللاھنىڭ يولىنىڭ ئەگرى بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇڭا، ئۇلار چوڭقۇر گۇمراھلىقتىدۇر» (ئىبراھىم سۈرىسى 3 ـ 2 ـ ئايەتلەر).

ئالەمنى ياراتقۇچى ئاللاھنى ئىنكار قىلغۇچىلارنىڭ قاتتىق جازاغا ئۇچرايدىغانلىقى بايان قىلىنغان بىرىنچى ئايەتتىن كېيىن، ئىككىنچى ئايەتتە بۇ كاپىرلارنىڭ ئالاھىدىلىكى بايان قىلىنغان. كاپىرلارنىڭ، يەنى ئىمانسىزلارنىڭ بىرىنچى ئالاھىدىلىكى شۇكى، ئۇلار «پانىي دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئۈستۈن كۆرىدۇ». ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئايەتتىكى تاللاش ئۇقۇمىنى «مۇھەببەت» كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلىگەن.

مۇھەببەت سۆزى ئالتە ھەرپتىن تەركىب تاپقان پېئىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەندە، مايىللىق ـ تاللاش مەنىسىنى ئىپادىلەيدۇ. ئىمانسىزلىق پىسخىكىسى مۇھەببەتنى قايمۇقتۇرىدۇ. بولۇپمۇ، كىشىلەرنىڭ مايىللىقى مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان تېيىلغاق ساھەدە ئىمانسىزلىق پىسخىكىسىغا يولۇققاندا، كىشىلەرنىڭ پۈتى

تېپىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئۆمرى كوتا شەيئىلەرنى تاللايدۇ. ئىمانسىزلىق پىسخىكىسى مۇھەببەتنىڭ كۆزىنى كور قىلىپ، ئۇنىڭ يىراقنى كۆرۈشىنى توسىدۇ ۋە كۆز ئالدىدىكى مەنپەئەتلەر بىلەن ئىنسانلارنى جەلپ قىلىدۇ. ئىمانسىزلىق پىسخىكىسى مۇھەببەتنى پەقەت تاللاش پەيتىدە خاتالاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى ئۆزى تاللىغانلاردىن باشقا بارچىدىن ۋاز كېچىشكىمۇ سەۋەب بولىدۇ. ئاللاھ بۇ ئەھۋالنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

كَلَّا بَلْ تُحِبُّونَ الْعَاجِلَةَ وَتَذَرُونَ الْاٰخِرَةَۜ

«ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئەمەلىيەتتە، سىلەر دۇنيانى (كۆز ئالدىڭلاردىكى مەنپەئەتنى) ياخشى كۆرىسىلەر، ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر» (قىيامەت سۈرىسى 21 ـ 20 ـ ئايەتلەر).

ئايەتتىكى «تۇھىببۇنە (تُحِبُّونَ)»، يەنى «ياخشى كۆرىسىلەر» ئىبارىسى «تاللايسىلەر» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. دۇنيانى تاللاش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمىغان بۇ مۇھەببەت ئاخىرەتنى تەرك ئېتىش دەرىجىسىگە يېتىپ بارىدۇ.

ئايەتتىكى دۇنيا ۋە «ئاجىلە (عَاجِلَ)» سۆزلىرى قىسقا مۇددەتلىك، ۋاقىتلىق، ئۆتكۈنچى ۋە يوقاپ كېتىدىغان مەنپەئەت، ئىدىيە ھەم پىكىرنى ئىپادىلەيدۇ. سەراپتەك شەيئىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۆتكۈنچى قىممەت قاراشلارغا تايىنىدىغان كىشىلەرنىڭ ئۆز تاللىشىدا قانچىلىك خاتالاشقانلىقى ھەققىدىكى تونۇشىنى ئۆستۈرىدىغان بۇ ئايەت، قەلبلەردە ھەر ۋاقىت بولۇشقا تېگىشلىك پرىنسىپنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بۇ ئايەتتە، ئاخىرەتنى كۆزلەيدىغان كىشىلەرنىڭ ئۇزۇن مۇددەتلىك، مەڭگۈلۈك ۋە كونىراپ قالمايدىغان پىكىر ھەم قىممەت قاراشنى قوغلىششى كېرەكلىكى ئەسكەرتىلگەن. بۇ خىل كىشىلەر

پىلانلاشتا ئۇزۇن مۇددەتنى كۆزلەيدۇ، ئىستراتېگىيىلىك تۈرلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. ئۇلارنىڭ مېڭىسى ۋە دىلى يىراق ئۇپۇقلارنى يارقىن كۆرىدۇ. ئۇلار ئۇزۇن مۇددەتلىك سىياسەت، تېخنىكا، شەھەر پىلانلاش، ئورگانلارنى قۇرۇش ۋە ئىشلەپچىقىرىشقا كىرىشىدۇ. ئىنكار قىلىش پىسخىكىسىدىن قۇتۇلغان مۇھەببەت كىشىلەرنى يارقىن ۋە ئۈمىدلىك ئۇپۇققا ئىگە قىلىدۇ، شۇنداقلا يىراق، ئەمما گۈزەل كەلگۈسىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قويىدۇ. مانا مۇشۇنداق بۈيۈك تاللاشتا خاتالىق سادىر قىلمايدىغان مۇھەببەت ئەقىل بىلەن قەلبنى بىرلەشتۈرۈپ، كىشىلەرنى كەلگۈسى دۇنيا ئۈچۈن تەييارلايدۇ.

بىز ئىستىھاب شەكلىدە ئىشلىتىلگەندە، مۇھەببەتنىڭ تاللاش دېگەنلىك بولىدىغانلىقنى ئېيتىپ ئۆتكەن ئىدۇق. نىشاننى خاتا تاللىغان مۇھەببەت دۇنيانى ئاخىرەتتىن ئۈستۈن كۆرۈشتەك خاتالىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىش بىلەن بىرگە، يەنە كىشىلەرنى ھىدايەتتىن كورلۇقنى ئەلا بىلىشتەك چوڭ خاتالىققا باشلايدۇ.

ئەگەر كورلۇقنى ـ كۇپۇرنى ھىدايەتتىن ئەلا بىلىش خاتالىقى تەلىم ـ تەربىيە باسقۇچىدىن كېيىن كۆرۈلسە، ئۇ مىللەتلەر ۋە خەلقلەرنىڭ ھالاك بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بىر مىللەتنىڭ يورۇقلۇقنى ـ مەرىپەتنى تاللىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا قاراڭغۇلۇق ـ جاھالەت بىلەن نۇر ـ ھىدايەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش كېرەك. ئۇلۇغ ئاللاھ تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن بۇ تەربىيەنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن:

وَاَمَّا ثَمُودُ فَهَدَيْنَاهُمْ فَاسْتَحَبُّوا الْعَمٰى عَلَى الْهُدٰى

«سەمۇد ئەھلىگە كەلسەك، بىز ئۇلارغا توغرا يولنى كۆرسەتتۇق، ئەمما ئۇلار ھىدايەتتىن كورلۇق (گۇمراھلىق) نى ئارتۇق بىلدى

...» (فۇسسىلەت سۈرىسى 71 ـ ئايەت).

ئاللاھ تارىخىي ۋەقەنى بايان قىلىش ئارقىلىق، جەمئىيەت ۋە خەلقلەرنىڭ ھاياتىدا مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان تاللاش ئۇقۇمىنىڭ قانچىلىك مۇھىم ئورۇنىدا تۇرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ توغرا يولنى كۆرسەتمەي تۇرۇپ، يەنى تەلىم ـ تەربىيە بەرمەستىن ھېچقانداق بىر خەلقنى جازالىمىدى. ئىلاھىي تەربىيەنىڭ بىرىنچى قەدىمى كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىش بولۇپ، يۇقىرىدىكى ئايەتتە، ئاللاھ ئۆزىنىڭ بۇنى قىلغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەن.

شۇنداق تۇرۇقلۇق، بۇ تەلىم ـ تەربىيە پائالىيەتلىرىدىن كېيىن، سەمۇد خەلقى «كورلۇق» نى «ھەقىقەت» تىن، يەنى «يورۇقلۇق» تىن ئارتۇق كۆرگەن. ئاللاھ ئۇلارنىڭ تاللىشىنى بايان قىلغاندا «مۇھەببەت» سۆزىنى ئىشلەتكەن. ئاللاھ نېمىنىڭ توغرا، نېمىنىڭ خاتا؛ نېمىنىڭ ھەق، نېمىنىڭ باتىل؛ نېمىنىڭ ياخشى، نېمىنىڭ يامان؛ نېمىنىڭ پايدا، نېمىنىڭ زىيان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەندىن كېيىنمۇ ئىنسانلار يەنىلا كورلۇقنى تاللىسا، ئۇنداقتا ئۇلار ھالاك بولۇشقا لايىق بولىدۇ. شۇڭا، ھەممىگە قادىر ئاللاھ تۆۋەندىكى تەدبىرنى قوللانغان:

فَأَخَذَتْهُمْ صَاعِقَةُ الْعَذَابِ الْهُونِ بِمَا كَانُوا يَكْسِبُونَ

«... بۇ سەۋەبتىن (يەنى ئۇلارنىڭ خاتا تاللىشى تۈپەيلىدىن)، خار قىلغۇچى چاقماق ئازابى ئۇلارنى ھالاك قىلدى» (فۇسسىلەت سۈرىسى 17 ـ ئايەت).

دېمەك، ئۇلۇغ ئاللاھ مۇھەببەتنى ئىنسانلارنىڭ ئىرادىسى ئۇلىغا قويغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنىڭ تاللىشىغا بېسىم قىلمىغان. ئاللاھ ھېسسىيات دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەتكە زورلاش

بىلەن ئەمەس، بەلكى ئاقارتىش ـ تەربىيەلەش يولى بىلەن مۇئامىلە قىلىدۇ. ئەگەر مۇھەببەت ھېس ـ تۇيغۇسىنى تاللاش نۇقتىسىدا ئاقارتىش بىر مىللەتنى توغرا ـ ياخشىغا يېتەكلىمىسە، ئۇ شەخس ياكى مىللەت جەزمەن ھالاك بولۇشقا مۇناسىپ. ئىنسانلار گەرچە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت، ئىمان ۋە بىلىمنىڭ يېتەكچىلىكىدە ھەقىقەتنى، يورۇقلۇقنى ۋە توغرىلىقنى تاللىسىمۇ، ئەمما بەزىدە ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىڭ كۈشكۈرتىشى بىلەن كور ـ قارىغۇلۇقنى، يەنى قاراڭغۇلۇقنى تاللايدۇ. ئىنسان ئەگەر سۆيگۈ ـ مۇھەببەتنىڭ ئاقارتىش ـ يول باشلىشىغا ئىنساپ بىلەن قارىماي، يەنىلا ئارزۇ ۋە ھەۋەس تەرەپكە بۇرالسا، ئۇ ھالدا بۇ تاللاش شۇ ئىنسان ئۈچۈن ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ.

سەمۇد خەلقىنىڭ «كورلۇق»قا بولغان مايىللىقىنى ئەتراپلىق تەھلىل قىلىنغىنىمىزدا، بىز مۇنداق يەكۈنگە كېلىمىز: بۇ يەردىكى كورلۇق قەلبىنىڭ كورلۇقى بولماستىن، بەلكى ئەقلىنىڭ ئاقارتىشتىن ئۆز ئۈلۈشىنى ئالالماسلىقى تۈپەيلىدىن ئوتتۇرىغا چىققان ئەقىل كورلۇقىدىن ئىبارەت. شەخس ئۈچۈن ئەقىل كورلۇقى بولغان بۇ ئامىل، مىللەت ئۈچۈن جاھالەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. يەككە ۋە ئىجتىمائىي ئەقىلنىڭ كور بولۇشى، ئەقىل دەپ ئاتىلىدىغان قۇياشنىڭ تۇتۇلۇشىنى كۆرسىتىدۇ.

كۇپۇرلۇقنى ئىماندىن ئارتۇق كۆرۈشمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش شەكىلدە بايان قىلىنغان بولۇپ، تەۋبە سۈرىسىنىڭ 23 ـ ئايىتى بۇ مايىللىقنى ئېنىق كۆرسىتىدۇ. ئارزۇ ـ ھەۋەسنىڭ يېتەكچىلىكىدىكى مۇھەببەتنىڭ كورلۇقى ۋە شۇ سەۋەبلىك جاھالەت ۋە زۇلمەتنى تاللاشنىڭ بەدىلى ئېغىر بولىدۇ. ئەقىل نۇرىدىن مەھرۇم قالغان ۋە كورلۇقنى تاللىغان جەمئىيەت ـ خەلقلەر جاھالەت قاراڭغۇلۇقى ئاستىدا قالغانلىقى ئۈچۈن،

كىلەچىكنى كۆرەلمەيدۇ، ھەتتا ئەتراپىدىكى شەيئىلەرنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنىمۇ ھېس قىلالمايدۇ. شۇڭا، ئۇلار دۈشمىنىم دەپ دوستىنى ئۆلتۈرىدۇ، شىپالىق دەپ زەھەرنى ئىچىدۇ، توغرا يول دەپ تىك ياردىن غۇلاپ چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەجەبا، جاھالەت قاراڭغۇلۇقىنى تاللىغۇدەك دەرىجىدە خاتالاشقانلار قانداقمۇ ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشەلىسۇن؟

**ۋۇد.** بىز تۇغما سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تۇيغۇسىنى «ھۇب» دەپ ئاتىغانىدۇق. شۇڭلاشقا، ئاللاھ كىشىگە ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتكە كېيىنكى كۈنلەردە ئاتا قىلغان مۇھەببەت «ۋۇد» دەپ ئاتىلىدۇ. «دوستلۇق ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بۇ ئۇقۇم، ياخشى كۆرىدىغان ۋە مۇھەببىتى كۈچلۈك بولغانلارغا سۈپەت قىلىپمۇ ئىشلىتىلىدۇ.

مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىدە «ئارزۇ» مەنىسىنىڭ بارلىقىنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ئۇقۇم، ئىستىمەك ۋە ئارزۇ قىلماق دېگەن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇ يەنە يامانلىق ۋە ياخشىلىققا بولغان ئىنتىلىشنىمۇ ئىپادىلەيدۇ. پىرقە ـ مەزھەپلەر ئارىسىدىكى پىسخىكا پوزىتسىيىسىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ۋۇد دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت، قۇرئاندا مۇنداق ئىشلىتىلگەن:

وَدَّ كَثِيرٌ مِنْ اَهْلِ الْكِتَابِ لَوْ يَرُدُّونَكُمْ مِنْ بَعْدِ اِيمَانِكُمْ كُفَّاراً

«سىلەر ئىمان ئېيتقاندىن كېيىن، ئەھلى كىتابتىن نۇرغۇن كىشىلەر سىلەرنى كاپىر قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ» (بەقەرە سۈرىسى 109 ـ ئايەت).

وَدُّوا لَوْ تَكْفُرُونَ كَمَا كَفَرُوا فَتَكُونُونَ سَوَّاءً فَلَا تَتَّخِذُوا مِنْهُمْ اَوْلِيَّاءَ

«ئۇلار سىلەرنىڭ ئۆزلىرىدەك كاپىر بولۇشۇڭلارنى، شۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىگە ئوخشاش بولۇشۇڭلارنى خالايدۇ ...» (نىسا

سۈرىسى 89 ـ ئايەت).

ھەر ئىككى ئايەتتە، ۋۇد (ود) ئۇقۇمى «ئارزۇ قىلماق، خالىماق، ئىستىمەك» مەنىسىدە پېئىل سۈپىتىدە قوللىنىلغان بولۇپ، ئۇ، كۆپۈرلۈق ـ ئىنكار قىلىش پىسخىكىسىغا ئىگە كىشىلەرنىڭ رەزىل ئىستىكىنىڭ ، يەنى ئىمان ئېيتقان كىشىلەرنىڭ كۇپۇرغا قايتىشىنى ئارزۇ قىلىشتىكى ئىستىكىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. بۇ ئارزۇ پەرقلىق ئەقىدىگە تەۋە بىر گۇرۇھنىڭ باشقا بىر گۇرۇھنىڭ ئەقىدە جەھەتتىن ئۆزگىرىشىنى، يەنى مەۋجۇت ئەقىدىسىدىن يېنىشىنى ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدە ئارزۇ قىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، باشقىلارنىڭ توغرا يول ۋە ئەقىدىدە بولۇشىنى خالىمايدىغان، شۇنداقلا توغرا ئەقىدە ۋە ھىدايەت يولىدا ماڭغانلارغا ھەسەت قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىنى ئىپادىلەيدۇ.

شۇڭا، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ ھەسەتخورلۇق بىلەن زىچ مۇناسىۋىتى بار. مەزكۇر ئۇقۇم يەنە، بىر ئادەم ھەققەتنى كۆرۈپ يەتكەندە ھېس قىلىدىغان پۇشايمان سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان «ئارمان»نىمۇ كۆرسىتىدۇ. بۇ مەنە تۆۋەندىكى ئايەتتە تىلغا ئېلىنغان:

رُبَمَا يَوَدُّ الَّذِينَ كَفَرُوا لَوْ كَانُوا مُسْلِمِينَ

«كاپىرلار ئازابنى كۆرگەندە، ئۇلار دائىم ‹كاشكى مۇسۇلمان بولغان بولساقچۇ؟› دەپ ئارمان قىلىشىدۇ» (ھىجر سۈرىسى 2 ـ ئايەت).

ۋۇد دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىدە پۇشايماندىن كېلىپ چىققان «ئارمان» مەنىسى مەۋجۇت. ئەمما، مەزكۇر ئارماننىڭ ئەمەلگە ئېشىشى مۇمكىن ئەمەس بولۇپ، ئۇ پەقەت

قايتش ۋە ئېرىشىش مۇمكىن بولمايدىغان قىزغىنلىقنى ئىپادىلەيدۇ. باشقىچە ئېيتقانىدا، ئۇ نەتىجىسىز بىھۇدە مۇھەببەت، خالاس.

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ۋۇد سۆزى پېئىل سۈپىتىدە ئىشلىتىلگەندە، پىرقە - گۇرۇھلار ئۇتتۇرىسىدىكى پوزىتسىيەنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدىغان بولۇپ، «كاشكى ساڭا ئوخشاش بولمىغان بولسام، سېنى مەندەك قىلمەن» دېگەن سەۋدانىڭ ئىسمى بولىدۇ. يەنى بۇ، نامراتلىقتا باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان كوممۇنىزم پەلسەپىسىنىڭ ئارزۇسىغا ئوخشاش، ئېتىقادسىزلىقتا باراۋەرلىكنى قولغا كەلتۈرۈشكە ئۇرۇنغان كىشىلەرنىڭ قۇرۇق قىزغىنلىقىدىن ئىبارەت بولۇپ، ئىمانسىزلىق پىسخىكىسىنى تارقىتىشقا ئۇرۇنغانلارنىڭ «ھەددىدىن زىيادە ئارزۇسى» نى كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، ۋۇد پۇشايماندىن كېلىپ چىققان «ئارمان»نى ئىپادىلەيدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ يەنە كىشىلەرگە پۇشايمان قىلىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقنى بۇيرۇدى. مەلۇمكى، كېيىن پۇشايمان قىلىدىغان ئىشنى قىلماسلىق ئىنسان بولۇشتىكى ئەڭ مۇھىم پەزىلەتلەرنىڭ بىرى. بۇ پەزىلەت تۇغما بولماستىن، بەلكى مائارىپ ئارقىلىق قولغا كېلىدۇ. شۇڭا، تەربىيىلىگىلى بولىدىغان مۇھەببەت تۈرى «ۋۇد» دەپمۇ ئاتىلىدۇ.

نەتىجىسى يوق، ئەسلىگە كەلتۈرگىلى بولمايدىغان سەۋداغا چۈشۈشتىن بۇرۇن ئاڭلىق ھەرىكەت قىلىش تەربىيىلەنگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. دۇنيادا كېلەچەكنى ئىدراك قىلغان ھالدا ھەرىكەت قىلىشتەك ئالىيجاناب نەرسە يەنە بارمۇ؟ نامەلۇم شەيئىگە نادانلارچە، قارا قورساقلىق بىلەن، ئاڭسىزلارچە ئىنتىلىشنىڭ بەدىلى بىھۇدە سەۋدادىن ئىبارەت بولىدۇ. «ۋۇد» دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت مانا مۇشۇلارنى ئىپادىلەيدۇ.

**مەۋەددە.** ۋۇد دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەتنىڭ يەنە بىر خىل تۈرى مەۋەددە بولۇپ، «تونۇش» ۋە «سۆيگۈ ـ مۇھەببەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا، «تونۇشۇشتىن پەيدا بولغان مۇھەببەت» مەۋەددە دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇ، تونۇشۇش بولمىسا مۇھەببەتنىڭ پەيدا بولمايدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

وَلَئِنْ اَصَابَكُمْ فَضْلٌ مِنَ اللّٰهِ لَيَقُولَنَّ كَاَنْ لَمْ تَكُنْ بَيْنَكُمْ وَبَيْنَهُ مَوَدَّةٌ يَا لَيْتَنِي كُنْتُ مَعَهُمْ فَاَفُوزَ فَوْزاً عَظِيماً

«ئەگەر سىلەرگە ئاللاھنىڭ ئىلتىپاتى يېتىپ كەلسە، گويا سىلەر بىلەن ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق مۇھەببەت ـ دوستلۇق رىشتىسى يوقتەك، ‹كاشكى، مەن ئۇلار بىلەن بىللە بولغان بولسام، چوڭ بىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشكەن بولاتتىم!› دەيدۇ» (نىسا سۈرىسى 73 ـ ئايەت).

ئايەتتىكى مەۋەددە سۆزىنى بەزى ئالىملار «تونۇشلۇق»، بەزىلەر بولسا «مۇھەببەت» دەپ شەرھلىگەن. تونۇش ۋە مۇھەببەت ئوتتۇرىسىدىكى زىچ مۇناسىۋەت ھەر ئىككى مەنىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. تونۇشۇشتىن باشلىنىپ مۇھەببەتكە تۇتىشىدىغان يولنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىز مانا بۇ مەنىلەردىن چىقىرىمىز. تونۇش دائىرىسىنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، مۇھەببەت ساھەسىمۇ كېڭىيىدۇ. تونۇشنىڭ تۇغۇشچانلىقى مۇھەببەتتىمۇ ئەكس ئېتىپ، ئۇنىڭغا تۈگىمەس خاراكتېر بېغىشلايدۇ. يۇنۇس ئەمرەنىڭ تونۇشى ۋە ئۇنىڭدىن مۇھەببەتكە تۇتاشقان چۈشەنچىسىمۇ ئوخشاش جەريانىنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ.

«مۇھەببەت» دەپ ئاتالغان مەۋەددە «مۇلايىملىق» دېگەن مەنىگىمۇ ئىگە. مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ قۇرۇلمىسىدا تەبىئىي يۇمشاقلىق بار، ئەمما بۇ يۇمشاقلىق جايىدا قالماستىن، بەلكى

كىشىنىڭ قەلبى ۋە ھەرىكىتىدە بىۋاسىتە ئىپادىلىنىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ مەسىلىنى مۇنداق بايان قىلغان:

لَتَجِدَنَّ اَشَدَّ النَّاسِ عَدَاوَةً لِلَّذٖينَ اٰمَنُوا الْيَهُودَ وَالَّذٖينَ اَشْرَكُوا وَلَتَجِدَنَّ اَقْرَبَهُمْ مَوَدَّةً لِلَّذٖينَ اٰمَنُوا الَّذٖينَ قَالُوا اِنَّا نَصَارٰىؕ ذٰلِكَ بِاَنَّ مِنْهُمْ قِسّٖيسٖينَ وَرُهْبَاناً وَاَنَّهُمْ لَا يَسْتَكْبِرُونَ

«يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن. ‹بىز ناسارا› دېگەن كىشىلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۇئمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن. بۇ، ناسارالارنىڭ ئىچىدە ئۆلىمالار ـ راھىبلارنىڭ بولغانلىقى ۋە ھەقنى قوبۇل قىلىشتا تەكەببۇرلۇق قىلمايدىغانلىقلىرى سەۋەبىدىندۇر» (مائىدە سۈرىسى 82 ـ ئايەت).

ئايەتتىكى مەۋەددە سۆزىنى بەزىلەر «مۇلايىملىق»، يەنە بەزىلەر بولسا «مۇھەببەت ـ دوستلۇق» دەپ شەرھلىگەن. تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، ھەر ئىككى مەنە دۇرۇس ـ توغرا. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت دەرەخنىڭ گەۋدىسى بولسا، مۇھەببەت بىلەن مۇلايىملىقنىڭ مۇناسىۋىتى مۇھەببەت دەرىخىنىڭ دەل ئۆزى.

ئاللاھ مەزكۇر ئايەتتە خىرىستىيانلارنىڭ مۆمىنلەرگە دوستانە ۋە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە توختىلىپ، ئۇلارنىڭ ھەقىقەتكە تەكەببۇرلۇق قىلماسلىقىنى بۇنىڭ سەۋەبى سۈپىتىدە كۆرسەتكەن. بىلىملىك كىشى ۋە دىندار ئىنسان كىشىلەرنى بىر ـ بىرىنى سۆيۈشكە ۋە بىر ـ بىرىگە مۇلايىم بولۇشقا ئۈندەيدۇ. چۈنكى، بىلىم كىشىلەرنى مۇلايىم قىلىدۇ، دىن بولسا كىشىلەرگە مۇھەببەت ۋە مۇلايىملىقنى ئۆگىتىش ئۈچۈن كەلگەن. بىلىم ۋە ئىمان خۇددى ئوتتا ئېرىگەن تۆمۈرگە ئوخشاش دۈشمەنلىكنى يوقىتىپ، مۇھەببەت ئاتلىق تۇيغۇنىڭ

ھاسىل بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

بىزنىڭچە، ياشاۋاتقان ئەسىرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ زۇلۇم دىنىي ساھەنىڭ دۈشمەنلىك ساھەسىگە ئايلاندۇرۇپ قويۇلۇشىدىن كېلىپ چىقماقتا. دىن نامىدا دۈشمەنلىك قىلغۇچىلار مېھىر ـ مۇھەببەت ۋە مۇلايىملىقنى قەتل قىلدى، ئۇلار زوراۋانلىق تۈيغۇسىدىن تۇغۇلغان دۈشمەنلىككە مۇھەببەتنى قۇربان قىلىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، يۇمشاق قەلبلەرنىڭ قېتىپ تاشقا ئايلىنىپ كېتىشىگە سەۋەبچى بولدى.

مەۋجۇدە دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت ئۆز ئوبيېكتىنى تاپقان مۇھەببەت بولۇپ، ئۇ ئابستىراكت مەنىدىكى مۇھەببەتنىڭ كونكرېتلىشىشى ۋە ئىجتىمائىيلىشىشى، قەلبتىكى سۆيگۈ ئۇرۇقىنىڭ بىخ سۈرۈپ، ئىنسانىيەتكە تارقىلىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى ئوخشىمىغان ئىككى جىنس قىلىپ ياراتقانلىقى ۋە ئائىلە قۇرۇش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مۇھەببەت پەيدا قىلغانلىقى مەۋەددە دېگەن مۇھەببەتنىڭ رولىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئائىلە تۇرمۇشىنىڭ ئاساسىنىڭ نېمىلەر ئىكەنلىكى مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىنغان:

وَمِنْ اٰيَاتِهٖ اَنْ خَلَقَ لَكُمْ مِنْ اَنْفُسِكُمْ اَزْوَاجاً لِتَسْكُنُوا اِلَيْهَا وَجَعَلَ بَيْنَكُمْ مَوَدَّةً وَرَحْمَةًۜ اِنَّ فٖي ذٰلِكَ لَاٰيَاتٍ لِقَوْمٍ يَتَفَكَّرُونَ

«ئايالىلار بىلەن ئۈلپەتلىشىشىڭلار ئۈچۈن (ئاللاھنىڭ) ئۇلارنى سىلەرنىڭ ئۆز تىپىڭلاردىن ياراتقانلىقى، ئاراڭلاردا (يەنى ئەر ـ خوتۇن ئارىسىدا) مېھىر ـ مۇھەببەت ئورناتقانلىقى ئاللاھنىڭ (كامالى قۇدرىتىنى كۆرسىتىدىغان) ئالامەتلىرىدىندۇر. پىكىر يۈرگۈزىدىغان خەلق ئۈچۈن، شەك ـ شۈبھىسىزكى، بۇنىڭدا نۇرغۇن ئىبرەتلەر بار» (رۇم سۈرىسى 21 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت ئائىلىنىڭ ئۈچ تۈۋرۈك ئۈستىگە قۇرۇلغانلىقىغا، يەنى جىنسىي ئېھتىياج ، مۇھەببەت ۋە پەرزەنتكە كىشىنىڭ دىققىتىنى ئاغدۇرىدۇ. بۇ ئۈچ تۈۋرۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تۈۋرۈك مەۋەددە دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت بولۇپ، ئابستراكت مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىككى جىنسنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتى نىكاھ رىشتىسى بىلەن جەم بولۇپ بىرلىشىدۇ. ئوخشىمىغان جىنسلارنىڭ تويي قىلىشتىن ئىلگىرى بىر - بىرىگە بولغان مۇھەببىتى ھۇب دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت بولۇپ، ھۇب دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەتلەر بىر يەرگە كەلگەندە، ئۇلاردىن مەۋەددە ھاسىل بولىدۇ. چۈنكى، ھەر ئىككى مۇھەببەت ئۆز مەقسىتىگە يەتتى، ئوبيېكتىنى تاپتى ۋە ئابستراكتتىن كونكرېتقا ئۆزگەردى. ئەنە شۇ ۋاقىتتا، «يادرو - جەۋھەر» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ھۇب سۆيگۈسى مەۋەددە دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەتنىڭ يادروسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئائىلە تۇرمۇشىدا، مەۋەددە دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەتنىڭ ئاتوم يادروسى غىدىقلانغاندا، ئائىلە ۋەيران بولىدۇ. مانا بۇ، ئائىلىلەرنىڭ پارچىلىنىشى ياكى گۇمران بولۇشىدىكى مۇھىم سەۋەبلەرنىڭ بىرى.

ئائىلىدىكى ئەر - خوتۇنلار ئارىسىدا مۇھەببەت رىشتىسى شەكىللەنگەن ۋاقىتتا، ھۇب دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت بىلەن مەۋەددە دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت بىر - بىرىنى زەرەتلىشى كېرەك. مۇھەببەتنى ئاينىتىش كۆڭۈلنىڭ سىرتىدا بولماسلىقى لازىم. جىنسىي ھەۋەس قوينىدا ئۇغۇتلانغان مۇھەببەت خۇددى بالىياتقۇ سىرتىدا ھامىلىدار بولۇشقا ئوخشايدۇ. مەلۇمكى، بالىياتقۇدا تۆرەلمىگەن ئۇرۇق ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئانىنى زەھەرلەيدۇ. شۇڭا، پەقەت كۆڭۈل قەسرىدىلا ئاندىن ئەر - خوتۇنلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت ئاينىپ چوڭقۇر يىلتىز تارتىدۇ.

بىر - بىرىنى قارىغۇلارچە سۆيىدىغان ئاشىق - مەشۇق تەرىپىدىن قۇرۇلغان ئائىلىنىڭ يىمىرىلىشىنىڭ ئاستىدا، ئەر - ئايال ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەتنىڭ كۆكۈل بوستانىنىڭ سىرتىدا ئايىنىغانلىقى ياتىدۇ. قەلبتىكى مۇھەببەتنىڭ يىلتىز تارتىشى قەلبلەرنى بىرلەشتۈرىدۇ، قۇچاقلاشتۇرىدۇ، كۆپەيتىدۇ. بەدەن جەلپكارلىقى ياكى جىنسىي تۇيغۇنىڭ كېڭىيىشى بىلەن بارلىققا كەلگەن مۇھەببەت ۋاقىتلىق بولۇپ، ئۇ قاندۇرۇلغاندىن كېيىن كىشىنى بىزار قىلىدۇ. قەلبتە بىخلاندۇرۇلغان مۇھەببەت ھۆرمەت، ۋاپادارلىق ۋە ئۆزىنى بېغىشلاشنى بارلىققا كەلتۈرسە، جىنسىي تۇيغۇدىن كېلىپ چىققان ۋە قەلب بوستانىنىڭ سىرتىغا ئېچىلغان مۇھەببەت ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ سولىشىپ، ئەر - خوتۇنلارنىڭ بىر - بىرىنى تاۋار سۈپىتىدە كۆرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ھېسسىيات تەربىيىسىنىڭ ئەڭ مۇھىم مەقسىتى بولسا، ئائىلە تۇرمۇشىدىكى مۇھەببەت رىشتىنى ساقلاپ قېلىشتىن ئىبارەت.

مەۋەددە دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئۆزىنىڭ پەيغەمبەرلىكى ئۈچۈن كۈتىدىغان بىردىنبىر نەرسە ئىدى. بۇ ھەقتە تۆۋەندىكى ئايەتتە مۇنداق بايان قىلىنغان:

ذٰلِكَ الَّذي يُبَشِّرُ اللّٰهُ عِبَادَهُ الَّذينَ اٰمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِۜ قُلْ لَٓا اَسْـَٔلُكُمْ عَلَيْهِ اَجْراً اِلَّا الْمَوَدَّةَ فِي الْقُرْبٰىۜ وَمَنْ يَقْتَرِفْ حَسَنَةً نَزِدْ لَهُ فيهَا حُسْناًۜ اِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ شَكُورٌ

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغان بەندىلىرىگە ئاللاھ ئەنە شۇ ئىنئام بىلەن خۇش خەۋەر بېرىدۇ. ئېيتقىنكى: ‹تەبلىغ قىلغانلىقىمغا سىلەردىن ھەق تەلەپ قىلمايمەن، پەقەت تۇغقانچىلىق ھەققى ئۈچۈن مېنى دوست تۇتۇشۇڭلارنى سورايمەن›. كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، بىز ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى زىيادە قىلىپ بېرىمىز. ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى

مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ئاز ياخشىلىققا كۆپ ساۋاب بەرگۈچىدۇر» (شۇرا سۈرىسى 23 ـ ئايەت).

مەلۇم بولغىنىدەك، پەيغەمبەرلەر تەبلىغ ۋەزىپىسىنىڭ بەدىلىگە ھېچقانداق ماددىي مەنپەئەتنى ئۈمىد قىلمايدۇ ۋە ئالمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىردىنبىر ئۈمىد قىلىدىغىنى مەۋەددە دەپ ئاتىلىدىغان كونكرېت مۇھەببەتتۇر. ئۇلار بۇنى ئۆزلىرىنىڭ تۇغقانلىرىدىن ئۈمىد قىلغىنىدەك، بۇنى يەنە تۇغقانلىرى ئارىسىدا يېيىشىنىمۇ مەقسەت قىلغان. شۇڭا، بۇ كەلىمە تۇغقانلىرى ئىچىدىكى پەيغەمبەرگە مۇھەببەت كۆرسىتىپ، ئۇنى تەستىقلاشنى كۆرسىتىدۇ.

يەنە بىر تەرەپتىن، بۇ ئايەت دىنىي زاتلار ـ خادىملارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن كىشىلەردىن ھۆرمەت ـ مۇھەببەت ئۈمىد قىلسا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. چۈنكى، ئايەتتىكى «تۇغقان» ئۇقۇمىنى جامائەت دەپ ئىزاھلاشقا بولىدۇ. مېھىر ـ مۇھەببەتنى مەقسەت قىلغان دىنىي ئىبادەت ـ پائالىيەت كىشىلەرنىڭ قەلبىنى ئۇتىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشى مۇقەررەر. يۇقىرىقى ئايەتنىڭ ئاخىرقى جۈملىسى مۇنداق: «... كىمكى بىرەر ياخشى ئىش قىلسا، بىز ئۇنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى زىيادە قىلىپ بېرىمىز». مەلۇمكى، يېقىن ـ يورۇقلار ئارا مېھىر ـ مۇھەببەتنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئەمەلىيەتتە، تۇغقانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ياخشى ئىشنىڭ روياپقا چىقىرىلىشى بولىدۇ. شۇڭا، ئاللاھ مۇشۇنداق ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغۇچىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى ئاشۇرىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، مېھىر ـ مۇھەببەتنىڭ ئومۇملىششى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، ئۇ ئاللاھقا ئۆرلەيدۇ ۋە زېمىنغا تېخىمۇ ياخشى ھالەتتە قايتىدۇ. شۇڭا، بىز مۇنداق خۇلاسىلىيالايمىز:

ياخشىلىقنى ئاشۇرىدىغان ئىبادەت ـ ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى،

كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈشى بولۇپ، ھۇب دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت گۈلىنىڭ ئۇرۇقى بولسا، مەۋەددە دېگەن سۆيگۈ ئۇنىڭ غۇنچىسىدۇر.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ مەۋەددە دېگەن مۇھەببەتنى كىشىلەر ئارىسىدا كېيىن پەيدا قىلىدۇ. بۇ مۇھەببەتنى كىشىلەرگە ئىلتىپات سۈپىتىدە ئاتا قىلىش ئۈچۈن، ئاللاھ بەزى شەرتلەرنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ شەرتلەر ئەمەلگە ئاشقاندا، ئاندىن مېھىر - مۇھەببەتنى بەخش ئېتىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئايەت مۇنداق:

اِنَّ الَّذِينَ اٰمَنُوا وَعَمِلُوا الصَّالِحَاتِ سَيَجْعَلُ لَهُمُ الرَّحْمٰنُ وُداًّ

«ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەل قىلغانلار ئۈچۈن، ئاللاھ مۇھەببەت پەيدا قىلىدۇ» (مەريەم سۈرىسى 96 - ئايەت).

ئىمان بىلەن ياخشى - پايدىلىق ئىش ئاللاھنىڭ يارىتىش سۈپىتىنى قوزغىتىپ، ئۇنىڭ مۇھەببەت يارىتىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئەگەر كىشىلەر ئىمان ئېيتىپ، ياخشى ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقارغان بولسا ئىدى، بۇ دۈشمەنلىكلەر يۈز بەرمىگەن ۋە بۇ قانلار تۆكۈلمىگەن بولاتتى. بىز پايدىلىق ئىشلارنى روياپقا چىقارمىغاچقا، ئاللاھ بىز ئۈچۈن مۇھەببەت ياراتمىدى. ئېنىقكى، ئىمان بىلەن ياخشى ئىش كىشىگە بىر نىشان بەلگىلەپ بېرىدۇ. نىشانى يوق كىشىلەر دوستلىرىنى دۈشمەن دەپ قارايدۇ. شۇڭا، ئى ئىنسانلار، كېلىڭلار، ئىمان ئېيتىپ، پايدىلىق ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرەيلى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ بىز ئۈچۈن مۇھەببەت ياراتسۇن، بىز دۇنيانى مۇھەببەت باغچىسىغا ئايلاندۇرايلى. شەكسىزكى، بۇ ئۆزگىرىش بىزنىڭ ئاخىرەتلىكىمىزنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدۇ. دۇنيانى قان دەرياسىغا ئايلاندۇرغان كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتلىكى قانداقمۇ جەننەت بولسۇن؟ تۆكۈلگەن قانلار

مۇھەببەتنى بوغۇپ، ئۇنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىنى توسماقتا، مادامىكى ئېچىلمىغان غۇنچە غولىدا چىرىپ كېتىدۇ.

ۋەدۇد ئۇقۇمىدىن كەلگەن ۋەدۇد بولسا ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرى. «بەك ياخشى كۆرىدىغان» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان ۋەدۇد دېگەن ئىسىم بەزى ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان:

وَاسْتَغْفِرُوا رَبَّكُمْ ثُمَّ تُوبُوا اِلَيْهِۜ اِنَّ رَبّ۪ي رَح۪يمٌ وَدُودٌ

«رەببىڭلاردىن مەغپىرەت تەلەپ قىلىڭلار. ئاندىن ئۇنىڭغا تۆۋبە قىلىڭلار. مېنىڭ رەببىم ھەقىقەتەن مەرھەمەتلىك ۋە سۆيۈملۈك» (ھۇد سۈرىسى 90 ـ ئايەت).

ئەگەر بىز ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ «سۆيگۈ ـ مۇھەببەت» ئىسمى تىلغا ئېلىنغان بۇ ئايەتنى تەھلىل قىلساق، مۇھىم پرىنسىپلارنى يەكۈنلەپ چىقىرالايمىز. ئايەتتە، بەندىنىڭ مەغپىرەت تىلەش ۋە تۆۋبە قىلىشتەك ئېسىل ھەرىكەتلىرىنىڭ پەقەت رەھىم ـ شەپقەت ۋە مۇھەببەت دۇنياسىدا ئاندىن مۇمكىن بولىدىغانلىقى كۆرسىتىپ بېرىلگەن. شۇئەيب پەيغەمبەر كىشىلەرگە رەھىم ـ شەپقەت ۋە سۆيگۈ بىلەن مۇئامىلە قىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ خاتالىقىدىن يۈز ئۆرۈش ئۈچۈن بۇ ئىسىملاردا پاناھلىنىشنى تەلەپ قىلغان.

ئەلۋەتتە، رەھىم ـ شەپقەت ۋە مۇھەببەت ئىسىملىرىنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇشى، شۇنداقلا رەھىم ـ شەپقەتنىڭ ئالدىغا تىزىلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. چۈنكى، رەھىم ـ شەپقەت كۆرسىتىشنىڭ مۇھەببەتكە باغلىق ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بۇ ئايەت، رەھىم ـ شەپقەت كۆرسەتمىگەنلەرنىڭ ئۆز سۆيگۈسىنى ئىسپاتلىيالمايدىغانلىقىنى تەكىتلەيدۇ. سۆيىدىغان ئادەم رەھىمدىل بولىدۇ. شۇڭا، مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىدە رەھىمدىللىك تۇيغۇسى مەۋجۇت. بۇ سەۋەبتىن، كىشى ئۆزى

ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىدىن ئايرىلغاندا كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. رەھىم - شەپقەت تۇيغۇسىدىن مەھرۇم بولغۇچى كىشىلەرنى ئەپۇ قىلالمايدۇ، ياخشى كۆرمەيدىغان كىشىلەرمۇ شۇنداق بولىدۇ. رەھىم - شەپقەت ۋە مۇھەببەت گۇناھكار كىشىلەر پاناھلىنىدىغان بىنا. بۇرۇج سۈرىسىنىڭ 14 - ئايىتىدە ئاللاھنىڭ سۆيىدىغان دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان ۋەدۇد ئىسمى كەچۈرگۈچى دېگەن ئىسمى بىلەن بىرگە ئىشلىتىلگەن. ئايەت تۆۋەندىكىچە:

وَهُوَ الْغَفُورُ الْوَدُودُ

«ئۇ (ئاللاھ) ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە سۆيگۈچىدۇر».

ئاللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشنى خالايدىغانلار ئۇنىڭ ۋەدۇد ئىسمىدىن ئىش - ھەرىكەتلىرىگە ئىلھام ئېلىشى كېرەك. كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە خاتالىقنى ئەپۇ قىلىدىغانلار، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلانغان بولىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بەندىلىرىگە ئىلىم، كۆرۈش ۋە ئىرادە سۈپەتلىرىنىڭ بىر قىسمىنى بەرگەندەك، ئۆز سۆيگۈسىدىنمۇ بەرگەن. ئەمەلىيەتتە، بىز بۇ تۇيغۇ ھەققىدە تەلىم - تەربىيە بېرىپ، ئۇنى كىشىلەر ئارىسىدا ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق، كىشىلەرنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرالايمىز.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئالئىمران سۈرىسىنىڭ 31 - ئايىتىدە، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى سۆيۈشىنى پەيغەمبىرىگە ئەگىشىشنىڭ شەرتى قىلىدۇ. پەيغەمبەر ياخشىلىق، گۈزەللىك، دۇرۇست - توغرىلىق ۋە ھەقىقەتكە ۋەكىللىك قىلىدۇ. بۇلارنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن كىشى پەيغەمبەرگە ئەگەشكەن بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئەمەل ئاللاھنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرۈشىگە سەۋەب بولىدۇ. پەيغەمبەرلەر شەخسلەرنىڭ ئىدىيەسىنى مۇجەسسەم

قىلىپ، ئورتاق ئىجتىمائىي ئىدىيە يارىتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ ئۇرۇق ھالىتىدىكى مۇھەببەتنى بىرلەشتۈرۈپ ۋۇد دەپ ئاتىلىدىغان «ئورتاق مۇھەببەت» بەرپا قىلىش ئارقىلىق، ئىجتىمائىي بىرلىكنى بەرپا قىلىشقا تىرىشىدۇ. بۇ خىل تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەن پەيغەمبەرگە ئەگىشىش بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ئوخشاش مەقسەتتە تىرىشۋاتقانلىقنىڭ ئىپادىسى بولىدۇ. سۆيگۈ - مۇھەببەت تۇيغۇسى ئاللاھنىڭ كىشىلەرگە ئاتا قىلغان ئامانىتى بولۇپ، بۇ ئامانەتنى لايىقىدا ئىشلىتىش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە داۋاملاشتۇرۇش ئارقىلىق مۇھەببەت مەدەنىيىتىنى يارىتىش، بۇ ئامانەتنى ئەمەلگە ئاشۇرغانلىق بولىدۇ.

**خىللە.** قۇرئاندا يەنە سەممىي ۋە چىن قەلب بولغان خىللە دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت ئۇقۇمى بار. بۇ، تەڭ بەھرىمەن بولغىلى بولمايدىغان ۋە شېرىكچىلىكى يوق مۇھەببەتنىڭ بىر تۈرى. ئۇ ئىتتىپاقلىقنى، يەنى ۋەھدەت - بىرلىكنى ئىپادىلەيدىغان مۇھەببەت بولۇپ، ئۇ پەقەت بۇ دۇنيادىلا مەۋجۇت، ئەمما ئاخىرەتتە مەۋجۇت بولمىغان قۇرۇلمىغا ئىگە.

شۇنى بىلىش كېرەككى، خىللە دېگەن مۇھەببەت «دوستلۇق» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. دوست ئۇقۇمى ياردەم بېرىش، چارە تېپىش ۋە قۇتقۇزۇشنى ئىپادىلەيدىغان مۇھەببەتنى كۆرسىتىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ خىل مۇھەببەتنىڭ قەيەردە بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دېگەن:

يَا اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا اَنْفِقُوا مِمَّا رَزَقْنَاكُمْ مِنْ قَبْلِ اَنْ يَأْتِيَ يَوْمٌ لَا بَيْعٌ فِيهِ وَلَا خُلَّةٌ وَلَا شَفَاعَةٌ وَالْكَافِرُونَ هُمُ الظَّالِمُونَ

«ئى مۆمىنلەر! سودا - سېتىق، دوستلۇق ۋە شاپائەت بولمايدىغان كۈن يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن، بىز سىلەرگە بەرگەن

رىزىق ـ مال ـ مۈلۈكلەردىن (ياخشىلىق يوللىرىغا) سەرپ قىلىڭلار. كاپىرلار ـ كۇپۇرنى نېئمەت قىلغۇچىلار (ئۆزلىرىگە) زۇلۇم قىلغۇچىلاردۇر» (بەقەرە سۈرىسى 254 ـ ئايەت).

ئايەتتە كىشىلەرنىڭ سودا ـ سېتىق، دوستلۇق ۋە شاپائەت قىلىش قاتارلىق ئۈچ مۇھىم پائالىيەتنى پەقەت بىر ـ بىرىگە ياردەم قىلىش، قوللاش ۋە جازادىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن قىلىدىغانلىقى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. مۇھەببەت ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن دوستلۇقنىڭ بۇ دۇنيادا كىچىككە ئىگە ئىكەنلىكىنى، ئەمما ئۇ دۇنيادا ئۇنىڭ ئورنى يوقلىقىنى بايان قىلغان بۇ ئايەت، ھەربىر كىشىنىڭ ھەقىقىي دوستىنىڭ ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىمانى ۋە ياخشى ئىش ـ پائالىيەتلىرى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنىڭ دەلىلى بولسا، ئايەتنىڭ بېشىدا تىلغا ئېلىنغان «ئىنفاق ـ ياخشى يوللارغا پۇل ـ مال سەرپ قىلىش» ھەرىكىتىدۇر. كەمبەغەللەرنى يۆلەش ئاخىرەتتە مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان دوستلۇققا ئايلىنىدۇ. كەمبەغەللەرگە يار ـ يۆلەكتە بولۇش كىشىنى ئاللاھنىڭ دوستلۇقىغا ئېرىشتۈرىدۇ. ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ نامراتلارغا ياردەم قىلغان كىشى ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشىدۇ، يەنى ئۇنىڭ دوستلۇقىنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

ئىنسان ئاللاھنى دوست تۇتقانغا ئوخشاش، ئاللاھمۇ ئىنساننى دوست تۇتىدۇ:

وَمَنْ اَحْسَنُ دِيناً مِمَّنْ اَسْلَمَ وَجْهَهُ لِلّٰهِ وَهُوَ مُحْسِنٌ وَاتَّبَعَ مِلَّةَ اِبْرٰهِيمَ حَنِيفاًۜ وَاتَّخَذَ اللّٰهُ اِبْرٰهِيمَ خَلِيلاً

«ياخشى ئىشلارنى قىلغان ھالدا ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان ۋە باتىل دىنلاردىن يۈز ئۆرۈپ ئىبراھىمنىڭ ھەنىف دىنىغا ئەگەشكەن ئادەمدىن ياخشى يەنە كىم بار؟ ئاللاھ ئىبراھىمنى

دوست (خەلىل) تۇتتى» (نىسا سۈرىسى 125 ـ ئايەت).

قىلغان ئىشنى مۇكەممەل قىلىدىغان، ئۆزىنى ئاللاھقا تاپشۇرغان ۋە ئاللاھنىڭ دىنىغا ئەگەشكەن ئادەمنى دوست تۇتىدىغانلىقىنى، ئۇلۇغ ئاللاھ ھەزرىتى ئىبراھىمنى مىسال كەلتۈرۈپ بايان قىلغان. بۇ ئايەت بىزگە مۇنداق دەيدۇ: ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىش ۋە ئۇنىڭ دوستىغا ئايلىنىش ئۈچۈن، ئاللاھقا ئەرزىيدىغان شەكىلدە ئىش ـ ئەمەل قىلىش كېرەك. ھەممە ئىشنى خۇددى ئاللاھقا كۆرسىتىدىغاندەك تۇيغۇ بىلەن قىلىش، دىندا شېرىك كەلتۈرمەسلىك ۋە ئۆزىنى ئاللاھقا يۈزلەندۈرۈشتەك ئېسىل ھەرىكەتلەر ئىلاھىي مۇھەببەت ۋە دوستلۇق ئېلىپ كېلىدۇ.

ئىنسان خىللە دەپ ئاتىلىدىغان ۋە مەڭگۈلۈك دوستلۇقنى ئىپادىلەيدىغان سۆيگۈ ـ مۇھەببەتكە تۇغما ئىگە بولمايدۇ، بەلكى ئۇنى كېيىن قولغا كەلتۈرىدۇ. چۈنكى، بۇ مۇھەببەت ياخشى ئىشلاردىن تەركىب تاپقان تەبىئەتكە ئىگە بولۇپ، ئەمەللەرنىڭ دوستلۇقى بۇ دۇنيادا ۋە ئۇ دۇنيادا ئىنسانغا ئەسقاتىدۇ. كىشى ۋۇجۇدقا چىقارغان ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئىشلار ئاللاھ بىلەن بەندە ۋە بەندە بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدا مۇھەببەت رىشتىسى پەيدا قىلىدۇ. قۇرئان بۇنى خۇللە ياكى خىللە دەپ ئاتايدۇ. خىللە دەپ ئاتىلىدىغان دوستلۇق يەنە «ئەقىدە ۋە ئىدىيەدىن تەڭ بەھرلىنىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، بەھرلىنىش ناچار ياكى ياخشى تەبىئەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاللاھ تائالا ئەقىدە ۋە ئىدىيەنى ئورتاقلىششتىن كېلىپ چىقىدىغان مەزكۇر دوستلۇقنى مۇنداق ئىشارەت قىلىدۇ:

وَاِنْ كَادُوا لَيَفْتِنُونَكَ عَنِ الَّذِي اَوْحَيْنَا اِلَيْكَ لِتَفْتَرِيَ عَلَيْنَا غَيْرَهُ وَاِذاً لَاتَّخَذُوكَ خَلِيلاً

«مۇشرىكلار سېنى بىز ساڭا ۋەھيي قىلغان قۇرئانغا خىلاپلىق

قىلدۇرۇپ، باشقا نەرسىنى بىزنىڭ نامىمىزدىن ساقلا ئويدۇرۇپ چىقارغۇزۇشقا تاس قالدى. شۇنداق قىلغان بولساڭ ئىدىڭ، ئەلۋەتتە، ئۇلار سېنى چىن دوست (خەلىل) قىلىۋالاتتى» (ئىسرا سۈرىسى 73 - ئايەت).

ئىنكار قىلىشتا بىرلىككە كېلىش ۋە ئىنكار قىلىش پىسخىكىسىنى ئورتاقلىشىش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا كېلىدىغان يالغان دوستلۇق ھەققىدە توختالغان بۇ ئايەت، ئەقىدە پىرقىلىرىنىڭ يالغان مۇھەببەت نامىدا بىر - بىرىگە قانداق تەسىر كۆرسىتىشكە ئۇرۇنغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

**ئالاقە.** قۇرئاندا سۆيگۈ - مۇھەببەتنى ئىپادىلەيدىغان يەنە بىر سۆز «ئالاقە» بولۇپ، ئۇ «بىر ئادەمگە ياكى شەيئىگە كۆڭۈل بۆلۈش، كۆڭلىنى ئۇتتۇرۇپ قويۇش ۋە چىن قەلبىدىن سۆيۈش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئۇ سۆيگۈنىڭ قەلبتىكى شاخلىنىش ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ يەنە، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۇ سۆزنى ئالىقا دەپ ئوقۇغاندا، «ئايالنىڭ ھامىلدار بولۇپ قېلىشى ۋە ئىشنى بىلىشى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. شۇنداقلا، بۇ سۆز يەنە ئىسپىرما بىلەن تۇخۇمنىڭ ئۇچرىشىشىنى، ئۇلارنىڭ بىرىكىشىنى ۋە بىر - بىرىدىن يېگانە ۋۇجۇد ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئالغاندا، ئۇ ئايرىم - ئايرىم ئىككى تەندە ياشايدىغان، ئەمما يەككە روھقا ئايلىنىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان كۈچلۈك مۇھەببەتنى كۆرسىتىدۇ. ئوخشىمىغان ئىككى ئادەمنىڭ روھىنى بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدىغان بۇ مۇھەببەت ئىنساندىن بارلىققا كەلگەن ئىسپىرما ۋە تۇخۇمنىڭ رولى بىلەن باشلىنىدىغان بولۇپ، ئۇ بۇ ئىسمىنى شۇ ئىقتىداردىن ئالىدۇ:

خَلَقَ الْاِنْسَانَ مِنْ عَلَقٍ

«ئاللاھ ئىنساننى ئەلەقتىن ياراتتى» (ئەلەق سۈرىسى 2 ـ ئايەت).

ئانا قورسىقىدىكى بۇ تۆرەلمىنىڭ ماددىي قۇرۇلما جەھەتتە ئەڭ كىچىك ھالەتتىن ئەڭ چوڭ ھالەتكە، ئەڭ رەزىل ھالەتتىن ئەڭ شەرەپلىك دەرىجىگە كۆتۈرۈلۈشى ئەلەق ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مۇھەببەتنىڭ يۇمران ـ كىچىك ھالەتتىن باشلىنىپ ئەڭ يۇقىرى پەللىگە يېتىدىغان قۇرۇلمىسى بولغاچقا، ئۇ بۇ ئىسىم بىلەن ئاتالغان. باشقىچە ئېيتقاندا، ئەلەق ئۇقۇمى ئۆزگىرىش، تەرەققىيات ۋە سۈپەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەگەر بىز ئىسپېرما تۇخۇم بىلەن ئۇچرىشىشتىن تارتىپ تاكى قاۋۇل ـ چوڭ بەدەنگە ئايلانغۇچە باشتىن ئۆتكۈزگەن ئۆزگىرىش ۋە سۈپەتلەرنى بىرلىكتە ئويلاشقىنىمىزدا، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتە شەكىللىنىشىمۇ ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكىگە ئوخشاش ئۆزگىرىش ۋە سۈپەتنى باشتىن ئۆتكۈزىدۇ. ماددىي ۋە مەنىۋى ئۆزگىرىش ھەم تەرەققىياتنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ئۇقۇم، مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ ھەم تەربىيىلىنىشكە ماس كېلىدىغانلىقىنى، ھەم تەربىيىلىگۈچى قۇرۇلمىسىنىڭ بارلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

ئەگەر بىز ئالاقىنى «مۇئەللەق» دەپ ئوقۇساق، «ئېسىلىپ قېلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ كەلىمە نىسا سۈرىسىنىڭ 129 ـ ئايىتىدە، ئىككى ئايالنىڭ بىرىگە «كۆڭۈل بۆلمەسلىك» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. پەرۋاسىزلىقنى، كۆڭۈل بۆلمەسلىكنى ئىپادىلەيدىغان بۇ ئۇقۇم، ئەكسىچە، كۆڭۈل رىشتىسىنى ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بىلەن باغلىنىشنى كۆرسىتىدۇ. «ئۇ كىشىنىڭ كۆڭلى مەسچىتكە باغلانغان» (بۇخارى، ئەزان، 36). رەسۇلۇللاھ بۇ ئۇقۇمنى مەسچىتتە ناماز ئوقۇشنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەمنى

تەسۋىرلىگەندە قوللانغان. «مۆمىننىڭ روھى دىنىغا باغلانغان بولىدۇ» (تىرمىزى، جەنائىز، 76). ھەدىستە «باغلانغان» سۆزى ئالاقىدىن كەلگەن. بۇ يەردىكى مۇھەببەت ھېرىسنى بىلدۈرىدۇ، كىشىلەرگە ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ھەقىقەت ئېلىپ كېلىدىغان قىممەت قاراشلارغا بولغان مۇھەببەت رىشتىسىنى كۆرسىتىدۇ. مۇئەللەق دەپ ئاتىلىدىغان مۇھەببەت رىشتىسى، بەزىدە كىشىلەرنىڭ ھەقىقەتنى كۆرۈشكە توسالغۇ بولىدىغان رىشتە بولۇپ قالىدۇ. بۇ، ئېھتىمال، خاتا ئىدېئولوگىيە ئۆچۈن جېنىنى پىدا قىلغۇدەك دەرىجىدە كىشىلەرنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىدىغان ناتوغرا مۇھەببەت رىشتىسى بولۇشى مۇمكىن. مۇئەللەق ئۇقۇمى زەنجىر بىلەن بىر يەرگە كەلگەندە، «زەنجىرلەنگەن»لىكنى ئىپادىلەيدۇ (بۇخارى، تەبىر، 35).

بەزىدە، بۇ مۇھەببەت كىشىلەرگە ھاياتنى توغرا كۆرسەتمەيدىغان، ئۇلارنىڭ ئوي - پىكىرلىرىنى ئۆزىگە ئەسىر قىلىدىغان، ئەقلىنى ئىشلەتكۈزمەيدىغان ۋە غىدىقلاشقا قارشى تۇرىدىغان مۇھەببەتكە ئايلىنىشى مۇمكىن. خاتا نەرسىگە بولغان ساداقەتمەنلىكنى ئىپادىلەيدىغان مۇئەللەق ئاتىلىق بۇ مۇھەببەت كىشىلەرنى مەھبۇس قىلىدۇ. ھېس - تۇيغۇ تەربىيىسىدە «ئالاقە» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ مۇھەببەت رىشتىنى تەربىيىلەش تولىمۇ مۇھىم. مۇھەببەت تۇيغۇسىنىڭ ئىنساننى ئەسىر قىلىپ تەرەققىي قىلىشىنى، تەپەككۇر قىلىشىنى ۋە يېڭىلىققا ئوچۇق بولۇشىنى توسۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئۇنى ئۇلۇغۋار غايە، يۈكسەك قىممەت قاراشقا ۋە ئىنسانىيەتكە تۇتاشقان مۇھەببەت رىشتىسىگە ئايلاندۇرۇش كېرەك. بۇ خىل مۇھەببەتنى ئىنسانىيەتنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە تۈرتكە بولىدىغان ھېسسىيات سۈپىتىدە ئىشلىتىشنىڭ يوللىرىنى تېپىپ چىقىش، مائارىپنىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇشى كېرەك. ياشلارغا قايسى پىكىر، پەلسەپە ۋە

ئىدېئولوگىيىگە مايىل بولۇشى كېرەكلىكىنى ئۆگىتىشىمىز لازىم. نۆۋەتتە، ياشلىرىمىز كارغا كەلمەيدىغان ۋە ئىنسانىيەتكە قىممەت قوشمايدىغان پەلسەپە ئۈچۈن ئىسراپ بولۇۋاتىدۇ. بىز ئادەتتىكى ئىشلار ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان ياشلىرىمىزنى ئۇلۇغۋار غايە - ئېتىقادقا يېتەكلەش ئارقىلىق، ئىلاھىي مەنبەلىك ئۇنىۋېرسال قىممەت قاراشقا مۇھەببەت بىلەن سادىق بولۇشقا ياردەم بېرىشىمىز كېرەك.

## 2) مۇھەببەتنىڭ تۈرلىرى

### i. روھانىي مۇھەببەت

مۇھەببەت ساھەسىگە كىرگەندە، ئىبنى ئەرەبىنى تىلغا ئالماي ئۆتۈش مۇمكىن ئەمەس. ئىبنى ئەرەبى ئىلاھىي مۇھەببەت ناملىق كىتابىدا «روھانىي مۇھەببەت» ھەققىدە توختالغان بولۇپ، ئۇ بۇ خىل مۇھەببەتنى «مەشۇقنى ھەم ئۇنىڭ ئۈچۈن، ھەم ئۆز نەپسى ئۈچۈن سۆيۈش ھالىتىنى ئاشىق ۋۇجۇدىدا بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرىدىغان مۇھەببەت» ئىپادىسى بىلەن ئىزاھلىغان (ئىبنى ئەرەبى، روھانىي مۇھەببەت، 67 ـ بەت).

روھانىي ئاشىق مۇھەببىتىنى ئىككىگە ئايرىپ، بىر ئۆلۈشنى ئاشىقىغا، يەنە بىر ئۆلۈشنى ئۆزىگە تەقسىم قىلىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مەشۇقى ئۈچۈن سۆيەلەيدىغان بولۇشتىن باشلىنىدىغان مۇھەببەت شەخسىي مەنپەئەتتىن يىراق بولغان ئىشقنى ئىپادىلەيدۇ. بىز ئىككى تەندە ياشايدىغان روھنىڭ يەك ۋۇجۇد ـ روھقا ئايلىنىشىنى «ئالاقە» مۇھەببىتى دېگەنىدۇق. ئىبنى ئەرەبى بولسا، سۆيىدىغان روھنىڭ ئايرىم ئىككى تەنگە ئايرىلىشىدىن ئىبارەت كۆزقاراشنى ئوتتۇرىغا قويىدى. ئىبنى ئەرەبىنىڭ بۇ سۆيگۈسى شەخسىيەتسىز مۇھەببەت بولۇپ، ئۇ سۆيگىنىگە ئاشىق بولۇشنى ئېسىل پەزىلەت دەپ قارايدۇ. ئىبنى ئەرەبى بۇ مۇھەببەتنىڭ قانداق بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى تەسۋىرلىگەندە، ناھايىتى قىزىقارلىق بىرلىشىشنى بارلىققا كەلتۈرگەن. روھانىي مۇھەببەتنى پەقەت «ئەقىل» بىلەن «بىلىم» نى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرگىلى بولىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇنىڭ

سۆزىگە قارىغاندا، ئەقىل ۋە بىلىم كىشىلەرنى پىشىپ يېتىلدۈرىدۇ ۋە پاراسەتلىك كىشىگە ئايلاندۇرىدۇ. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تۇيغۇسى بۇ ئىككىسىنى ئۆز باغرىدا ئېرىتىدۇ. يەنى پاراسەتلىك كىشى ئەقىل بىلەن بىلىمنى سۆيگۈ ئوچىقىدا بىرلەشتۈرۈپ ئېرىتىدۇ. ئىبنى ئەرەبى ئەقىل، بىلىم ۋە مۇھەببەت ئۇقۇمىنى ئېرىتىپ ئىشىققا ئايلاندۇرۇپ، بۇ بىرىكىشتىن يېڭى شەكىل ھاسىل قىلىش ئارقىلىق، مۇھەببەتنى مەۋجۇتلۇقنىڭ سەۋەبى دېگەن چۈشەنچىگە ئىگە بولغان. ئۇ بۇنى بىر بېيىتىدا چۈشەندۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «مەۋجۇتلۇق زامانى ۋىسال پەيتىدۇر، ياخشى كۆرۈش پەيتىدۇر، يەڭلار، ئىچىڭلار» (ئىبنى ئەرەبى، روھانىي مۇھەببەت، 68 ـ بەت). ئەقلىنىڭ بىلىم بىلەن، ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇھەببەت بىلەن ئۇچرىشىشى مەۋجۇتلۇققا باراۋەر. روھنىڭ تەن بىلەن ئۇچرىشىشى مەۋجۇتلۇقنىڭ بىرىنچى شەرتى بولغاندەك، مۇھەببەتنىڭ ئەقىل ۋە بىلىمگە ئىگە بولۇشى مەۋجۇتلۇقنىڭ يەنە بىر شەرتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئىنسان ئەقلىنى ئىشلەتكەندە بىلىمگە ئىگە بولىدۇ، بۇ روھنىڭ بەدەنگە ئىگە بولۇشىغا ئوخشايدۇ. ئەمما، ئەقىل ھەم بىلىمگە، ھەم مۇھەببەتكە ئىگە بولغاندا، ئاندىن تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيىدە مەۋجۇتلۇق ئېڭى بارلىققا كېلىدۇ.

مەلۇم بولغىنىدەك، دېكارت: «تەپەككۇر قىلىۋاتىمەن، دېمەك، مەن مەۋجۇت» دېدى. ئىبنى ئەرەبى بولسا مەۋجۇتلۇقنى باشقا بىر ئەقىدىدە ئىپادىلىدى: «سۆيىمەن، دېمەك، مەن مەۋجۇت!». ئىبنى ئەرەبى باشقا مىسرالاردا مۇنداق دەيدۇ:

*«مېنى باشتىن ـ ئاخىر كۆيدۈرۈپ كۆل قىلغۇچىنىڭ نۇرى،*

*تەجەللىي قىلغاندا، بىردىنلا قاراڭغۇلۇق غايىب بولدى.*

*ئۇلۇغ مۇھەببەت بىلەن ئۇنىڭغا بېغىشلىدىم ئۆزۈمنى،*

*ئەمما بۇ مۇھەببەت، كىشىنى قاتتىق تەۋرىتىدۇ.*

*مۇھەببەتنىڭ تەسىرى بىلەن ئارزۇنىڭ قىزىقتۇرۇشى ئوتتۇرىسىدا*

*قېنى كىم بىردەم ئارام تاپالايدۇ؟*» (ئىبنى ئەرەبى، روھانىي مۇھەببەت، 68 ـ بەت).

ئىبنى ئەرەبى بۇ مىسرالار بىلەن، مۇھەببەتنى ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنى ۋە كەلگۈسىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان نۇر دەپ ئىزاھلىغان. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت ئۆزىنى بېغىشلاش بولۇپ، ئۆزىنى بېغىشلاش ۋە مەرىپەت بولمىسا، روھانىي مۇھەببەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. مۇھەببەت ئىنساننى ئۆزىدىن ئايرىپ، ئۇنى ئاللاھقا بېغىشلايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ بېغىشلاش «مەۋجۇتلۇقنى تېپىش» بولۇپ، بۇ مەۋجۇتلۇق ھەقىقىي مەۋجۇتلۇق بولىدۇ. خام مەۋجۇتلۇقنى تاشلاپ، مۇھەببەت ئېلىپ كەلگەن تاكامۇل مەۋجۇتلۇقنىڭ ۋىسالىغا يەتكىلى بولىدۇ. مانا بۇ يېڭى مەۋجۇتلۇق، مەشۇقى بىلەن بىللە بولۇشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

روھانىي مۇھەببەت ئىنساننىڭ «شەخسىيىتى» نى ئورىۋالىدۇ. بۇنداق تەسىر ئاستىدا، ئىنسان ئۆزىنى توختىماس ھەرىكەت قاينىمىدا تاپىدۇ. بۇ مۇھەببەت بىر يۈرۈش ھەرىكەت ۋە ئىشنىڭ نامىغا ئايلىنىدۇ. بۇ خىل مۇھەببەت ئىلاھىي ئىلتىپات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**ii. مال ـ دۇنيا سۆيگۈسى**

قۇرئاندا مال ـ دۇنياغا بولغان مۇھەببەتمۇ تىلغا ئېلىنغان:

وَتُحِبُّونَ الْمَالَ حُباًّ جَماًّ

«مال ـ دۇنيانى بەك ياخشى كۆرىسىلەر» (فەجر سۈرىسى 20 ـ ئايەت).

ئۆزى ئىگە بولغان نەرسىنى سۆيۈش ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بار.

سۆيگۈ ـ مۇھەببەت تۇيغۇسى تەربىيە كۆرمىگەن كىشىلەردە مال ـ دۇنياغا بولغان ھېرىس مۇقەددەس مۇھەببەتكە ئايلىنىدۇ. تۆۋەندىكى ئايەتتە مال ـ دۇنيانى سۆيۈشنىڭ تەبىئىيلىك ئىكەنلىكى مۇنداق بايان قىلىنغان:

زُيِّنَ لِلنَّاسِ حُبُّ الشَّهَوَاتِ مِنَ النِّسَّاءِ وَالْبَنِينَ وَالْقَنَاطِيرِ الْمُقَنْطَرَةِ مِنَ الذَّهَبِ وَالْفِضَّةِ وَالْخَيْلِ الْمُسَوَّمَةِ وَالْاَنْعَامِ وَالْحَرْثِۜ ذٰلِكَ مَتَاعُ الْحَيٰوةِ الدُّنْيَا وَاللّٰهُ عِنْدَهُ حُسْنُ الْمَاٰبِ

«ئاياللار، ئوغۇللار، ئالتۇن ـ كۈمۈشتىن توپلانغان كۆپ ماللار، ئارغىماقلار، چارۋىلار ۋە ئېكىنلەردىن ئىبارەت كۆڭۈل تارتىدىغان نەرسىلەرنىڭ مۇھەببىتى ئىنسانلارغا چىرايلىق كۆرسىتىلدى. ئۇلار دۇنيا تىرىكچىلىكىدە مەنپەئەتلىنىدىغان (باقاسى يوق) شەيئىلەردۇر. ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا بولسا قايتىدىغان گۈزەل جاي (يەنى جەننەت) بار» (ئالئىمران سۈرىسى 14 ـ ئايەت).

بىز بۇ ئايەتتىن چىقىرىدىغان پىرىنسىپلار تۆۋەندىكىچە:

1) ئاللاھ ئىنساننى ياراتقان ۋاقىتتا، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىغا دۇنيا ھاياتىنىڭ تۈرلۈك ماددىي قىممەت قارىشىغا بولغان مۇھەببەتنى سىڭدۈرگەن.

2) بۇ خىل مۇھەببەت ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ زىننىتى.

3) ئاللاھ بۇ ماددىي شەيئىلەرنىڭ ۋاقىتلىق ئىكەنلىكىنى، شۇڭا ئۇلارنى مۇقەددەس قىلىۋالماسلىق لازىملىقى ھەققىدە نەسىھەت قىلغان. دۇنيالىق شەيئىلەرنىڭ مۇھەببىتى بۇ دۇنيادا قالىدۇ. ئاللاھ ئىنسانلارغا ھەقىقىي مەڭگۈلۈك گۈزەللەرنىڭ ئۇنىڭ ھۇزۇرىدا ئىكەنلىكىنى ئەسكەرتىپ، شۇلارنى كۆزلەشنى تەۋسىيە قىلغان.

ئاللاھنىڭ بۇ تەلىمىدىن ئايان بولىدۇكى، فەجر سۈرىسىنىڭ 20 - ئايىتىدە كۆرسىتىلگەندەك، كىشىلەرنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈپ، ئۇلارنى ئاللاھ قىلىۋېلىش خەۋپى ھەردائىم مەۋجۇت. فەجر سۈرىسىنىڭ 20 - ئايىتىدىكى «مۈلۈك» ئۇقۇمى ماددىي قىممەتنى ئىپادىلەيدۇ. مالنى سۆيۈشنىڭ مۇقەددەس بولۇپ قالغان ياكى قالمىغانلىقى قانداق مەلۇم بولىدۇ؟ ئاللاھ بۇنىڭغا مۇنداق جاۋاب بەرگەن:

يَٓا اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا لَا تُلْهِكُمْ اَمْوَالُكُمْ وَلَٓا اَوْلَادُكُمْ عَنْ ذِكْرِ اللّٰهِ وَمَنْ يَفْعَلْ ذٰلِكَ فَاُولٰٓئِكَ هُمُ الْخَاسِرُونَ

«ئى مۆمىنلەر! ماللىرىڭلار ۋە بالىلىرىڭلار سىلەرنى ئاللاھنى ياد ئېتىشتىن غەپلەتتە قالدۇرمىسۇن. كىمكى شۇنداق قىلىدىكەن، ئۇلار زىيان تارتقۇچىلاردۇر» (مۇنافىقۇن سۈرىسى 9 - ئايەت).

ئەگەر مال - دۇنياغا بولغان مۇھەببەت ھېرىسقا ئايلانسا، ئۇ ئىنسانىنىڭ ياراتقۇچىغا بولغان مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىشىغا توسالغۇ بولۇپ، ئىبادەتلىرىنى ئادا قىلىشىنى توسىدۇ. بۇ، مال - دۇنياغا بولغان مۇھەببەتنىڭ ئۇنى قۇل قىلغانلىقىنىڭ ئالامىتى. بۇ ئايەتتە، ئۇلۇغ ئاللاھ بايلىقنى ھەددىدىن زىيادە سۆيۈش ھېرىسقا ئايلانغاندا، كىشىلەرگە قانداق زىيانلارنى يەتكۈزىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ، كىشىلەرگە بايلىقنى سۆيۈشكە قارىتا ئاگاھلىق پوزىتسىيە تۇتۇشنى ئۆگىتىدۇ. بىز يۇقىرىدا سورىغان سوئالنىڭ يەنە بىر جاۋابى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە بېرىلگەن:

كَلَّا بَلْ لَا تُكْرِمُونَ الْيَتِيمَ وَلَا تَحَٓاضُّونَ عَلٰى طَعَامِ الْمِسْكِينِ

«ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. سىلەر يېتىمغا (پۇل - مال) بەرمەيسىلەر، بىر - بىرىڭلارنى مىسكىنلەرگە ئاش - نان بېرىشكە تەرغىب قىلمايسىلەر» (فەجر سۈرىسى 18 - 17 - ئايەتلەر).

مال ـ دۇنياغا بولغان مۇھەببەتنى ئىلاھلاشتۇرۇشنىڭ ئالدىنى ئالدىغان يەنە بىر ھەرىكەت سېخىيلىق بولۇپ، يېتىم ۋە كەمبەغەللەرنى يۆلەش، ئۇلارنى بېقىش ئۈچۈن پۇل ـ مال سەرپ قىلىش دۇنيادىكى ئەڭ ئالىيجاناب ئىش ـ ھەرىكەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى ئاللاھنىڭ نەزىرىدىكى ئەڭ مۇھىم ئەمەل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ مال ـ مۈلكىدىن پۇل خەجلەپ پىداكارلىق قىلىشى، ئۇنىڭ بۇ مال ـ مۈلكىنى ئىلاھ قىلىۋالمىغانلىقىنىڭ ئەڭ مۇھىم دەلىلى. شۇڭلاشقا، سېخىيلىقنىڭ ئەھمىيىتى كىشىلەرگە سىڭدۈرۈلۈپ، كەمبەغەللەرگە يار ـ يۆلەكتە بولۇشنىڭ ئاللاھ ئالدىدىكى قىممىتى چۈشەندۈرۈلۈشى كېرەك. مالنى ياخشى كۆرۈشتىن كېلىپ چىققان بېخىللىق نەتىجىسىدە يىغىلغان ماللارنىڭ كىشى ئۆلگەندىن كېيىن بالىلىرى تەرىپىدىن سورۇلۇپ تۈگىتىلىشى، زىيان تارتىشنىڭ دەل ئۆزى بولىدۇ. ئەجەبا، دادىسى تەرىپىدىن ئىلاھ قىلىنغان ماددىي قىممەتنىڭ پەرزەنتلەر تەرىپىدىن خاماندەك سورۇۋېتىلىشى ئەڭ چوڭ ئالدىنىش ئەمەسمۇ؟ ئىلاھنىڭ ئىستېمال قىلىنىپ يوق قىلىنىشى، ھەزرىتى ئۆمەرنىڭ مۇنداق سۆزىنى ئەسلىتىدۇ: «بىز ئىلگىرى ھالۋىدىن ئىلاھ ياسايتتۇق، ئاندىن قورسىقىمىز ئاچقاندا ئۇنى يەيتتۇق». جاھىلىيەت دەۋرىدە بولغان بۇ ئادەت بۈگۈنمۇ يەنىلا داۋاملاشماقتا. پىخسىق ئاتىلارنىڭ ئىلاھلىرىنى بالىلىرى يەيدۇ.

### iii. ئانا مۇھەببىتى

مۇھەببەتنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى تۈرلىرىنىڭ بىرى ئانىنىڭ بالىسىغا بولغان مۇھەببىتى بولۇپ، مەشھۇر ئىسلام پەيلاسوپى فارابى مۇھەببەتنى تەبىئىي ۋە ئىختىيارى دەپ ئىككىگە ئايرىغاندا، ئانىنىڭ مۇھەببىتىنى تەبىئىي مۇھەببەت كاتېگورىيىسىگە كىرگۈزگەن.

مۇھەببەت ھەمىشە ئالغا ئىلگىرىلەش خاراكتېرىگە ئىگە بولۇپ، ئاتا ـ ئانىدىن بالىلار ۋە نەۋرىلەرگە قاراپ تارقىلىدۇ، مەنپەئەتنى ئاساس قىلمايدۇ. لېكىن، مۇھەببەتنىڭ پەرزەنتلەردىن ئاتا ـ ئانىلارغا قاراپ تارقىلىشى تولىمۇ مۇشكۈل، ھەتتا مۇمكىن ئەمەس. پەقەت ھۆرمەت ۋە ئېھسانلا بۇ يۆنىلىشكە قاراپ تارقىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ بالىلىرىنى ياخشى كۆرۈشى تەبىئىي بولغاچقا، قۇرئاندا بۇنىڭغا بۇيرۇلمىغان، يەنى بۇ ئىبادەت ئەمەس. ئەمما، پەرزەنتلەرنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ياخشى كۆرۈشى ۋە ھۆرمەتلىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇشكۇلاتلىرىغا كۆڭۈل بۆلۈشى قۇرئاننىڭ بۇيرۇقى بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

ئېرىچ فروم ئانا مۇھەببىتىنى ئەسلىدىنلا باراۋەر بولمىغان ئىككى ئادەم ئوتتۇرىسىدىكى مۇھەببەت دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرى ياردەمگە موھتاج بولۇپ، يەنە بىرى بۇ ئېھتىياجنى قاندۇرىدۇ. بۇ شەخسىيەتسىز ئالاھىدىلىك سەۋەبىدىن، ئانا مۇھەببىتى مۇھەببەتنىڭ ئەڭ يۇقىرى تۈرى ۋە ھېسسىي رىشتىلەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغى دەپ قارىلىدۇ.

ئېرىچ فروم «ياردەم قىلىش» ھەرىكىتىنى ئانىلىق مۇھەببەتنىڭ ئالامىتى دەپ قارايدۇ. قۇرئان ئانىلارنىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئېلېمېنتىنى «كۆيۈنۈش» ۋە «تەربىيە»دە كۆرىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ بەندىلىرىگە بولغان مېھىر ـ شەپقىتىنى ئانىلار بالىلىرىغا كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئانا ئاللاھنىڭ بۇ خۇسۇسىيىتىنى يەر يۈزىدە ياشىنىتىدىغان ئەڭ ئالىي مەۋجۇدىيەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. كۆيۈمچانلىق ئۇقۇمىنىڭ ئۆزىدە مۇھەببەت بولىدۇ. مۇھەببەت بولمىسا، مېھىر ـ شەپقەتتىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ. ئىسرا سۈرىسىنىڭ 24 ـ ئايىتى «تەربىيە» بىلەن «مېھىر ـ شەپقەت»نى، يەنى «مۇھەببەت»نى بىرلەشتۈرگەن. ئانىنىڭ

بالىسىغا بولغان كۆيۈنۈشى ئانا مۇھەببىتىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلانغان شەكلىدىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئانىنىڭ پىداكارلىقى، ئۇ تارتقان ئازاب، سۈت بېرىش، قويۇق ھېسسىي مۇناسىۋەت بىلەن بېقىپ چوڭ قىلىشى قاتارلىقلار ئانىنىڭ مۇھەببىتىنىڭ مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ.

ئېرىچ فروم ئانىنىڭ مۇھەببىتىنى تەھلىل قىلىش جەريانىدا ناھايىتى ئەھمىيەتلىك ۋە مۇھىم بىر نۇقتىنى ئوتتۇرىغا قويغان بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى قارىشى قۇرئانغا يېقىنلىشىدۇ. ئۇنىڭ سۆزىگە قارىغاندا، ئانا مۇھەببىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيىتى تەربىيەنىڭ ئۈنۈمى بىلەن ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. كىچىك بوۋاققا كۆرسىتىلگەن مۇھەببەت مۇھەببەتنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى ئىسپاتلاپ بېرەلمەيدۇ، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان بالىغا كۆرسىتىلگەن مۇھەببەت بۇنى ئىسپاتلايدۇ. ھايۋانمۇ ئۆزىنىڭ كۈچۈكىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئەمما بۇ مۇھەببەت تۇغما مەنبەدىن كېلىدۇ. ئانىنىڭ بالىسىغا بولغان مۇھەببىتىمۇ تۇغما مەنبەدىن كېلىدۇ، شۇنداقلا مەلۇم ئاڭ مەنبەسىدىنمۇ ئوزۇقلىنىشى كېرەك. مۇھەببەت، بالىسىغا بېرىدىغان تەربىيەنىڭ سۈپىتى بىلەن مۇۋەپپەقىيەتكە ئېرىشىدۇ ۋە ئىجتىمائىي ئۆلچەمگە ئېرىشىش ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە تارقىلىدۇ.

تۇغۇلۇپ كوچىغا تاشلىۋېتىلگەن بالىنى ئانىسى ئاڭلىق ھالدا ياخشى كۆرىدۇ دېيىش مۇمكىن ئەمەس. ئېرىچ فروم بۇ قاراشلىرى بىلەن قۇرئانغا يېقىنلىشىدۇ.

قۇرئان مېھىر - شەپقەت بىلەن تەربىيەنى بىرلەشتۈرۈش ئارقىلىق مۇھەببەتنىڭ ئىنسانىيەتكە تارقىلىشىغا دىققەت تارتىدۇ. ئانىنىڭ قەلبىدىن چىققان مۇھەببەت دەرىخى تەربىيە ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا يېيىلىدۇ.

**vi. دۇنيا سۆيگۈسى**

مۇھەببەت تۇيغۇسى يۆزلەنگەن ئوبيېكتلارنىڭ بىرى «دۇنيا». بىز بۇنى «دۇنيا سۆيگۈسى» دەپ ئاتايمىز. دۇنيانى ھەددىدىن زىيادە ياخشى كۆرۈش ئادەمنى دۇنياغا چوقۇنۇشقا يېتەكلەيدۇ. دۇنياغا ھەددىدىن زىيادە باغلىنىش دۇنيا سۆيگۈسىنىڭ مەھسۇلى.

«دۇنيا سۆيگۈسى پۈتكۈل خاتالىقنىڭ ئانىسى» دېگەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام، ھېرىسقا ئايلانغان دۇنيا سۆيگۈسىنىڭ كىشىلەرگە نېمىلەرنى قىلدۇرالايدىغانلىقىنى ئىما قىلىپ ئۆتكەن. بارلىق ماددىي قىممەتلەردىن تەركىب تاپقان دۇنيا ئىككىلەمچى قىممەتكە ئىگە. بۇ ئىككىلەمچى قىممەت - قاراشلارنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ھەسەل ھەرىلىرى ئاساسلىق نىشان ئەمەس، ھەم ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك. ئەگەر ئىنسان دۇنيانى باشقۇرسا، ئۇ خاتالىق ئۆتكۈزمەيدۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ئەكسىچە، دۇنيا ئىنسانغا ھۆكۈمران بولسا، ئۇنىڭ خاتالىق سادىر قىلىشى مۇقەررەر. «مۇھەببەت» بىلەن «دۇنيا» بىر يەرگە كەلگەندە، ئۇلۇغ ئاللاھ دۇنيانى «ئاجىلە (عَاجِلَ)» دەپ ئاتايدۇ. ئاجىلە - جىددىي، دەرھال، يەنى كۆز ئالدىدىكى خۇشاللىقنى ئىپادىلەيدۇ. ئاللاھ ۋاقىتلىق لەززەتلەرنىڭ بىرىكمىسىنى «ئاجىلە» دەپ ئاتايدۇ. بۇ ھەقتىكى ئايەت تۆۋەندىكىچە:

كَلَّا بَلْ تُحِبُّونَ الْعَاجِلَةَ وَتَذَرُونَ الْاٰخِرَةَۜ

«ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. سىلەر ھەقىقەتەن بۇ دۇنيا لەززەتلىرىنى ياخشى كۆرىسىلەر، ئاخىرەتكە كۆڭۈل بۆلمەيسىلەر» (قىيامەت سۈرىسى 21 - 20 - ئايەتلەر).

دۇنيا ھاياتىنى ئىلاھلاشتۇرغىدەك دەرىجىدە ھەددىدىن زىيادە ئۇلۇغلاپ سۆيۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، ئاللاھ دۇنيا ھاياتىنىڭ نېمىلىكىنى تونۇشتۇرۇپ، ئۇنىڭ خۇسۇسىيىتى ھەققىدە كىشىلەرگە ساۋاق بەرگەن. مۇناسىۋەتلىك ئايەت تۆۋەندىكىچە:

اِعْلَمُوا اَنَّمَا الْحَيٰوةُ الدُّنْيَا لَعِبٌ وَلَهْوٌ وَزِينَةٌ وَتَفَاخُرٌ بَيْنَكُمْ وَتَكَاثُرٌ فِي الْاَمْوَالِ وَالْاَوْلَادِۜ كَمَثَلِ غَيْثٍ اَعْجَبَ الْكُفَّارَ نَبَاتُهُ ثُمَّ يَهِيجُ فَتَرٰيهُ مُصْفَرّاً ثُمَّ يَكُونُ حُطَاماًۜ وَفِي الْاٰخِرَةِ عَذَابٌ شَدٖيدٌ وَمَغْفِرَةٌ مِنَ اللّٰهِ وَرِضْوَانٌۜ وَمَا الْحَيٰوةُ الدُّنْيَا اِلَّا مَتَاعُ الْغُرُورِ

«بىلىڭلاركى، دۇنيا تىرىكچىلىكى ئويۇن ۋە كۆڭۈل ئېچىشتىن، زىبۇزىننەتتىن، ئۆزئارا پەخىرلىنىشتىن، پۇل - مال، پەرزەنت كۆپەيتىپ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەتتۇر. بۇ دۇنيا ھاياتى، ئۆسۈملۈكى دېھقانلارنى خۇرسەن قىلغان يامغۇرغا ئوخشايدۇ. ئاندىن ئۇ ئۆسۈملۈك قۇرۇپ قالىدۇ، ئۇنىڭ سارغىيىپ قالغانلىقىنى كۆرىسەن. كېيىن ئۇ يەنچىلگەن چۆپكە ئايلىنىدۇ. ئاخىرەتتە (كۇففارلار ئۈچۈن) قاتتىق ئازاب بار، (ياخشى بەندىلەر ئۈچۈن) ئاللاھنىڭ مەغپىرىتى ۋە رازىلىقى بار. دۇنيا تىرىكچىلىكى پەقەت (غاپىل ئادەم) ئالدىنىدىغان بەھرىمەن بولۇشتۇر» (ھەدىد سۈرىسى 20 - ئايەت).

بۇ ئايەت دۇنيا ھاياتىنىڭ تۆۋەندىكى ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىنسانلارنىڭ ئېڭىغا سىڭدۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ:

1) دۇنيا ھاياتى بىر ئويۇن. بۇ ئالاھىدىلىكنى ئۈچ خىل ئۇسۇلدا ئىزاھلاشقا بولىدۇ: بىرىنچىسى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئويۇندىكى رولىنى، يەنى ئايال ئايالىق، پەرزەنت پەرزەنتلىك رولىنى ئوينىشى، ھەممە ئادەم ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى ئورنىغا قاراپ ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرۇشى كېرەك. خۇددى روللار ياخشى ئوينالمىغان تىياتىرنىڭ سەنئەت قىممىتى بولمىغاندەك،

دۇنيا ھاياتىدا رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرالمىغان كىشىلەر دۇنيا ھاياتىنىڭ بەدىئىي زوقىنى بۇزىدۇ. ئىككىنچىسى، دۇنيا ھاياتى بىر ئويۇن بولغاچقا، ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭ ھارغىنلىقىنى ئىما قىلىۋاتىدۇ. ئۈچىنچىسى، دۇنيا ھاياتىنىڭ خۇددى ئويۇنغا ئوخشاش چەكلىك، ئۆتكۈنچى ۋە ئەرزىمەسلىكىگە دىققەت تارتىدۇ.

2) دۇنيا ھاياتى كۆڭۈل ئېچىشتىن ئىبارەت. ۋاقىتنى بىھۇدە ئىسراپ قىلدۇرۇپ، ئاندىن پۇشايمان قىلدۇرۇشتەك خۇسۇسىيىتى بار.

3) دۇنيا ھاياتى زىننەت. دۇنيا ھاياتى خۇددى زىننەت بۇيۇمىغا ئوخشاش سۇنئىي بولۇپ، ھامان غايىب بولىدۇ. ئۇ پەقەت ئادەمنىڭ ھاياتىغا رەڭ قوشىدۇ، خالاس.

4) دۇنيا ھاياتى ماختىنىش ـ پەخىرلىنىشتىن ئىبارەت. كىشىلەر ئىگە بولغان ماددىي قىممەتلەر بىلەن باشقىلارغا تەكەببۇرلۇق ۋە مەنمەنچىلىك قىلىدۇ.

5) يەنە بىر تەرەپتىن، دۇنيا ھاياتى كۆپىيىش ۋە ئالدىنىشتىن ئىبارەت.

بىر مۇسۇلمان دۇنيا بىلەن ئاخىرەت ئوتتۇرىسىدا تەڭپۇڭلۇق ئورنىتالايدىغان بولۇشى كېرەك. ئۇ ئاخىرەتنىڭ، يەنى ئەبەدىي ھاياتنىڭ بۇ دۇنيا ئارقىلىق قولغا كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى شۇنىڭغا ئاساسەن ئورۇنلاشتۇرىدۇ. دۇنيانى پۈتۈنلەي تەرك قىلىش ئىدىيىسى توغرا ئەمەس. چۈنكى، دۇنياسىنى ئەھيا قىلالمىغانلارنىڭ ئاخىرەتتە سائادەتكە ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۆزىمىزنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ئىشلىرىمىز بىلەن ئاندىن ئاخىرەتنى قولغا كەلتۈرىدىغانلىقىمىزدىن ئىبارەت ئاڭ كاللىمىزغا سىڭىشى كېرەك. بىزدە ئومۇملاشقان بىر بۇردا نان،

بىر كـۈلاھ ـ جەنـدە ئىگـى پۈتۈنلـەي خاتا. ئىنسانىي يارىتىشنىڭ يەنـە بىـر سـەۋەبى، دۇنيانـى گۈللەنـدۈرۈش ۋە ئۇنـى ئىنسانىيەتكە خىزمـەت قىلدۇرۇشـتىن ئىبـارەت. پەقـەت دۇنيانى ياكـى ئاخىرەتنىلا ياخشى كۆرۈشـنىڭ ئەكسـىچە، هـەر ئىككىسـىگە ئـۆز لايىقىـدا ئەهمىيـەت بېرىـش هەقىقـي ماهـارەت بولـۇپ هېسـابلىنىدۇ.

**٧. قېرىنداش سۆيگۈسى**

مۇهەببەتنىـڭ يەنـە بىـر تـۈرى قېرىنداشـلىق سۆيگۈسـى بولـۇپ، ئۇنـىڭ بىئولوگىيلىـك قېرىنداشـلىق ۋە ئېتىقادىي قېرىنداشـلىقتىن ئىبارەت ئىككى تۈرى مەۋجۇت. بىئولوگىيلىك قېرىنداشلىقنىڭ ئۇل ـ ئاساسى تۇنجى ئىنسان هەزرىتى ئادەمگە تۇتۇشـىدۇ. بىز كۈلتۈر قېرىنداشـلىقى دەپ ئاتايدىغان ئېتىقـاد ـ دىـن قېرىنداشـلىقى، ئوخشـاش ئەقىـدە ـ ئېتىقادتىكى كىشـلەرنىڭ قېرىنداشـلىقىنى كۆرسـىتىدۇ. يەنى:

اِنَّمَا الْمُؤْمِنُونَ اِخْوَةٌ ...

«مۆمىنلـەر پەقـەت قېرىنداشـتۇر...» (هۇجـۇرات سۈرىسـى 10 ـ ئايـەت).

فَاِنْ تَابُوا وَاَقَامُوا الصَّلٰوةَ وَاٰتَوُا الزَّكٰوةَ فَاِخْوَانُكُمْ فِي الدّٖينِۜ وَنُفَصِّلُ الْاٰيَاتِ لِقَوْمٍ يَعْلَمُونَ

«ئەگـەر ئۇلار (كۇپۇردىـن) تـوۋا قىلسـا، نامـاز ئۆتىسـە، زاكات بەرسـە، دىنـي جەهەتتـە سـىلەرنىڭ قېرىندىشـىڭلار بولـىدۇ. ئۇقىدىغـان خەلـق ئۈچـۈن ئايەتلەرنـى تەپسـىلي بايـان قىلىمـىز» (تەۋبـە سۈرىسـى 11 ـ ئايـەت).

«دىنىي قېرىنداشلىق» ياكى «ئىمان قېرىنداشلىقى» ئوخشاش مەنىنـى بىلدۈرىـدۇ. دىن هەرگىزمۇ دۈشـمەنلىك ساهەسـى ئەمەس. ئىمان ئېيتىـپ، دىنـدار بولغانلىقىنـى دەۋا قىلغۇچـىلار پۈتـۈن

ئىنسانلارنى قېرىنداش دەپ قارىشى كېرەك. ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەتكە تولغان كىشىلەر قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى دۇنياغا تارىتىپ، ئىنسانلارنىڭ قەلبىگە سىڭدۈرەلمەيدۇ.

قېرىنداشلىق سۆيگۈسى كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ئاچىدىغان مۇھەببەت بولۇپ، كىشىلەرنىڭ مەنىۋى قەلبلىرىنىڭ مۇھەببەت تومۇرلىرى ئېتىلىپ قالغان بۈگۈنكى كۈندە، بۇ تومۇرلارنىڭ ئېچىلىشى ئۈچۈن قېرىنداشلىق سۆيگۈسىنى، يەنى كىشىلەرنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىك ئېڭىنى قەلبلەرگە سىڭدۈرۈش كېرەك. دىنىنىڭ دەل مۇشۇ مۇھەببەتنى سىڭدۈرۈش ۋە قەلبلەرنىڭ توسۇلۇپ قالغان مۇھەببەت تومۇرىنى ئېچىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئىنسانىيەتكە ئۆگىتىش كېرەك. ئېرىچ فروم قېرىنداشلىق مۇھەببىتىنى بارلىق مۇھەببەتنىڭ ئۇلىتىگە قويىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ مۇھەببەت ئارقىلىق نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى مۇنداق ئىزاھلىغان: «مەن بىراۋغا بولغان مەسئۇلىيەت، قىزىقىش، ھۆرمەتنى ئۇ كىشىنى تونۇش، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ياشاشنى داۋاملاشتۇرۇش ئارزۇسى دەپ چۈشىنىمەن. مانا بۇ، ئىنجىلدا <قوشنىڭىزنى ئۆزىڭىزنى سۆيگەندەك سۆيۈڭ> ئىبارىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن مۇھەببەت تۈرى. قېرىنداشلىق سۆيگۈسى بارلىق كىشىلەرنى سۆيۈشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئەگەر مەن سۆيۈش ئىقتىدارىمنى يېتىلدۈرگەن بولسام، قېرىنداشلىرىمنى سۆيۈشتىن ئۆزۈمنى تارتالمايمەن».

قۇرئان ئېلىپ كەلگەن ئىلاھىي تەربىيەنىڭ ئاساسلىق مەقسىتى ئىنسانىيەتنىڭ بىئولوگىيىلىك قېرىنداشلىقىنى مەنىۋى قېرىنداشلىققا ئايلاندۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ بىئولوگىيىلىك قېرىنداشلىقىمىز ئۆز ئىختىيارىمىزدا ئەمەس، لېكىن مەنىۋى قېرىنداشلىق دەپ ئاتىلىدىغان كۈلتۈر قېرىنداشلىقىنىڭ شەكىللىنىشى بولسا بىزنىڭ

ئىلكىمىزدە. بىئولوگىيىلىك قېرىنداشلىق بارلىققا كەلتۈرگەن ئىتتىپاقلىقنىڭ ئىچكى تۈيغۇلار بارلىققا كەلتۈرگەن ھايۋانىي بىرلىككە ئوخشايدىغانلىقى ھەققەت. ئاللاھ بۇ بىرلىكنىڭ ئوخشاشلىقىنى مۇنداق ئىپادىلەيدۇ:

وَمَا مِنْ دَٓابَّةٍ فِي الْاَرْضِ وَلَا طَٓائِرٍ يَطِيرُ بِجَنَاحَيْهِ اِلَّٓا اُمَمٌ اَمْثَالُكُمْۜ

«مەيلى يەر يۈزىدە ماڭىدىغان ھايۋان بولسۇن ياكى ئىككى قانىتى بىلەن ئۇچىدىغان ئۇچار قۇش بولسۇن، ھەممىسى سىلەرگە ئوخشاش ئۈممەتلەردۇر ...» (ئەنئام سۈرىسى 38 ـ ئايەت).

ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىئولوگىيىلىك ئىتتىپاقلىق ـ بىرلىك ئارقىلىق بارلىققا كەلگەن جامائەتلەر بىلەن ئىچكى تۈيغۇلار تەرىپىدىن شەكىللەنگەن ھايۋانلار توپى ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىقنى كۆرسىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ھايۋانلاردىن پەرقلەنگەن ھالدا مەنىۋى، يەنى كۈلتۈر خاراكتېرلىك بىرلىك ـ ئىتتىپاقلىق بەرپا قىلىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويىدى. مەنىۋى ئىتتىپاقلىق ئەقىل، سۆيگۈ، بىلىم ۋە ئىلاھىي ئىرادە بىلەنمۇ ئورنىتىلىدۇ. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بولمىغان يەردە، كۈلتۈر بىرلىكى، يەنى ئىنسانىيەتنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكى ئېڭىنى بارلىققا كەلتۈرگىلى بولمايدۇ. مۇھەببەت بولمىغان يەردە، «ئىنسانىي ھەمكارلىق» ۋە «ئىنسانىي ئىتتىپاقلىق»نى شەكىللەندۈرگىلى ۋە ئۇنى ساقلاپ قالغىلى بولمايدۇ. جەمئىيەت ياكى مىللەتلەرنىڭ شەكىللىنىشىدىكى مەقسەت «تونۇشۇش» ياكى «ئارىلىشىش» بولۇپ، ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ 13 ـ ئايىتى بۇنى «تەئارافۇ (تَعَارَفُوا)» سۆزى بىلەن ئىپادىلەيدۇ. سۆيگۈ ـ مۇھەببەت بولمىغان يەردە، بىرىكىش ۋە كۈلتۈر بىرلىكىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس. گەرچە بىئولوگىيىلىك كۆرۈنۈش ۋە خاسلىقلار ئوخشىماسلىقنى كۆرسەتسىمۇ، لېكىن سىرتتىن ئىچىگە،

يەنى قەلبكە قاراپ ئىچكىرىلىگەنسېرى ئوخشاشلىقىمىز ئوتتۇرىغا چىقىدۇ. شۇڭا، بىئولوگىيىلىك قۇرۇلما ئوخشىماسلىقنى، قەلب بولسا ئوخشاشلىقنى بەلگىلەيدۇ. ئەقىل، مۇھەببەت ۋە ئىمان كىشىلەرنى بىر - بىرىگە باغلايدىغان ھەم ئۇلارنىڭ بىر مەنبەنىڭ ئوخشاش ئوبرازى ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدىغان ئامىل، شۇنداقلا قىممەت قاراش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

## 3) ئاللاھ كىمنى ياخشى كۆرىدۇ؟

### i. ئاللاھ «ئادىل بولغۇچىلار» نى ياخشى كۆرىدۇ

مۇھەببەتنىڭ تۈرلىرىنى كۆرۈپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئاللاھنىڭ كىملەرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقى - دوست تۇتىدىغانلىقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتۈشىمىز زۆرۈر.

ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ 9 - ئايىتىدە ھەممىگە قادىر ئاللاھ «ئادىل (عَدْلِ)» سۆزى بىلەن «قىست (قِسْطُ)» كەلىمىسىنى بىرلىكتە تىلغا ئالغان. ئۆزئارا توقۇنۇشۇۋاتقان ئىككى گۇرۇھنى ياراشتۇرۇشتا ۋە تىنچلىق ئورنىتىشتا، شۇنداقلا ئىجتىمائىي تەرتىپنى ساقلاشتا ئادالەت دەپ ئاتىلىدىغان قىممەت قاراشنىڭ مۇھىملىقى تەكىتلىنىدۇ. يەنى:

وَاِنْ طَٓائِفَتَانِ مِنَ الْمُؤْمِنٖينَ اقْتَتَلُوا فَاَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا فَاِنْ بَغَتْ اِحْدٰيهُمَا عَلَى الْاُخْرٰى فَقَاتِلُوا الَّتٖي تَبْغٖي حَتّٰى تَفٖٓيءَ اِلٰٓى اَمْرِ اللّٰهِ فَاِنْ فَٓاءَتْ فَاَصْلِحُوا بَيْنَهُمَا بِالْعَدْلِ وَاَقْسِطُواۜ اِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ الْمُقْسِطٖينَ

«ئەگەر مۆمىنلەردىن ئىككى گۇرۇھ ئۇرۇشۇپ قالسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى تۈزەپ قويۇڭلار. ئەگەر ئۇلارنىڭ بىرى ئىككىنچىسىگە تاجاۋۇز قىلسا، تاجاۋۇز قىلغۇچى تاكى ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە قايتقانغا قەدەر ئۇنىڭغا قارشى كۈرەش قىلىڭلار. ئەگەر ئۇلار قولىنى تارتسا، ئۇلارنىڭ ئارىسىنى ئادىللىق بىلەن تۈزەپ قويۇڭلار. ئادىل بولۇڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئادىللارنى دوست تۇتىدۇ» (ھۇجۇرات سۈرىسى 9 - ئايەت).

خەلقئارادىكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ياكى جەمئىيەتتىكى

پىرقە ـ گۇرۇھلار ئارىسىدىكى ماجىرالارنى ئادالەت بىلەن ياراشتۇرۇشنىڭ ئەڭ چوڭ مەنىۋى مۇكاپاتى، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىششتۇر. ئاللاھ كىشىلەرنىڭ ئارىسىنى تۈزەشكە تىرىشقان، ھەمدە بۇنى ئادىللىق بىلەن ئەمەلگە ئاشۇرغانلارغا بولغان مۇھەببىتىنى بۇ ئايەتتە جاكارلىغان. ئادالەت ئىلاھىي مۇھەببەتنىڭ يەر يۈزىگە چۈشۈشىنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ.

«ئادىللىق بىلەن گۇۋاھلىق بېرىش، باشقىلارغا ئۆچ بولۇشىغا قارىماي ئادىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىش ئادالەت بايرىقىنى قوغداش دېگەنلىك بولىدۇ» (مائىدە سۈرىسى 8 ـ ئايەت). «ئۆزى، ئاتا ـ ئانىسى، ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرى، باي ـ زەردار ياكى يوقسۇل ـ كەمبەغەل بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ھەممە ئادەمگە ھەققەتنى سۆزلەش ئادالەت بايرىقىنى تىكلىگەنلىك بولىدۇ» (نىسا سۈرىسى 135 ـ ئايەت). گەرچە دۈشمەنلىك ۋە ئۆچمەنلىك مەۋقەسىدە بولسىمۇ، لېكىن دۈشمەنگە پايدىلىق قارار چىقىرىشتا ئادىل بولالىغان كىشىلەرلا ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرۈشكە قادىر ياخشى كىشىلەر ھېسابلىنىدۇ. پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ئىبنى راۋاھىنى خەيبەرگە زاكات يىغىشقا ئەۋەتكەن. بۇ ساھابە خەيبەر خەلقىگە مۇنداق دېدى: «مەن يارىتىلغانلار ئىچىدە ئەڭ سۆيۈملۈك بولغان رەسۇلۇللاھ تەرىپىدىن ئەۋەتىلدىم. مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىم ۋە سىلەرگە بولغان نەپرىتىم مېنى سىلەرگە ئادالەتسىزلىك قىلىشقا يېتەكلىمەيدۇ» . (جاسساس، ئەھكامۇل قۇرئان، I، 508 ـ 507).

يۇقىرىدىكى خەۋەرگە ئاساسلانغاندا، بىرىگە بولغان سۆيگۈ ئادالەتسىزلىكنى كەلتۈرۈپ چىقارماسلىقى ۋە ئادالەتنىڭ بەرپا قىلىنىشىغا توسالغۇ بولماسلىقى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن مۇھەببەت بىلەن ئادالەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت بەلگىلەنگەن

بولىدۇ. ئادالەتسىزلىك قىلىپ، ئۆزىگىز ياخشى كۆرىدىغان ئادەم تەرەپتە تۇرماسلىق؛ ياقتۇرمايدىغان ئادەمگە ئۇۋال قىلماسلىق ۋە زىيانكەشلىك قىلماسلىق، بەلكىم دۇنيانى ساقلاپ قالىدىغان ئەڭ ئالىيجاناب ھەرىكەت بولۇشى مۇمكىن. بۇنداق قىلىش ئىلاھىي بۇيرۇق بولۇپ، بەندە ئۈچۈن ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم «سۆزلىگەندە ھەقىقەتنى سۆزلەيدىغان، ھۆكۈم چىقارغاندا ئادىل بولىدىغان، شۇنداقلا رەھىمدىل بولۇشقا تېگىشلىك بولغاندا رەھىم قىلىدىغان ئۈممەت ھالاك بولمايدۇ» دېيىش ئارقىلىق، ئۈممەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنىڭ ئادالەت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. مانا مۇشۇنداق ئادىللىق بىلەن ئىش قىلىدىغانلارغا ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى دۆلەت ۋە مىللەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى شەكلىدە تەجەللى قىلىدۇ. ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەردىن بارلىققا كەلگەن جامائەت ۋە خەلق ھالاك بولمايدۇ.

قۇرئان كەرىم سىياسەت، ئادالەت مېخانىزمى، مائارىپ ۋە سودا ھاياتىدىكى ئادالەتنى بەرپا قىلغان جەمئىيەتلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن ھەمىشە دوست تۇتۇلىدىغانلىقىغا، شۇنداقلا ئاللاھنىڭ ئىنايىتىگە لايىق بولىدىغانلىقىغا كاپالەت بەرگەن. بۇ خىل ئۇسۇلدا مۇھەببەتنى تەرتىپكە سالىدىغان، مۇھەببەت دەپ ئاتىلىدىغان ھېسسىياتنى ئەقىل دەپ ئاتىلىدىغان لوگىكىلىق ھەرىكەت بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئوبيېكتىپ ھەرىكەت قىلىشنى بىلىدىغان كىشىلەرنى تەربىيىلەپ چىقىش، مائارىپنىڭ ئەڭ مۇھىم نىشانلىرىنىڭ بىرى بولۇشى كېرەك.

### ii. ئاللاھ «سەۋر قىلغۇچىلار» نى ياخشى كۆرىدۇ

ئىبنى مەنزۇر «لىسانۇل ئەرەب» ناملىق كىتابىدا سەۋرنى

مۇنداق شەرھلىگەن: «ئىنساننى مەلۇم ھەرىكەتتىن توسۇش، يەنى يامانلىق يۈز بەرگەندە نەپسىنى ئازاب - ئوقۇبەت ۋە قورقۇشتىن يىراق تۇتۇش». بۇ مەنىسى بىلەن، سەۋر تىلىمىزدا ۋە كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا ئەڭ كۆپ قوللىنىلىدىغان ئۇقۇملارنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ.

سەۋر دېگەن سۆز يەنە «ئاپەت ۋە بالالارغا بەرداشلىق بېرىش، ئاچچىق بولۇپ كېتىش، تاغ چوققىسىدا ئولتۇرۇش، جەسەتنىڭ چىرىپ پۇراپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مۇميالاش، ئىستاكاننى گىرۋەككىچە تولدۇرۇش، بىر يەرگە جەم بولۇش، بىللە يىغىلىش، بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى يۆگەپ باغلاش، كاكتۇس دەپ ئاتىلىدىغان ئۆسۈملۈك، شېغىل تاش بار يەر، ئاچچىق دەرەخنىڭ سۈيى، تاغ ۋە مۇز» دېگەن مەنىلەرنىمۇ بىلدۈرىدۇ.

ئاللاھ سەۋرنىڭ ئىجتىمائىي فۇنكسىيەسىنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

وَاَطِيعُوا اللّٰهَ وَرَسُولَهُ وَلَا تَنَازَعُوا فَتَفْشَلُوا وَتَذْهَبَ رِيحُكُمْ وَاصْبِرُواۜ اِنَّ اللّٰهَ مَعَ الصَّابِرِينَ

«ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىڭلار، ئۆزئارا ئىختىلاپ قىلىشماڭلار. بولمىسا قورقۇپ قالىسىلەر، كۈچ - قۇۋۋىتىڭلار كېتىپ قالىدۇ. سەۋر قىلىڭلار، چۈنكى ئاللاھ سەۋر قىلغۇچىلار بىلەن بىللە» (ئەنفال سۈرىسى 46 - ئايەت).

ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش بىلەن سەۋر ئىككىسى كىشىلەرنىڭ جېدەللىشىشى ۋە تالاش - تارتىش قىلىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. بۇ ئايەت «سەۋر» نى يادرولۇق قىممەت سۈپىتىدە مۇھىم ئورۇنغا قويىدۇ. چۈنكى، سەۋرچان كىشى ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىدۇ. ئىتائەتچان ۋە سەۋرچان كىشىلەر جېدەل - ماجىرا ۋە تالاش - تارتىش كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەسىلىلەرنى ئاسانلا ھەل قىلالايدۇ.

ئەمەلىيەتتىمۇ، سەۋر بالا - مۇسىبەت ئاستىدا ئېزىلىش ئەمەس، بەلكى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا بەرداشلىق بېرىش دېگەنلىك بولىدۇ. تالاش - تارتىش ۋە جېدەل - ماجىرانىڭ ئىجتىمائىي كۆچنى يوقىتىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئاللاھ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى سەۋەب - نەتىجە مۇناسىۋىتىگە دىققىتىمىزنى تارتىدۇ. سەۋرچان ئادەم گەرچە شارائىت يار بەرسىمۇ، ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمەيدىغان زىددىيەتلەرگە كىرمەيدۇ. ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەر چىرىشتىن بۇرۇن ئۇنى مۇميالاش ئۈچۈن سەۋرچانلىق كېرەك. بوتۇلكىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان سەۋر، ئىنسان نەپسىنىڭ ئېغىزىنى تاقاپ، زوراۋانلىق تۇيغۇسىنىڭ سىرتقا ئېقىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتتە، ئاللاھ ئۆزىنىڭ تالاش - تارتىش ۋە جېدەل - ماجىرادىن ساقلىنىدىغان سەۋرچان كىشىلەر بىلەن بىللە ئىكەنلىكىنى بايان قىلغان. مەزكۇر بىللە بولۇش يولۇققان قىيىنچىلىقلارغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان ۋە ئۇلارنى ئىجابىي يوسۇندا ھەل قىلىشقا تىرىشقانلارغا ياردەم قىلىش ئارقىلىق تەجەللىي قىلىدىغان بولۇپ، بۇ كىشىگە نىسبەتەن زور بەخت ھېسابلىنىدۇ.

ئالئىمران سۈرىسىنىڭ 146 - ئايىتىگە ئاساسەن، ئاللاھ قىيىنچىلىققا يولۇققاندا بوشاڭلىق قىلمىغان ۋە ئاجىز كەلمىگەنلەرگە مۇھەببەت ئاتا قىلىدۇ. ئىلاھىي مۇھەببەت سەۋرچانلارنىڭ قەلبىگە نازىل بولىدۇ. سەۋر ئىنساننى يۇقىرى ئۆرلىتىدۇ، ئىلاھىي ئالەمدىن ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى ئېلىپ كېلىدۇ. نېمىلا دېگەن بىلەن، سەۋر ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇشنى بىلدۈرىدۇ. بۇ مەنىگە يېقىن كېلىدىغان باشقا مەنىلەر مۇنداق: سەۋر قىلىپ، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋە بىرلىكتە بولۇشىغا ئېرىشكەن ئادەم خۇددى ئېگىز تاغقا ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ خۇددى تاغقا ئوخشاش مۇستەھكەم، تاغدەك ئېگىز، تاغدەك قەددى تىك بولىدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن،

تاغ چوققىسىغا چىققان ئادەم ھەممە تەرەپكە ئۇيۇققا نەزەر سالغاندەك قارايدۇ ۋە ھەممە تەرەپنى كۆرىدۇ. سەۋرچان ئادەم ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە ئەتراپلىق قاراشنى بىلىدۇ، ۋەقەلەرنى ھەر تەرەپتىن كۆرۈپ تەھلىل قىلىدۇ. ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە غەرق بولۇپ كەتمەيدۇ ۋە تەرەپسىز تۇرۇشنى بىلىدۇ. ۋەقە ـ ھادىسىلەرگە ئەتراپلىق قاراشنى بىلىدىغان كىشى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشمەي، يەنە كىممۇ ئېرىشسۇن؟ كۈنىمىزدە، ئىنسانىيەت سەۋر قىلىپ نەپس بوتۇلكىسىنىڭ ئېغىزىنى ئېتىپ يۈكسەك تاغ چوققىسىدا ئولتۇرغان، تالاش ـ تارتىشنى جەمئىيەتنىڭ چىرىشى دەپ قارايدىغان، شۇنداقلا جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرەلەيدىغان بۇ پەزىلەتلىك كىشىلەرنى ئىزدەۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى يەر يۈزىگە ئېلىپ كېلىدىغان بۇ يىگىت ـ ئەزىمەتلەرنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش بارلىق جەمئىيەتلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مەجبۇرىيىتى.

### iii. ئاللاھ «توۋا قىلغۇچىلار ۋە پاكلانغۇچىلار»نى ياخشى كۆرىدۇ

توۋا قىلىش «قايتىش، ۋاز كېچىش، بۇرۇلۇش ۋە ئايرىلىش» مەنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئۇقۇم بولۇپ، بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، ئاللاھ گۇناھلىرىغا توۋا قىلغانلارنى ياخشى كۆرىدۇ. كۇپۇرلۇقتىن ۋاز كېچىپ ئىمانغا، يامانلىقنى تاشلاپ ياخشىلىققا، گۇناھنى تەرك قىلىپ ئاللاھقا ئىتائەت قىلىشقا يۈزلەنگەن، گۇناھلىرى ئۈچۈن پۇشايمان قىلىپ توغرا يولغا قايتقان كىشى توۋا قىلغان بولىدۇ. كىشىنىڭ ماڭغان يولىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىدراك قىلىپ گۇناھىنى تونۇشى ۋە ئاللاھتىن مەغپىرەت تىلىشى توۋا قىلغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ.

تۆۋەندىكى ئايەتتە، خاتالىقىغا پۇشايمان قىلغان ۋە گۇناھىنى ئېتىراپ قىلغان كىشىگە ئاللاھنىڭ تۇتقان پوزىتسىيىسى ئېنىق

بايان قىلىنغان:

اِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ التَّوَّابِينَ وَيُحِبُّ الْمُتَطَهِّرِينَ

«... ئاللاھ ئەلۋەتتە تەۋبە قىلغۇچىلارنى ۋە پاكلانغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ـ دوست تۇتىدۇ» (بەقەرە سۈرىسى 222 ـ ئايەت).

بەزى مۇپەسسىرلەر بۇ ئايەتتىكى «تەۋۋابىن (تَوَّابِين)» سۆزىنى «قايتقۇچىلار»، يەنە بەزىلەر بولسا «پۇشايمان قىلغۇچىلار» دەپ شەرھلىگەن. بىرقىسىم ئالىملار قايتىشنىڭ لۇغەت مەنە، پۇشايماننىڭ دىنىي مەنە ئىكەنلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان. بىزنىڭچە، تەۋۋابىن سۆزىدە ھەر ئىككى مەنە مەۋجۇت.

ئىمام غازالى تەۋبە سۆزىنىڭ مەنىسىدە «بىلىم»، «ۋەزىيەت» ۋە «ھەرىكەت»نىڭ جەم بولغانلىقىنى ئېيتقان. بىلىم ۋەزىيەتنى، ۋەزىيەت ھەرىكەتنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. بىلىدىغان ئادەم ۋەزىيەتتىن خەۋەردار بولۇپ، زۆرۈر ھەرىكەتلەرنى ئېلىپ بېرىش مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلىدۇ. بۇ يەردىكى بىلىم ئىنساننىڭ ئۆزىگە يۈزلىنىشى، قەلب ئېكرانىدا گۇناھ كىرلىرىنى كۆرۈشى، پېتىپ قالغان خاتالىق پاتقىقىنى ھېس قىلىشىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ بىلىم باسقۇچى تەۋبە قىلىش ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم. كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋەردار بولۇشى ۋە ئۆزىنى تەنقىد قىلىشى پەزىلەتلىك بولۇشىنىڭ ئەڭ مۇھىم قەدەملىرىنىڭ بىرى.

ئەجەبا ئىنسان ئۈچۈن ناچار ئادەتلىرىنى تاشلاپ، ئاللاھ بۇيرۇغانغا يۈزلىنىش، ئىچكى دۇنياسىدا پۇشايمان قىلىش ۋە ئەھۋالىنى ئاللاھقا ئىقرار قىلىشتىنمۇ ئالىيجاناب نەرسە بارمۇ؟ ئىبنى ماجە رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىسكە ئاساسلانغاندا، پەيغەمبەر سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسسەللەم مۇنداق دېگەن: «گۇناھتىن

تـوۋا قىلغـان كىشى گۇناھسـىز ئادەمگـە ئوخشـايدۇ» (ئىبنـى ماجە، زۇھـد، 3).

قايتىش ۋە پۇشـايمان قىلىشـنى بىلدۈرىدىغان تەۋبە، ئەمەلىيەتتە، ئىنسـانلارنىڭ پسىخولوگىيىسـى ۋە ھەرىكىتىدىكى تـۈپ ئۆزگىرىشـنى ئىپادىلەيـدۇ. ھاياتـىدا ياخشىلىنىشقا قـاراپ يۈزلەنگەن كىشـىلەرگە ئۇلـۇغ ئاللاھ مۇھەببىتىنـى جاكارلايـدۇ. ئايەتتىكـى «پاكلىنىش (مُتَطَهِّرِين)» ئۇقۇمـى تـەۋبە قىلىشـنىڭ ئادەمنىـڭ گۇناھلىرىنـى پاكلايدىغانلىقىنـى كۆرسـىتىدۇ. ئايەتتـە ئالـدى بىلـەن تـەۋبە قىلىش، ئاندىـن پاكلىنىش ئـورۇن ئالغـان. بـۇ مەنىۋى پاكلىنىشنىڭ پۇشـايماندىن كېيىـن ئەمەلگـە ئاشـىدىغانلىقىنى كۆرسـىتىپ بېرىـدۇ.

ئـەڭ مۇھىـم تـەۋبە قىلىش تۈرى «ناسـۇ تەۋبىسـى» بولـۇپ، ناسـۇ ئۇقۇمـى «ھەرگىزمـۇ قايتـا تەكرارلانمايدىغـان تەۋبە»نىڭ ئىسـمى. ئۇ خۇددى ئانا كۆكسىدىن چىققان سۈت قايتىپ كىرىپ كېتەلمىگەنگە ئوخشـاش، كىشـىنىڭ تەكـرار گۇناھقـا قايتمايدىغانلىقىدىـن دېرەك بېرىـدۇ. مانـا بـۇ تـەۋبە قىلىـش شـەكلى ئاللاھنىڭ بەندىنىڭ گۇناھلىرىنـى يېپىشـى ۋە جەننەتكـە كىرىشـىگە سـەۋەبچى بولـىدۇ. تەھرىـم سۈرىسـىنىڭ 8 ـ ئايىتـى بـۇ خىـل تـەۋبە قىلىش شـەكلىنى كۆرسـىتىپ بېرىـدۇ. تـەۋبە ئۇقۇمـى يەنـە كىشـىلەرگە بىـر ـ بىرىگـە قىلغان خاتا قىلمىشلىرى ئۈچۈن كەچۈرۈم سوراشنى ئۆگىتىدۇ. ئەپۇ سـوراش ياكى كەچۈرۈم سـوراش مەدەنىي ۋە پەزىلەتلىك بولۇشـنىڭ ئـەڭ مۇھىـم سۈپەتلىرىنىڭ بىـرى. كەچـۈرۈم سـورىغان كىشـىلەرنى ئەپۇ قىلىش قۇرئان ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىشـنىڭ نامايانـدىسـى. ئەپـۇ قىلىش تەقۋانىڭ شـەرتلىرىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. كەچۈرۈم سـوراش پەزىلىتىنـى نامايـان قىلغۇچىلارغـا ئەپـۇ قىلىـش پەزىلىتـى بىلـەن جـاۋاب بېرىـش، كىشـىلەر ئارىسـىدا ئىلاھىي ئەخلاقنى يولغا قويۇشـنى كۆرسـىتىدۇ.

### vi. ئاللاھ «تەقۋادارلار» نى دوست تۇتىدۇ

ھەزەر ئەيلەش، ساقلاش، ساقلىنىش، قورقۇش ۋە قوغداش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغان تەقۋا سۆزىنى ئۆزىگە سۈپەت قىلغانلارنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدۇ، يەنى دوست تۇتىدۇ. ئاللاھ ئىنسان سۈرىسىنىڭ 11 ـ ئايىتىدە تەقۋا كەلىمىسىنى «قوغداش، ساقلاش» دېگەن مەنىدە ئىشلەتكەن:

فَوَقَاهُمُ اللَّهُ شَرَّ ذَلِكَ الْيَوْمِ وَلَقَّاهُمْ نَضْرَةً وَسُرُورًا

«ئاللاھ ئۇلارنى قىيامەت كۈنىنىڭ يامانلىقىدىن ساقلايدۇ. ئۇلارنىڭ (يۈزلىرىگە) نۇر، (دىللىرىغا) خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ».

بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە تىلغا ئېلىنغان تەقۋا سۆزىمۇ يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ: «يەر يۈزىنى ئوتتىن ساقلاڭلار» (بۇخارى، زاكات، 10).

جاھىلىيەت دەۋرىدە، يەنى قۇرئان كېلىشتىن ئىلگىرى، ئەرەب تىلىدىكى تەقۋا «ھەربىر جانلىقنىڭ يوق قىلغۇچى تاشقى كۈچكە قارشى ئۆزىنى قوغدىشى» مەنىسىنى بىلدۈرەتتى. قۇرئان بۇ سۆزگە پەرقلىق مەنىلەرنى بېرىپ، ئۇنى ئاللاھنىڭ ئازابىدىن قورقۇش، ساپ مۇسۇلمانلىق ۋە مەنىۋى ئىممۇنىتېت سىستېمىسى دېگەن مەنىلەرگە ئىگە قىلغان.

تەقۋا كەلىمىسىنىڭ ماددىي مەنىسى، جانلىقلار مۇداپىئە مىخانىزمى ئارقىلىق ئۆزىگە قارىتىلغان ھۇجۇملاردىن ئۆزىنى قوغدىشىنى ئىپادىلەيدۇ. تەقۋانىڭ مەنىۋى مەنىسى بولسا، ئەقىل ۋە قەلبنىڭ شەيتان ۋە نەپس ـ ھەۋەسنىڭ يامان غەرەزلىرىگە قارشى ئۆزىنى قوغدىشىنى بىلدۈرىدىغان بولۇپ، قۇرئان تەقۋا

كەلمىسگە ئىككىنچى مەنىنى بەرگەن.

خۇددى بەدەنىنىڭ مىكروبلارغا قارشى مۇداپىئە مېخانىزمى ئىممۇنىتېت سىستېمىسى دەپ ئاتالغاندەك، روھنىڭ ئۆزىنى شەيتان ۋە نەپسىنىڭ يامانلىقىغا قارشى قوغدىشى تەقۋا ئىممۇنىتېت سىستېمىسى دەپ ئاتىلىدۇ. تەقۋا سىستېمىسى ئىنسانلارنىڭ ھەرىكىتى ۋە ئىدىيىسى بىلەن شەكىللىنىدۇ. ئەمما، ئاللاھ ئىنساننى ياراتقاندا، ئۇنىڭ تەبىئىتىگە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارىنى ئورناتقان.

دېمەك، تەقۋا دەپ ئاتىلىدىغان مەنىۋى ئىممۇنىتېت سىستېمىسى بىرى تۇغما، يەنە بىرى تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق ئىگە بولىدىغان ئىككى قاتلامغا ئىگە. شەمس سۈرىسىنىڭ 8 ـ ئايىتىدە، تەقۋانىڭ تۇغما ـ تەبىئىي قاتلىمى تىلغا ئېلىنغان. ئەمما، باشقا ئايەتلەردە بولسا تەقۋانىڭ تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق ئېرىشكەن ئىدىيە ۋە ھەرىكەت قاتلىمى كۆرسىتىلگەن. بىز تۆۋەندە تەقۋانىڭ كېيىن شەكىللەنگەن قاتلىمىنىڭ قانداق بارلىققا كېلىدىغانلىقىنى مۇھاكىمە قىلىپ ئۆتىمىز.

كىشىلەرنى تەقۋادارغا قىلىدىغان بەزى ئەمەل ۋە ھەرىكەتلەر مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەردە تۆۋەندىكى ماۋزۇلارنى چۆرىدىگەن ھالدا تىلغا ئېلىنغان.

«غەيبكە، بارلىق پەيغەمبەرلەرگە نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ۋە ئاخىرەتكە ئىشىنىش، ناماز ئوقۇش ۋە ياخشى ئىشلارغا پۇل سەرپ قىلىش» (بەقەرە سۈرىسى 3 ـ 2 ـ ئايەتلەر)، «ئاللاھتىن قورقۇش» (ئالئىمران سۈرىسى 102 ـ ئايەت)، «ئاخىرەتنى كۆزلەش» (ئەنئام سۈرىسى 32 ـ ئايەت)، «ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە ئىتائەت قىلىش ۋە ئاللاھ يولىدا مېڭىش» (ئەنئام

سۈرىسى 152 ـ ئايەت)، «يىراقنى كۆرەر بولۇش» (ئەئراف سۈرىسى 201 ـ ئايەت)، «ئەھدىگە رىئايە قىلىش ۋە ۋاپادار بولۇش» (تەۋبە سۈرىسى 7 ـ ئايەت)، «قۇرئاندىن ۋەز ـ نەسىھەت ئېلىش» (نۇر سۈرىسى 34 ـ ئايەت)، «ھەقىقىي دوست بولۇش» (زۇخرۇف سۈرىسى 67 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتلەر بىزگە تەقۋا دەپ ئاتىلىدىغان ئىممۇنىتېت سىستېمىسىنىڭ ئەقىدىۋى ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىنىڭ نېمىدىن تەركىب تاپقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھ بۇ ئەقىدىگە ئىگە بولغان، شۇنداقلا بۇ ئەمەللەرنى قىلغان تەقۋادار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇلارنى دوست تۇتىدۇ. بارلىق كىشىلەر ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم پايدا ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى دەپ ئاتىلىدىغان دائىرىگە كىرىش بولۇپ، بۇ توغرۇلۇق بىز يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان ئايەتلەردىن مىسال كەلتۈرەلەيمىز. مەسىلەن:

بَلٰى مَنْ اَوْفٰى بِعَهْدِهٖ وَاتَّقٰى فَاِنَّ اللّٰهَ يُحِبُّ الْمُتَّقٖينَ

«ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. كىمكى ئەھدىسىگە ۋاپا قىلسا ۋە گۇناھتىن ھەزەر ئەيلىسە، بىلسۇنكى، ئاللاھ تەقۋادارلارنى ياخشى كۆرىدۇ ـ دوست تۇتىدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى 76 ـ ئايەت).

ۋەدىسىگە ئەمەل قىلمايدىغان ۋە ئاللاھنى غەزەپلەندۈرۈشتىن قورقمايدىغان كىشىلەر تەقۋادار بولالمايدۇ، نەتىجىدە، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ.

ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بەرگەن ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتا بولۇپ، ئاللاھنىڭ مۇھەببىتى ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغان ئادەمنىڭ روھىنى قۇچاقلايدۇ. ھۇجۇرات سۈرىسىنىڭ 3 ـ ئايىتى بويىچە بولغاندا، تەقۋا

«بەزى سىناقلاردىن كېيىن ئېرىشكەن مەنىۋى باسقۇچ» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**٧. ئاللاھ «مۇھسىن» لارنى دوست تۇتىدۇ**

ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىنى قولغا كەلتۈرگەن يەنە بىر گۈرۇھ بولسا مۇھسىن سۈپىتىگە ئىگە كىشىلەر بولۇپ، ھۇسن ئۇقۇمى «رەزىل ۋە يامانلىقنىڭ زىتى بولغان گۈزەل ۋە ياخشى» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھۇسن سۆزىدىن تۈرلىنىپ چىققان ئېھسان «چىرايلىق مۇئامىلە قىلىش، بىر ئىشنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەلەپكە لايىق قىلىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. ئومۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا، «ئىشنى ئەڭ مۇكەممەل ئۇسۇلدا قىلغان ئادەم» مۇھسىن دەپ ئاتىلىدۇ. مۇسلىمنىڭ رىۋايىتىگە ئاساسلانغاندا، «ئاللاھ تائالانى كۆرگەندەك ئىبادەت قىلىش ئېھسان بولىدۇ» (مۇسلىم، ئىمان، 7).

جەمئىيەتتە بىر ئىشنى قىلغان ۋاقىتتا، بىراۋنىڭ نازارەت قىلىشىغا موھتاج بولماستىن، ئۆز ئىمانىنىڭ تەقەززاسى بىلەن «رەببىم مېنى كۆرۈپ تۇرىدۇ» دېگەن تۇيغۇ ئىچىدە ئىشنى ئەڭ مۇكەممەل شەكىلدە قىلىدىغان كىشى مۇھسىن دەپ ئاتىلىدۇ. پەقەت ئىبادەتتىلا ئەمەس، بەلكى بارلىق ئىش ـ ھەرىكەتلىرىدە، ھەتتا ئىجتىمائىي نازارەت بولمىغان مۇھىتتىمۇ ئاللاھنىڭ نازارىتىدە ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ھالدا ئىشنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە قىلىدىغان كىشىنىڭ بۇ مۇئامىلىسى ئېھسان بولىدۇ. كىشى پۇرسەت بولسىلا بەدقىلىق ئىشلارنى قىلالايدۇ ياكى زىنا قىلالايدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئەھۋال ئاستىدا ئىجتىمائىي نازارەت مەۋجۇت بولمايدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدا، ئاللاھنىڭ ئۆزىنى نازارەت قىلىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇ قىلمىشتىن ۋاز كەچكەن ئادەم ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە مۇيەسسەر بولىدۇ. بۇ ئەھۋال ئېھسانىنىڭ

ئىمانىي ئۆلچىمىنى تەشكىل قىلىدۇ.

مۇھسىن بولۇشنىڭمۇ ئىجتىمائىي ئۆلچىمى بار، ئەلۋەتتە. چۈنكى، ئېھسان بەزى ئەمەللەر تۈرى ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ. بەزى ئۆلىمالار ئېھسان ئۇقۇمىغا ئۇستىدە ئاللاھنىڭ ۋە بەندىنىڭ ھەققى بولماسلىقى كېرەك دېگەن مەنىنى ئىلاۋە قىلغان. مۇھسىن سۆپەتتىگە ئىگە كىشىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ئىچىدە «تەقۋا»، «سەۋر»، «ئىنفاق- ياخشى ئىشلارغا پۇل - مال سەرپ قىلىش»، «ئىشنى ۋاقتىدا قىلىش»، «ئاز ئۇخلاش»، «ئاداۋەت تۇتماسلىق» ۋە «ئەپۇ قىلىش» قاتارلىق ئەمەللەر بار. ئالئىمران سۈرىسىنىڭ 134 - ئايىتى بۇلارنىڭ بەزىلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئايەت مۇنداق:

اَلَّذِينَ يُنْفِقُونَ فِي السَّرَّٓاءِ وَالضَّرَّٓاءِ وَالْكَاظِمِينَ الْغَيْظَ وَالْعَافِينَ عَنِ النَّاسِؕ وَاللّٰهُ يُحِبُّ الْمُحْسِنِينَ

«تەقۋادارلار باياشاتچىلىقتىمۇ، قىيىنچىلىقتىمۇ ياخشى ئىشلارغا پۇل - مال سەرپ قىلىدۇ، ئۇلار ئاداۋەتنى تاشلايدۇ ۋە كىشىلەرنى كەچۈرىدۇ. ئاللاھ مۇھسىنلارنى دوست تۇتىدۇ».

دېمەك، تەقۋا بولماي تۇرۇپ مۇھسىن بولۇش مۇمكىن ئەمەس. مۇھسىن تەقۋالىقنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى بالدىقى. گەرچە ئىقتىسادىي جەھەتتە قىيىنچىلىق ئىچىدە بولسىمۇ، لېكىن ئۆزىدىنمۇ ئېغىر كۈندە بولغان كىشىلەرگە ياردەم قىلىدىغان ئادەم مۇھسىن بولۇشنىڭ بىرىنچى باسقۇچىدا بولغان بولىدۇ. بۇنداق ئادەم قولى ئۇزۇن ۋاقىتتا، بىركىم دېمىسىمۇ ياردەم قىلىدۇ. مۇھسىن كىشى بولۇشنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى ئاداۋەتنى تاشلاش بولۇپ، ئاللاھنىڭ قەلبى نەپرەتكە تولغان ئادەمنى سۆيۈشى - دوست تۇتۇشى مۇمكىن ئەمەس. ئاداۋەتخور كىشى ئاللاھنىڭ دوستلۇق

چەمبىرىكىگە كىرەلمەيدۇ. ئۆچمەنلىك بىلەن مۇھەببەتنىڭ بىر يەرگە كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. ئۆچمەنلىك بولغان يەردە مۇھەببەت بولمايدۇ، چۈنكى مۇھەببەت بولغان يەردە ئۆچمەنلىك بولمايدۇ. «مەن بىر مۇسۇلمان» دەپ تۇرۇپ، باشقا دىندىكىلەرگە ئاداۋەت تۇتىدىغان كىشى ئۆزىنىڭ قەلبىگە يەنە بىر قېتىم سوئال قويۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمىغاندا، ئۇ ئىلاھىي مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالىدۇ. ئۇنداقتا، كىشى ئاداۋەتنى تەرك قىلغانلىقىنى قانداق ئىسپاتلايدۇ؟

بۇنى ئىسپاتلاشنىڭ ئۇسۇلى كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش بولۇپ، ئەگەر سىزگە زۇلۇم قىلغان ئادەمنى كەچۈرەلىسىڭىز، بۇ سىزنىڭ ئاداۋەتنى تەرك قىلغانلىقىڭىزنى بىلدۈرىدۇ. ئىش قىلسا مۇكەممەل قىلىش، باشقىلارغا ئازار بەرمەسلىك، پىداكار بولۇش، كىشىلەرنى ئەپۇ قىلىش، كەمتەر بولۇش، جەمئىيەتنىڭ مەسىلىرىگە ئۆزىنىڭ مەسىلىسىدەك قاراش، يامانلىق كۆپىيىپ كەتسىمۇ ئۈمىدىنى ئۈزمەسلىك، كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولۇش قاتارلىق ئادەمنى ئادەم قىلىدىغان پەزىلەتلىك ئىش - ھەرىكەتلەر ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر قاتارىدىن ھېسابلىنىدۇ.

**iv. ئاللاھ «تەۋەككۇل قىلغۇچى» لارنى دوست تۇتىدۇ**

ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بەندىلەر ئىچىدە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارمۇ بار. تەۋەككۇل بىر - بىرىگە بىر ئىشنى تاپشۇرۇپ ھاۋالە قىلىش، بىراۋنى ئۆزىنىڭ پىكرىگە قويۇپ قويۇش، بىر - بىرىنى بېقىش، بىر - بىرىگە ئىشىنىش دېگەنلىك بولۇپ، قۇرئاندا بولسا، بارلىق تىرىشچانلىقنى كۆرسەتكەندىن كېيىن ئىشلىرىنى ئاللاھقا تاپشۇرۇش دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

مەنىۋى ھەرىكەت ۋە ئېتىقاد سۈپىتىدە كىشىلەردە ئاللاھقا

بولغان مۇھەببەت ئېڭىنى بەرپا قىلىدىغان تەۋەككۇل ئۇقۇمى ئىرادە، ئىقتىسادىي ھايات ۋە ئاللاھقا يۈزلىنىش قاتارلىق ساھەلەردە مۇھىم رول ئوينايدۇ. تۆۋەندىكى ئايەت بۇنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

«ئاللاھنىڭ رەھمىتى بىلەن سەن ئۇلارغا مۇلايىم بولدۇڭ. ئەگەر قوپال، باغرى قاتتىق بولغان بولساڭ ئۇلار چۆرەڭدىن تارقاپ كېتەتتى. ئۇلارنى ئەپۇ قىل، ئۇلار ئۈچۈن مەغپىرەت تىلىگىن، ئىشتا ئۇلار بىلەن كېڭەشكىن. (كېڭەشكەندىن كېيىن) بىر ئىشقا بەل باغلىساڭ، ئاللاھقا تەۋەككۇل قىلغىن. ئاللاھ ھەقىقەتەن تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى دوست تۇتىدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى 159 ـ ئايەت).

بۇ ئايەت بىزگە ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇرلارنى بېرىدۇ. ئۇلارنى تۆۋەندىكىدەك تىزىپ چىقالايمىز:

1) كىشىلەرگە مۇلايىم بولۇش ئۇلارنىڭ بىر يەرگە جەم بولۇپ، رەھبىرىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىشىغا تۈرتكە بولىدۇ. مۇلايىملىق ھەر دائىم جەم قىلىش رولىنى ئوينايدۇ.

2) مۇلايىم بولۇش ئاللاھنىڭ نەزىرىدە مەقبۇل، شۇنداقلا بۇيرۇلغان پەيغەمبەر ئەخلاقى بولۇپ، كىشىلەرگە مۇلايىملىق بىلەن مۇئامىلە قىلمايدىغانلار ھەم قۇرئان، ھەم پەيغەمبەرنىڭ ئەخلاقىي قىممەت قارىشىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتكەن بولىدۇ.

3) مۇلايىم بولماسلىق كىشىلەرنى ئەتراپىدىن تارقىتىۋېتىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، مۇلايىم بولالماسلىق توزىتىۋېتىش رولىنى ئوينايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئۇ تەۋھىدنى، يەنى بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقنى بۇزىدۇ. باغرى تاش كىشىلەر قورقۇنچلۇق بولۇپ، كىشىلەر خۇددى يىرتقۇچ ھايۋاندىن قاچقاندەك ئۇنىڭدىن قاچىدۇ.

4) كىشىلەرنى باشقۇرغاندا ئۇلارنىڭ پىكرىنى ئېلىش ۋە ئۇلار بىلەن مەسلىھەتلىشىش، باشقۇرغۇچى بولۇشنىڭ ئەڭ مۇھىم شەرتلىرىدىن بىرى. قۇرئاننىڭ دېموكراتىيەگە سوۋغا قىلغان ئەڭ مۇھىم قىممەت قارىشى كېڭەش قىلىش بولۇپ، ئۇ، ھەتتا پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ خەلقنى نەزەرگە ئالماستىن ئۇلارنى باشقۇرالمايدىغانلىقىنى مۇھىم پىرىنسىپ سۈپىتىدە ئوتتۇرىغا قويغان. قۇرئان «دۇنيا ئىشلىرىدا خەلق بىلەن كېڭەش قىلغىن» بۇيرۇقى ئارقىلىق دېموكراتىيەنىڭ ئۇلىنى سالغان.

5) بىر ئادەم بىر ئىش ھەققىدە قارار چىقارغان بولسا، بۇ قارارىدىن كېيىن ئىشنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلىشى كېرەك. يەنى ئۇ ئاللاھنىڭ ياردىمىنى تىلىشى كېرەك. ئاللاھنى نەزەرگە ئالماستىن دۇنيادا ھېچقانداق ئىشنى قىلغىلى بولمايدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ھېچقانداق تىرىشچانلىق كۆرسەتمەي ۋە تەر تۆكمەي تۇرۇپ، ئىشنى ئاللاھقا ھاۋالە قىلىش توغرا ئەمەس. كۈچىنىڭ يېتىشىچە تىرىشچانلىق كۆرسەتكەندىن كېيىن، ئاندىن ئاللاھقا تايىنىش كېرەك. چۈنكى، ئاللاھقا تايىنىش سەرپ قىلىنغان كۈچنى مۇقەددەس قىلىدۇ.

6) بۇ تەۋەككۇلنىڭ، يەنى ئاللاھقا ئىشىنىپ، ئۇنىڭغا تايىنىشنىڭ مۇكاپاتى ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە - دوستلۇقىغا ئېرىشىش بولىدۇ. شۇڭلاشقا، ئاللاھ ئايەتنىڭ ئاخىرىدا: «ئاللاھ ئۆزىگە ئىشىنىدىغانلارنى - تەۋەككۇل قىلغانلار ياخشى كۆرىدۇ - دوست تۇتىدۇ» دەيدۇ. مەلۇمكى، ئاللاھ قۇرئاندا تىلغا ئېلىنغان ناھايىتى ئاز ھەرىكەتلەرگىلا ئۆز مۇھەببىتىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىمۇ تەۋەككۇلنى ئۆزلىرىنىڭ خاراكتېرىگە ئايلاندۇرغان:

رَّبَّنَا عَلَيْكَ تَوَكَّلْنَا وَإِلَيْكَ أَنَبْنَا وَإِلَيْكَ الْمَصِيرُ

«ئى رەببىمىز، بىز پەقەت ساڭىلا تاياندۇق ۋە ساڭىلا يۈزلەندۇق. قايتىش پەقەت ساڭىلا بولىدۇ» (مۇمتەھىنە سۈرىسى 4 ـ ئايەت).

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئۆزىگە ئىشەنچ قىلغۇچىلارنى ھەرگىز خار قىلمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

**iiv. ئاللاھ «پاكلانغۇچى» لارنى دوست تۇتىدۇ**

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى مەنىۋى پاكلىقنى ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدىغانلارغا يۈزلەندۈرىدۇ. قۇرئان ياخشىلىق ۋە گۈزەللىك نۇرى ئارقىلىق مەنىۋىيىتىدىكى قاراڭغۇلۇقنى يوقىتىشقا تىرىشقان، شۇنداقلا دۇرۇسلۇق ۋە ھەقىقەت سۆيى بىلەن قەلب كىرلىرىنى تازىلاشقا ئىنتىلگەنلەرنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن دوست تۇتۇلىدىغانلىقىنى ئېلان قىلغان.

ئىنسان مەنىۋىيىتىنى بۇلغايدىغان قىلمىشلار نۇرغۇن بولۇپ، كىشىلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىش، مۆمىنلەر ئارىسىدا ئىختىلاپ پەيدا قىلىش، ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ ئەلچىسىگە قارشى ئۇرۇش قىلغان ئادەمنى كۈتۈش ئۈچۈن مەسچىت قۇرۇش ۋە يالغاندىن قەسەم قىلىش ئارقىلىق ياخشىلىقنى خالايدىغانلىقىنى ئىپتىش (تەۋبە سۈرىسى 107 ـ ئايەت) قاتارلىقلار بۇ قىلمىشلارنىڭ بىر قىسمى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ قىلمىشلار كىشىنىڭ قەلبىنى بۇلغاپ، پارلاق روھىنىڭ يولىنى قاراڭغۇلاشتۇرىدۇ. ھەربىر مۇسۇلمان تەرىقچىلىق ئۈچۈن تەسىس قىلىنغان مەسچىتتە ناماز ئوقۇماسلىقى كېرەك.

تەپرىقچىلىق ئۇچۇن قوزغۇلمىغان مەسچىتلەردە پاكلىنىشنى ياخشى كۆرىدىغان، ھەمدە پاكلىنىشنى خالايدىغان كىشىلەر بولىدۇ. مەسچىت كىشىلەرنىڭ روھىنى پاكلايدىغان تەلىم - تەربىيە ئورنى بولۇپ، بىر تەرەپتىن تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىدىغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن ئىبادەت قىلىنىدىغان مەسچىتلەر قەلب كىرلىرى تازىلىنىدىغان جايلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەسچىتلەر كىشىلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلغان بولماستىن، بەلكى تەقۋادارلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان بولىدۇ.

شۇڭلاشقا، كىشىلەرنى پىرقىلەرگە ئايرىيدىغان سىياسەت مەسچىتلەرگە كىرمەسلىكى كېرەك. مەسچىتلەر گۇناھنىڭ كىرلىرى تازىلىنىدىغان، مەنىۋى ئاقارتىش ئېلىپ بېرىلىدىغان جايلار بولۇپ، ئۇ ئاللاھقا ئۆزىنى بېغىشلايدىغان، ئۇنىڭغا يۈزلەنگەن ۋە ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى ئىزدەيدىغان كىشىلەرنىڭ ماكانى.

دىنىي زاتلار ئۆزلىرىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى سىياسىي ئورنى، چوڭقۇر ۋە ئەتراپلىق بىلىمى بىلەن كۆپچىلىكنى چىن دىلىدىن قۇچاقلىشى، مەسچىتلەردە كىشىلەرنى تەربىيىلىشى، ئۇلارغا خۇشاللىق ئاتا قىلىشى، ئۈمىد بەخش ئېتىشى ۋە ئۇلارنىڭ مۇكەممەل ئىنسان بولۇشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلدا ھەرىكەت قىلىدىغان دىنىي زاتلارنىڭ جامائەتلىرى مەسچىتلەردە مەنىۋى پاكلىققا، گۈزەللىككە ۋە مەرىپەتكە ئىگە بولىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار ئاللاھنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشكەن كىشىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ تەۋبە سۈرىسىنىڭ 108 - ئايىتىدە بۇ كىشىلەرنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى قەيت قىلغان. مائارىپ ئادەمنىڭ مېڭىسىنى توغرا ئىدىيە بىلەن قوراللاندۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، مەزكۇر بىلىملەرنىڭ مەنىۋى تەرىپىگە ئەھمىيەت

بېرىش، ھەمدە بۇ بىلىملەر ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ قەلبىنى پاكلاش كېرەك. بۈگۈنكى كۈندە، مائارىپ ياشلارنىڭ زېھنىنى قۇۋۋەتلەندۈرسىمۇ، ئەمما ئۇلارنىڭ قەلبىنى چۆل ھالەتتە تاشلاپ قويۇۋاتىدۇ. شۇڭلاشقا، چۆلگە ئايلانغان قەلب بوستانىنى شۇمبۇيا ۋە تىكەنلەر قاپلاۋاتىدۇ. تىكەنلەر كىشىلەر ئارا سانجىلىپ، شۇمبۇيالار كىشىلەرنى زەھەرلەۋاتىدۇ. چۆلگە ئايلانغان قەلبلەرنى ياۋا ئوتلاردىن تازىلاپ بوستان قىلىش ئۈچۈن تىرىشىدىغان كىشىلەر، ئاللاھ تەۋبە سۈرىسىدە ئۆزگە دوست تۇتىدىغانلىقىنى جاكارلىغان كىشىلەرنىڭ دەل ئۆزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مۇھەببەت پاك بولغاچقا، ئۇ پاك قەلبنى ئىزدەيدۇ. شۇڭا، كىرلەردىن تازىلانغان قەلبلەر ئۇنىڭ سارىيى ھېسابلىنىدۇ. خۇددى ئوچۇق ئىشىكتىن كىرگەن نۇرغا ئوخشاش بىر تەرەپتىن قەلبتىكى جاھالەت ۋە گۇناھ كىرلىرى تازىلانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاللاھقا بولغان مۇھەببەت ئۇ يەرنى قاپلايدۇ. بۇ سەۋەبتىن، رامىزان ئېيى مۆمىنلەرنىڭ تەۋبە قىلىش ئارقىلىق روھىنى پاكلىشىنى ۋە ئۇ يەرنىڭ ئىلاھىي مۇھەببەت بىلەن قاپلىنىشى ئۈچۈن تېپىلغۇسىز پۇرسەت ھېسابلىنىدۇ.

## 4) ئاللا كىمنى ياخشى كۆرمەيدۇ ياكى دوست تۇتمايدۇ؟

### i. ئاللاھ «پاسات تېرىغۇچىلار» نى دوست تۇتمايدۇ

بىز يۇقىرىدا توختالغان مەزمۇنلارنىڭ بىر قىسمىنى ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان ئەمەللەر ۋە كىشىلەرگە ئايرىغان ئىدۇق. ئەمدى، بىز ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان بىر قانچە تۈرلۈك قىلمىش ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 205 - ئايىتىدە پاسات تېرىغۇچىلارنى، يەنى بۇزۇقچىلىق قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتتى. تۆۋەندە پۈتۈن ئايەتنى نەقىل قىلىش ئارقىلىق پاساتنىڭ نېمىلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتەيلى. بۇ ئايەت تۆۋەندىكىچە:

وَإِذَا تَوَلَّى سَعَى فِي الأَرْضِ لِيُفْسِدَ فِيِهَا وَيُهْلِكَ الْحَرْثَ وَالنَّسْلَ وَاللّهُ لاَ يُحِبُّ الفَسَادَ

«ئۇ قايتقاندىن كېيىن، ئەگەر بىرەر ھوقۇققا ئىگە بولسا، زېمىندا قالايمىقانچىلىق پەيدا قىلىش، مەدەنىيەتنى يوقىتىش ۋە ئەۋلادلارنى بۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئاللاھ پاساتنى - بۇزۇقچىلىقنى ياقتۇرمايدۇ».

«بۇزۇلۇش، ھالاك بولۇش، بىر - بىرىگە زىيان يەتكۈزۈش، تۇغقانلىرىنى يوقلاشنى تەرك قىلىش، ئاچارچىلىق، قالايمىقانچىلىق، ھورۇنلۇق، چىرىكلىك، ئەخلاق بۇزۇقچىلىقى، خۇراپاتلىق، زىيان - زەخمەتكە باشلايدىغان» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان پاسات سۆزى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەت تەرتىپىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىشنى ئىپادىلەيدۇ.

ئاللاھ سىياسىي ھوقۇقنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغانلارنىڭ

جەمئىيەتنىڭ تەرتىپىنى بۇزۇپ قالايمىقان قىلىۋېتىشىنى، مىللەتنىڭ مەنىۋى مەدەنىيىتىنى، شۇنداقلا بۇ ئارقىلىق ياشلارنىڭ ئەخلاقىنىڭ بۇزۇلۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىنى پاسات دېيىش ئارقىلىق، بۇ سۆزگە ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي جەھەتتىن مەنە بەرگەن. ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى بۇنداق قىلغۇچىلاردىن توسۇپ، ئۇلارنى مۇھەببەت چەمبىرىكىدىن چىقىرىپ تاشلاپ، ئۆزىنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى جاكارلىغان.

قۇرئاندا «مۇناپىقلىق قىلىش» (بەقەرە سۈرىسى 21 ـ ئايەت)، «بەك ھەددىدىن ئېشىپ كېتىش» (ئىسرا سۈرىسى 4 ـ ئايەت)، «ھەقىقەتنىڭ نەپس ـ خاھىشقا بويسۇنۇشى» (مۇئمىنۇن سۈرىسى 71 ـ ئايەت)، «زالىم ھۆكۈمدارلارنىڭ ئىشغال قىلغان دىيارلارنى ۋەيران قىلىشى» (نەمىلە سۈرىسى 34 ـ ئايەت)، «بايلارنىڭ نامراتلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماسلىقى» (قەسەس سۈرىسى 77 ـ ئايەت)، «يەر ۋە سۇنىڭ بۇلغىنىشى» (رۇم سۈرىسى 41 ـ ئايەت) دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدىغان پاسات ئۇقۇمى، ئاللاھ ئەيىبلەيدىغان قىلمىشلارنىڭ كارتىنىسىنى تەشكىل قىلىدۇ.

بۇ ناچار قىلمىشلارنىڭ ئەڭ ئېغىرى مەدەنىيەتنى يىمىرىپ تاشلاپ، ياشلارنى ھالاك قىلىش بولۇپ، بۇ قىلمىشلار مەدەنىيەتلەر ئارا توقۇنۇش مەسىلىسىنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. مەدەنىيەتنى يوقىتىش ئارقىلىقلا ياشلارنى ھالاك قىلغىلى بولىدۇ. بۇ ئىجتىمائىي قانۇنىيەتنى قۇرئانىنىڭ بۇنىڭدىن 1400 نەچچە يىل ئىلگىرى تىلغا ئالغانلىقى ناھايىتى مۇھىمدۇر. بۇ ئايەت يەنە سىياسىي ھوقۇقنى قولغا ئالغانلارنىڭ نېمىلەرنى قوغدىشى كېرەكلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدىغان بولۇپ، ئۇلار ئالدى بىلەن مىللىي مەدەنىيەتنى، ئاندىن ياشلارنى قوغدىشى كېرەك. مەدەنىيەت زەھەرلەنگەن جەمئىيەتتە ياشلارنى ساقلاپ قېلىشنىڭ نەقەدەر

مۇشكۇل ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈش تولىمۇ تەس بىر ھەقىقەت. چۈنكى، مەدەنىيەتنىڭ بۇزۇلۇشى ئەۋلادلارنىڭ مەنىۋى جەھەتتىن ھالاك بولۇشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپ، مىللەتنى «جىسمى بار، ئەمما جېنى يوق كىشىلەر توپى» غا ئايلاندۇرىدۇ. شۇڭا، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ ئەھۋالنى پاسات دەپ ئاتىدى. مائارىپ سىستېمىسىنىڭ مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بېيىتىش ۋە چەتئەل مەدەنىيىتىنىڭ شۇمبۇيا ـ تىكەنلىرىنى تازىلاپ تۇرۇشى بولغاندىلا، ياشلار ئاندىن ھايات قالىدۇ ۋە مىللەتنىڭ ئۆمرى ئۇزۇن بولىدۇ.

ئاللاھ ئەڭ ياقتۇرمايدىغان ئىش ـ ھەرىكەتلەرنىڭ بىرى، كىشىلىك مۇناسىۋەتنى بۇزۇش، مەدەنىيەت ۋە ئەۋلادلارنى يوقىتىش بولۇپ، بۇ مىللەتنى ھالاكەت گىردابىغا ئېلىپ بارىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشىماسلىقى تەبىئەتتىكى رەڭلەرنىڭ تۈس پەرقىگە ئوخشايدۇ. شۇڭا، مەدەنىيەت ئىنسانىيەت ئۈچۈن خۇشاللىق مەنبەسى بولسىلا، ئۇنى قوغداش كېرەك، شۇنداقلا ئۇنىڭ بۇزۇلۇپ يىمىرىلىشىگە يول قويماسلىق لازىم.

**ii. ئاللاھ «ئىسراپخورلۇق» نى ياخشى كۆرمەيدۇ**

قۇرئاندىكى بەزى ئايەتلەر مۇنداق ئاخىرلىشىدۇ:

إِنَّهُ لاَ يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ

«ئاللاھ ئىسراپخورلۇقنى ياخشى كۆرمەيدۇ» (ئەنئام سۈرىسى 141 ـ ئايەت).

ئىسراپ سۆزىنىڭ لۇغەت مەنىسى مۇنداق: «يوپۇرماق قۇرتىنىڭ دەرەخنىڭ يوپۇرمىقىنى يېيىشى، يېمەكلىكنى يەپ تۈگىتىش، ئالداش، چەكتىن ئېشىپ كېتىش، خاتالىشىش،

غاپىل ۋە نادان بولۇش، ھەۋەس، خۇمار، سارالڭ ئادەم، يېپەك قۇرت، يوپۇرماق قۇرت».

بۇ مەنىلەردىن ئىسراپچىلىق دېگەن سۆزنىڭ ئىقتىساد ۋە ئەخلاق جەھەتتىن مەنىسى بارلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاللاھ ئىسراپچىلىقنى ئىقتىساد جەھەتتە مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

يَا بَنِي اٰدَمَ خُذُوا زِينَتَكُمْ عِنْدَ كُلِّ مَسْجِدٍ وَكُلُوا وَاشْرَبُوا وَلَا تُسْرِفُوا اِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ

«ئى ئادەم ئوغۇللىرى! ھەر قېتىم مەسچىتكە بارغاندا چىرايلىق كىيىملىرىڭلارنى كىيىڭلار. يەڭلار، ئىچىڭلار، ئەمما ئىسراپ قىلماڭلار. چۈنكى ئاللاھ ئىسراپچىلىقنى ياخشى كۆرمەيدۇ» (ئەئراف سۈرىسى 13 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە، ھەددىدىن زىيادە يەپ ـ ئىچىشنىڭ ئىنسانلارنىڭ سالامەتلىكىگە زىيانلىق ئىكەنلىكى، شۇنداقلا ھەددىدىن زىيادە كۆپ ئىستېمال قىلىنغان يېمەكلىكنىڭ ئىقتىسادىي زىيىنى تىلغا ئېلىنىپ، چەكلىنىش سەۋەبى ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

وَهُوَ الَّـذِي اَنْشَاَ جَنَّاتٍ مَعْرُوشَاتٍ وَغَيْرَ مَعْرُوشَاتٍ وَالنَّخْلَ وَالـزَّرْعَ مُخْتَلِفاً اُكُلُـهُ وَالزَّيْتُونَ وَالرُّمَّانَ مُتَشَابِهاً وَغَيْرَ مُتَشَابِهٍ كُلُوا مِنْ ثَمَرِهِ اِذَا اَثْمَرَ وَاٰتُوا حَقَّهُ يَوْمَ حَصَادِهِ وَلَا تُسْرِفُوا اِنَّهُ لَا يُحِبُّ الْمُسْرِفِينَ

«ئاللاھ بىدىشلىك ۋە بىدىشسىز باغلارنى بەرپا قىلدى، مېۋىلىرى بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان خورما دەرەخلىرىنى، زىرائەتلەرنى، بىر ـ بىرىگە ئوخشايدىغان ۋە ئوخشىمايدىغان زەيتۇن ۋە ئانارنى ياراتتى. مېۋىسى پىشقاندا، ئۇلاردىن يەڭلار، مېۋە (ھوسۇلى) نى يىغقان كۈنده (يەنە يىغقان ۋاقتتا)، ئۇنىڭ ئۆشرىسىنى ئادا قىلىڭلار. ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ» (ئەنئام سۈرىسى 141 ـ ئايەت).

ئادەم ئۆزىدىكى ئارتۇقچە بايلىق ئۈچۈن زاكات ۋە سەدىقە بېرىشى كېرەك. ئۇنىڭ ھەۋەسكە بېرىلىپ كېتىپ، زاكات بېرىش ۋە ياخشى ئىشلارغا پۇل - مال سەرپ قىلىشتىن قېچىشى بىر خىل ئىسراپچىلىقتىن ئىبارەت. ئېنىقكى، ئىسراپچىلىق پىسخىكىسى زاكات ۋە خەير - ساخاۋەتنى توسىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى.

خەير - ساخاۋەت قىلماسلىقنىڭ سەۋەبى، يەنى يوقسۇللارغا يار - يۆلەك بولالماسلىقنىڭ مەنبەسى كىشىلەرنىڭ ئىسراپچىلىق دەپ ئاتىلىدىغان ھەۋەسكە، نەپسى - خاھىشقا ئەسىر بولۇپ قېلىشىدۇر. شۇڭا، بۇنداق كىشىلەر شەيتاننىڭ قېرىنداشلىرى دەپ قارىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئايەت مۇنداق:

وَاٰتِ ذَا الْقُرْبٰى حَقَّهُ وَالْمِسْكِينَ وَابْنَ السَّبِيلِ وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذِيراً اِنَّ الْمُبَذِّرِينَ كَانُوا اِخْوَانَ الشَّيَاطِينِۜ وَكَانَ الشَّيْطَانُ لِرَبِّهٖ كَفُوراً

«تۇغقانلارغا، كەمبەغەللەرگە ۋە سەپەر ئۈستىدىكىلەرگە تېگىشلىك ھەققىنى بەرگىن، ئىسراپخورلۇق قىلمىغىن. ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر. شەيتان رەببىگە تولىمۇ تۇزكوردۇر». (ئىسرا سۈرىسى 27 - 26 - ئايەتلەر).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە كۆرۈپ ئۆتكىنىمىزدەك، بەتخەجلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇش سەۋەبىدىن كەمبەغەللەرگە يار - يۆلەك بولماسلىق شەيتانغا قېرىنداش بولۇش بىلەن بىللە تىلغا ئېلىنغان. ئادەتتە ئۆزىنىڭ ئارزۇسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ساناقسىز پۇل خەجلىگەن كىشىلەر نامراتلارنىڭ يۆلەشتە بېخىللىق قىلىدۇ. ئەجەبا بۇ كىشىلەرنى ئاللاھنىڭ ياخشى كۆرۈشى ۋە دوست تۇتۇشى مۇمكىنمۇ؟ ئاللاھنىڭ «نامراتلارغا يار - يۆلەك بولۇڭلار» دېگەن بۇيرۇقىغا قۇلاق سالمىغان، لېكىن ئۆزىنىڭ نەپسى - خاھىشى ئۈچۈن نۇرغۇن پۇل خەجلەيدىغان كىشىلەر

پەقەت ئۆزىنىلا ياخشى كۆرىدىغان بولۇپ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئاللىقاچان نەپسى ـ خاھىشىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ بولغان. بۇ ئەھۋال ھەم ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلماسلىقتىن كېلىپ چىققان ئىسراپچىلىق، ھەم بىساتنى بىھۇدە بۇزۇپ ـ چېچىشتىن بارلىققا كەلگەن ئىسراپچىلىق بولىدۇ. بۇ بىر زەنجىرسىمان گۇناھ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ تەبىئىي ھالدا ئىگىسىنى، يەنى ئاللاھنى سۆيۈش چەمبىرىكىدىن چىقىرىۋېتىدۇ. ئىسراپ قىلىدىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ئۆزىنى ئالدايدۇ. ئۇلار ئۆزىنى ئالدىغانلىقتىن، ئەخلاق جەھەتتە باشقىچە تۇرمۇش كەچۈرىدۇ. ئۆزىنى ئالدىغان ئادەم ئۆزىگە زۇلۇم قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، ئىسراپنى زۇلۇم دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

### iii. ئاللاھ «يامانلىقنى سازايى قىلغۇچىلار» نى ياخشى كۆرمەيدۇ

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ياقتۇرمايدىغان ۋە ئۆچ كۆرىدىغان يەنە بىر قىلمىش يامانلىقنى سازايى قىلىش. بۇ ھەقتىكى ئايەت تۆۋەندىكىچە:

لَا يُحِبُّ اللّٰهُ الْجَهْرَ بِالسُّوءِ مِنَ الْقَوْلِ اِلَّا مَنْ ظُلِمٌ وَكَانَ اللّٰهُ سَمِيعاً عَلِيماً

«ئاللاھ يامانلىقنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارە سازايى قىلىنىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمما زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار مۇستەسنا. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» (نىسا سۈرىسى 148 ـ ئايەت).

يامانلىق، رەزىللىكنىڭ تېز يامراش خۇسۇسىيىتى بار بولۇپ، كىشىلەرنىڭ بىر ـ بىرىگە بولغان يەتكۈزۈشى، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇتىنىڭ ئۈستىگە ياغ چاچقانلىق بولىدۇ. بىر رايوندا يۈز بەرگەن رەزىللىكنىڭ باشقا رايونلارغا كېڭىيىشى ئۈچۈن ئۇزۇن ۋاقىت كېتىشى مۇمكىن، ئەمما ئۇنىڭ ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن

سازايى قىلىنىشى بۇ تارقىلىش سۈرئىتىنى ئاشۇرۇۋېتىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ ياخشىلىقنىڭ سۆزلىنىشىنى، چۈشەندۈرۈلۈشىنى ۋە تارقىلىشىنى تەشەببۇس قىلىدۇ. بۇ ھەقتىكى ئايەت تۆۋەندىكىچە:

اِنْ تُبْدُوا خَيْراً اَوْ تُخْفُوهُ اَوْ تَعْفُوا عَنْ سُوءٍ فَاِنَّ اللّٰهَ كَانَ عَفُواًّ قَدٖيراً

«ئەگەر سىلەر ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن بىر ياخشىلىقنى قىلساڭلار ياكى بىرەر يامانلىقنى كەچۈرسەڭلار، شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ھەممىگە قادىردۇر» (نىسا سۈرىسى 149 ـ ئايەت).

بىز ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ يامانلىقنى ئاشكارىلاشنى ياقتۇرماسلىقىدىكى سەۋەبلەرنى چۈشەندۈرۈشنى پايدىلىق دەپ قارايمىز.

1) ئۇلۇغ ئاللاھ ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىلمىشنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىنى جاكارلاش ئارقىلىق، غەيۋەت، سۇخەنچىلىك ۋە گەپ توشۇشنىڭ ئالدىنى ئالغان. «يامان ئىش ئاشكارىلانماسلىقى كېرەك» پرىنسىپى نۇرغۇن گۇناھلارنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان بولغاچقا، ھەممىگە قادىر ئاللاھ غەيۋەت، سۇخەنچىلىك ۋە گەپ توشۇشنى بىرىنچى ئېغىزدىلا توختاتقان.

2) يامانلىقنىڭ ھەر خىل ئۇسۇلدا ئاشكارىلىنىشى كىشىلەرنى ئۈمىدسىزلىككە ئىتتىرىدۇ. «جەمئىيەت گۇمران بولۇۋاتىدۇ»، «رەزىللىك ئەۋج ئالدى»، «بىز ۋەيران بولۇۋاتىمىز» دېگەندەك ئۈمىدسىز پوزىتسىيەلەر جەمئىيەتنىڭ بۆسۈش خاراكتېرلىك كۈچىنى ئاجىزلىتىدۇ. نەتىجىدە، شەخسلەر بىر ـ بىرىدىن قورقۇشقا باشلاپ، گۇمانخورلۇق ھەممە يەرگە يامرايدۇ. شۇڭلاشقا، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ خىل ۋەزىيەتنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشىنى خالىمايدۇ. بۇنداق قىلمىش بار جەمئىيەتلەر ئاللاھنىڭ سۆيگۈ چەمبىرىكىنىڭ سىرتىدا قالىدۇ.

3) ئايەتتە يېزىقچە ۋە ئاغزاكى تاراتقۇلار چوقۇم ئەمەل قىلىشى كېرەك بولغان ئاساسىي ئەخلاق پرىنسىپى ئوتتۇرىغا قويۇلغان. ئىنىقكى، ئاخبارات ۋاستىلىرى غەيۋەت قىلىدىغان جاي بولماسلىقى كېرەك. چۈنكى، نۆۋەتتە ئاخبارات ۋاستىلىرى دۇنيانى تارايتىپ، دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدىكى خەۋەرلەرنى دەرھال ئاممىغا يەتكۈزىدىغان دەرىجىدە تەرەققىي قىلدى. گەرچە خەۋەر بىر خەلق بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولمىسىمۇ، ئەمما يىراقتىن كەلگەن شۇم خەۋەرلەرنىڭ ئۇلارنى قايغۇغا سېلىشى مۇھەققەق.

شۇڭلاشقا، قۇرئان يامانلىقنىڭ ياخشىلىق بىلەن باراۋەر ئەمەسلىكىنى ئېيتىپ، ئۇمىدسىزلىكنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا تىرىشقان:

قُلْ لَا يَسْتَوِي الْخَبِيثُ وَالطَّيِّبُ وَلَوْ اَعْجَبَكَ كَثْرَةُ الْخَبِيثِ فَاتَّقُوا اللّٰهَ يَٓا اُولِي الْاَلْبَابِ لَعَلَّكُمْ تُفْلِحُونَ

«ئېيتقىنكى، رەزىللىكنىڭ كۆپلۈكى سېنى ئەجەبلەندۈرسىمۇ، لېكىن يامانلىق بىلەن ياخشىلىق باراۋەر ئەمەس. ئى ئەقىل ئىگىلىرى، نىجات تېپىشىڭلار ئۈچۈن ئاللاھتىن تەپ تارتىڭلار» (مائىدە سۈرىسى 100 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە رەزىللىكنىڭ ياخشىلىق بىلەن باراۋەر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن ئاللاھ، يەنە كىشىلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن.

يامانلىقنى ئاشكارىلىماسلىق ئېڭى مائارىپ ۋە تەربىيىلەش مەسىلىسى بولۇپ، دىنىي تەربىيىسى ياخشى كىشىلەر ئۇنىڭ ھارام ئىكەنلىكىنى بىلىشى ۋە شۇنىڭغا ئاساسەن ئىش قىلىشى كېرەك. يامانلىقلار ھەم جەمئىيەتنىڭ، ھەم شەخسنىڭ ئۈمىدسىزلىكىنى كۈچەيتىۋېتىدۇ. چۈشكۈنلۈك ۋە ئۈمىدسىزلىكنى تەلقىن قىلىدىغان

هەر قانداق خەۋەر، سۆز ياكى ئىش يامانلىقنىڭ يامرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان مەنىۋى سازلىقتا تېخىمۇ كۆپ لاي تۆكۈش بولىدۇ، خالاس.

# ئۈچىنچى باب

# ئاساسلىق

# ھەق - ھوقۇقلار

# 1. كىشىلىك ھەق ـ ھوقۇقلار

## 1) ھاياتلىق ـ ياشاش ھوقۇقى

### i. قۇرئان ئىنساننى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىدۇ

قۇرئاننىڭ ئىنسانىيەت ۋە كىشىلىك ھوقۇققا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى مۇلاھىزە قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىز يەنە ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلارغا سالغان ئازاب ـ ئوقۇبەتلىرىگە قاراپ چىقىشىمىز زۆرۈر.

مەلۇمكى، قۇرئان ئىنسانىيەتنىڭ بەزى دەۋرلىرىنى «جاھىلىيەت» دەپ ئاتايدۇ. ئۇنداقتا، قۇرئاننىڭ تارىخنىڭ مۇئەييەن دەۋرىنى «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتىشىنىڭ ئۆلچىمى ۋە سەۋەبى نېمە؟ مانا بۇ سوئالغا بېرىلىدىغان جاۋاب، قۇرئاننىڭ ئىنسانغا ئەھمىيەت بېرىشىنى ۋە ئىنسان ئۈچۈن نېمىلەرنى قىلماقچى بولغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

قۇرئان ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ بىر دەۋرىنى «جاھىلىيەت» دەپ ئاتىغان ۋاقتىتا، «ئىنساننىڭ ئىنسانغا قىلغان مۇئامىلىسى»نى ئۆلچەم قىلىدۇ. ئىنساننىڭ ئىنساننى خورلىشى، ھەق ـ ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىشى، ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشى ۋە خارلىشى قاتارلىقلار ئۇلارنىڭ «جاھىلىيەت ئادىمى» دېگەن نامنى ئېلىشىغا سەۋەب بولغان.

بىز قۇرئاننى ئەخلاق، سىياسەت ۋە قانۇن جەھەتتىن تەھلىل قىلغىنىمىزدا، ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ ئۈچ جاھىلىيەت دەۋرىنى

باشتىن كەچۈرگەنلىكىنى كۆرىمىز:

**1) ئەخلاقىي جاھىلىيەت دەۋرى**

قۇرئاندا «لۇت قوۋمى» دەپ ئاتىلىدىغان خەلقنىڭ ھالاك بولۇش سەۋەبى قۇرئاندا ئېنىق بايان قىلىنغان. لۇت خەلقىنىڭ ئەڭ روشەن ئالاھىدىلىكى ئەرلەرنىڭ جىنسىي پاراكەندىچىلىكى بولۇپ، ئەرلەرنىڭ ئاياللارنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ ئۆزئارا بەچچىۋازلىق قىلىشىنىڭ جەمئىيەتنى قاپلاپ كېتىشى، شۇنىڭ بىلەن جىنسىي ئەخلاقنىڭ بۇزۇلۇشى قاتارلىق ئامىللار بۇ دەۋرنىڭ «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتىلىشىغا سەۋەب بولغان. بۇ ئەھۋال نەملە سۈرىسىنىڭ 55 ـ ئايىتىدە مۇنداق تەسۋىرلەنگەن:

اَئِنَّكُمْ لَتَأْتُونَ الرِّجَالَ شَهْوَةً مِنْ دُونِ النِّسَاءِ بَلْ اَنْتُمْ قَوْمٌ تَجْهَلُونَ

«سىلەر ئاياللارنى تاشلاپ، شەھۋەتىڭلارنى ئەرلەر بىلەن قاندۇرامسىلەر؟ دەرۋەقە، سىلەر جاھالەت پەيدا قىلىدىغان خەلقسىلەر» .

ئاياللارنى قايرىپ قويۇپ، ئەرلەر بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەت ئۆتكۈزۈش تەبىئەت قانۇنىيىتىگە خىلاپ ئازغۇن قىلمىشتۇر. شۇڭا، ئىنسانىنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە زىت كېلىدىغان بۇ قىلمىشى جاھىلىيەت قىلمىشى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. جاھىلىيەت قىلمىشىدا «ئەقىل» ، «پىكىر» ۋە «ئىنسانغا ھۆرمەت» قاتارلىق قىممەت قاراشلارغا ئورۇن يوق. ئەقىل، پىكىر ۋە ئىنسانغا ھۆرمەت كەمچىل بولغان ئىش ـ ھەرىكەت تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتى بىلەنمۇ توقۇنۇشىدۇ. شۇڭا، بۇ توقۇنۇش تەبىئىي ھالدا «جاھىلىيەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

قىسقىسى، ئەخلاقىي قىممەت قاراشنى دەپسەندە قىلىپ، ئوخشاش جىنستىكى ئىنسانلارنىڭ بىر ـ بىرىنى جىنسىي جەھەتتىن پاراكەندە قىلىشى، يەنى بەچچىۋازلىق قىلمىشى

ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ گەۋدىلىك خاسلىقى ھېسابلىنىدۇ.

**2) سىياسىي جاھىلىيەت دەۋرى**

مۇسا پەيغەمبەر تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى، سېھرگەرلەر پىرئەۋنگە: «بىر بالا تۇغۇلۇپ، سېنى تەختىڭدىن ئاغدۇرۇپ تاشلايدۇ» دېدى. شۇنىڭدىن كېيىن، پىرئەۋن ھەركۈنى يېڭى تۇغۇلغان ئوغۇللارنى ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى. ئىنسانىنىڭ سىياسىي مەنپەئەت ئۈچۈن يەنە بىر ئىنساننى ئۆلتۈرۈشى، ئىنسانىيەتنىڭ ئىككىنچى جاھىلىيەت دەۋرىنىڭ بارلىققا كېلىشىگە سەۋەب بولغان. دىققەت بىلەن نەزەر سالغىنىمىزدا، بۇ يەردىمۇ ئىنساننىڭ ئىنسانغا تۇتقان قەبىھ مۇئامىلىسى ئۆلچەم قىلىنغان. پىرئەۋنىنىڭ ئۆزىگە رەقىب دەپ قارىغانلىقى ئۈچۈن ئەرلەرنى ئۆلتۈرۈپ ئاياللارنى ساق قويۇشى، ئىنسانىيەت تارىخىدىكى ئەڭ زۇلمەتلىك دەۋرنى بارلىققا كەلتۈرگەن.

**3) قانۇنىي جاھىلىيەت دەۋرى**

قۇرئان كەرىم كەلگەن دەۋردە ئەرەب خەلقى باشتىن ئۆتكۈزۈۋاتقان دەۋر، جاھىلىيەت دەۋرى دەپ ئاتىلىدۇ. بۇ دەۋردە قىز پەرزەنت ئائىلىنىڭ ئەيىبى دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، مۇشۇ سەۋەبتىن قىز پەرزەنتلەر بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەنىدى. بۇ دەۋردە ئاياللارنىڭ ھېچقانداق ھەق - ھوقۇقى يوق بولۇپلا قالماي، ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى نومۇسسىزلىق دەپ قارالغان. قانۇنىي جەھەتتە ھېچقانداق سالاھىيىتى بولمىغان ئايال تىرىك دەپنە قىلىناتتى ياكى تاۋار سۈپىتىدە مۇئامىلە قىلىناتتى. ئەرلەر ئاياللارغا قىلغان بۇ زۇلۇم سەۋەبىدىن، مەزكۇر دەۋر تارىختا «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ خاتىرىلەنگەن.

ئەگەر دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىساق، ئۈچ دەۋرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكىنىڭ ئىنسانىنىڭ ئىنسانغا تۇتقان ناتوغرا مۇئامىلىسى ئىكەنلىكىنى بايقايمىز. بۇ يەردە، قۇرئان مەزكۇر دەۋرلەردىكى قەبىھ قىلمىشلارنى تەسۋىرلەش ئارقىلىق ئىنسانلارنىڭ قىممىتىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئىنسانىنىڭ ئىنسانىنى خورلىشىنى ئەيىبلەيدۇ، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرىنى قەدىرلىشى ۋە ھۆرمەت قىلىشىنى مەدھىيىلەيدۇ، شۇنداقلا بۇنى ئەڭ چوڭ ئىبادەت دەپ قوبۇل قىلىدۇ. شۇڭا، قۇرئان كىشىلەرنى جىنسىي تۇيغۇلارنىڭ ئازغۇن تەسىرىدىن قۇتۇلدۇرۇش، ئۇلارغا ئىنسان بولۇش شەرىپىنى ھېس قىلدۇرۇش ۋە ئۇلارنى ھايات ياشاتقۇزۇش ئۈچۈن چۈشتى؛ ئۇ ئىنسانىي ھوقۇقنى ھاقارەتلەش ، دەپسەندە قىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ئۈچۈن چۈشتى؛ ئۇ كىشىلەرگە ئىنسانىنىڭ ئەڭ چوڭ قىممەت ئىكەنلىكىنى ئېيتىش - بىلدۈرۈش ئۈچۈن چۈشتى؛ ئۇ ئىنسانىنىڭ ئىنسانىنى خارلىشى، ھەق - ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشىنىڭ چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ئۈچۈن چۈشتى؛ ئۇ ئىنسانىنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ مەخلۇق ئىكەنلىكىنى ئىنسانىنىڭ ئۆزىگە بىلدۈرۈش، ئۇنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى بىلەن ئوينىشىش ۋە ئۇنى سەلبىي ئۇسۇلدا ئىشلىتىشنىڭ ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشىدەك خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ئەسلىتىش ئۈچۈن چۈشتى؛ ئۇ ئىنسان بولۇشنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ۋە بۇ شەرەپنى ياخشىلاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلىدىغان بارلىق پائالىيەتلەرنىڭ ئاللاھنىڭ نەزىرىدە قانچىلىك مۇھىملىقىنى، شۇنداقلا تولىمۇ قەدىرلىك ئىكەنلىكىنى ئېلان قىلىش ئۈچۈن چۈشتى؛ ئۇ ئازاب سەۋەبىدىن ئىڭراۋاتقان ئىنسانىنىڭ نالە - پەريادىنى توختىتىش ۋە ئۈمىدسىزلىك ئىچىدە ئازاب - ئوقۇبەت چېكىۋاتقانلارغا شىپا تېپىشنىڭ ھەقىقىي ئىبادەت ئىكەنلىكىنى جاكارلاش ئۈچۈن چۈشتى!

شۇڭا، كىلىڭلار، ئىنسانىيەتكە جاھىلىيەتنىڭ تۆتىنچى دەۋرىنى باشتىن كەچۈرگۈزمەيلى. ئايالىلار چەتكە قېقىلغان، شەھۋەت ئۈچۈن خورلانغان، ئۇرۇپ ـ سوقۇلغان ۋە پۇل ئۈچۈن تاۋار سۈپىتىدە سېتىلىدىغان دۇنياغا خاتىمە بېرەيلى. ئاياللىرىمىزنى رەزىللىك پاتقىقىغا ئىتتىرمەيلى. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار سۆيۈملۈك كىشىلەر بولۇشقا تېخىمۇ لايىق، چۈنكى ئۇلار پەيغەمبەرلەرنى تۇغۇپ، سۈت بەرگەن. ئۇلارنى رەزىل مەقسىتىمىز ئۈچۈن ۋاستە قىلمايلى. سەۋەبى، ئايالىلار ئۇرۇپ ـ سوقۇلغان، خورلانغان ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتى ئىككى پۇللۇق قىلىۋېتىلگەن دۇنيا ھەرگىزمۇ پەزىلەتلىك بولالمايدۇ؛ بالىلار كوچىدا قېلىپ، تۆگمەس خېيىم ـ خەتەر قوينىغا تاشلىۋېتىلگەن دۇنيا مەدەنىيەتلىك دۇنيا بولالمايدۇ. شەكسىزكى، قۇرئان ئىنسانلار ئىنسانلارنى ھۆرمەتلەيدىغان، مەنپەئەت ئۈچۈن ئەمەس بەلكى چىن سەممىيەتتە ئۆزئارا يېقىنلىشىدىغان، بىر ـ بىرىنىڭ خىزمىتىنى قىلىشنى ئىبادەت دەپ قارايدىغان گۈزەل ـ مېھرلىك دۇنيا بەرپا قىلىش ئۈچۈن كەلگەن. ئەپسۇسكى، بىز كىشىلەرگە ئازار بېرىپ قۇرئاننى يىغلىتىۋاتىمىز، ئۇنى رەنجىتىۋاتىمىز، شۇنداقلا بۇ تۇپەيلى ئۇنىڭ قەلبىمىزدىن چىقىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىۋاتىمىز. مانا بۇ ئەھۋال بىزنى قاراڭغۇلۇق ـ جاھالەتكە ئىتتىرىدۇ ۋە بىزنىڭ 21 ـ ئەسىردە جاھىلىيەتنى باشتىن ئۆتكۈزۈشىمىزگە سەۋەب بولىۋاتىدۇ. ئەگەر بىز ئىنسانلارنى ياخشى كۆرسەك، ئۇلارنىڭ ئىززەت ـ ھۆرمىتىنى قوغدىساق، ئۇلارنى ھۆرمەتلىسەك ۋە ئۇلارغا خىزمەت قىلىشنىڭ ئىبادەت ئىكەنلىكىنى قوبۇل قىلساق، ئۇ ھالدا ئاللاھنى خۇرسەن قىلىپ، قاراڭغۇ بولۇتلارنى ئىنسانىيەت ئۈستىدىن كۆتۈرۈۋېتەلەيمىز.

## ii. قۇرئان ياشاش ھوقۇقىنى تەكىتلەيدۇ

ئىنسانىيەت تارىخىنىڭ تۇنجى قاراڭغۇ مەزگىلىنى ھەزرىتى ئادەمنىڭ ئوغۇللىرىدىن بىرىنىڭ يەنە بىرىنى ئۆلتۈرۈشى بارلىققا كەلتۈرگەن. قۇرئاندا ئىنسانىڭ ئىنسانىنى ئۆلتۈرۈشى، قېنىنى تۆكۈشى ۋە بىراۋنى ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىشى شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىدىن قالسىلا ئەڭ چوڭ زۇلۇم سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن.

قۇرئاندا، بىر ئادەمنى پەقەت يوللۇق سەۋەب بىلەنلا ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقى بىلدۈرۈلگەن. يەنى ئۆزىنى قوغداش، شۇنداقلا دىنىنى، ۋەتىنىنى ۋە ئىززەت - ھۆرمىتىنى قوغداش ئۈچۈن ھۇجۇملارغا قارشى تۇرۇش يوللۇق سەۋەبلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

بۇ سەۋەبلەردىن باشقا ھەر قانداق سەۋەبلەر بىلەن بىر ئادەمگە ھۇجۇم قىلىش، ئۇنىڭ ئۆلتۈرۈش ۋە ئۇنى ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىش يىرتقۇچ ھايۋانىنىڭ ئىشى، خالاس. ئىنسانىنى بۇ ۋەھشىيلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۇلۇغ ئاللاھ ساماۋى كىتابلارنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك باشقىلارنى ئۆلتۈرۈشنى چەكلىگەن ۋە ئىنسانلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى بارچە ھوقۇقلاردىن ئۈستۈن كۆرسەتكەن. چۈنكى، ياشاش ھوقۇقى بولمىغان كىشىنىڭ باشقا ھوقۇقلىرىدىن ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

مائىدە سۈرىسىنىڭ 32 - ئايىتىدە، ئۇلۇغ ئاللاھ ئىسرائىل ئوغۇللىرىغا قانداق شارائىتتا ئادەم ئۆلتۈرۈشكە بولىدىغانلىقىنى، مۇھىمى، بىر ئادەمنى ئۆلتۈرۈش ياكى ئۇنىڭغا ھاياتلىق ئاتا قىلىشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. ئايەت

تۆۋەندىكىدەك:

مِنْ اَجْلِ ذٰلِكَ كَتَبْنَا عَلٰى بَنِي اِسْرَٓائِلَ اَنَّهُ مَنْ قَتَلَ نَفْساً بِغَيْرِ نَفْسٍ اَوْ فَسَادٍ فِي الْاَرْضِ فَكَاَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَمِيعاًۜ وَمَنْ اَحْيَاهَا فَكَاَنَّمَٓا اَحْيَا النَّاسَ جَمِيعاًۜ وَلَقَدْ جَٓاءَتْهُمْ رُسُلُنَا بِالْبَيِّنَاتِ ثُمَّ اِنَّ كَثٖيراً مِنْهُمْ بَعْدَ ذٰلِكَ فِي الْاَرْضِ لَمُسْرِفُونَ

«شۇ سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ؛ كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ. رەسۇل - ئەلچىلىرىمىز ئىسرائىل ئەۋلادىغا راستىنلا روشەن مۆجىزىلەرنى ئېلىپ كەلدى. ئەمما، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنىڭ تولىسى زېمىندا ھەددىدىن ئاشقۇچىلاردىن بولدى».

ئايەتنى ئەستايىدىللىق بىلەن تەھلىل قىلىدىغان بولساق، تۆۋەندىكى ئۇقۇملار ئۈستىدە توختىلىشقا توغرا كېلىدۇ:

پاسات (فَسَاد). پىتنە - پاسات تېرىش بولسا، جەمئىيەتنىڭ تەرتىپى، ئىناقلىقى، مۇقىملىقى ۋە سائادىتىنى بۇزىدىغان تېررورلۇق ھەرىكەتلىرىنى قوللىنىش، كىشىلەر ئارىسىدا قالايمىقانچىلىق كەلتۈرۈپ چىقىرىشنى بىلدۈرىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 191 - ئايىتىدە جەمئىيەتتە پىتنە - پاسات چىقىرىشنىڭ ئادەم ئۆلتۈرۈشتىنمۇ خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. چۈنكى، كىشىلەرنىڭ تىنچ ۋە بىخەتەر تۇرمۇش كەچۈرۈشى ئاللاھنى خۇرسەن قىلىدۇ. دىن ۋە پەيغەمبەرلەر شۇ سەۋەبتىن ئەۋەتىلگەن. شۇڭلاشقا، قۇرئاندا تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىكنى بۇزىدىغانلار فاسىد - بۇزغۇنچىلار

دەپ تەرىپلىنىپلا قالماي، يەنە ئۇلارغا قارشى كۈرەش قىلىش تەشەببۇس قىلىنغان.

ئاللاھ نۇرغۇن ئايەتلەردە جەمئىيەتنىڭ قىممەت قارىشىغا ھۇجۇم قىلىش ۋە ئۇلارنى يوقىتىشقا ئۇرۇنۇشنىڭ ئىنتايىن خەتەرلىك قىلمىش ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپلا قالماستىن، بۇنىڭ ئالدىنى قانداق ئېلىشنىمۇ ئالاھىدە كۆرسىتىپ بەرگەن.

... وَلَوْلَا دَفْعُ اللّٰهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَفَسَدَتِ الْاَرْضُ...

«ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن توسۇپ قالالمىغان بولسا ئىدى، يەر يۈزى پاساتقا ـ بۇزغۇنچىلىققا تولغان بولاتتى ...» (بەقەرە سۈرىسى 251 ـ ئايەت).

... وَلَوْلَا دَفْعُ اللّٰهِ النَّاسَ بَعْضَهُمْ بِبَعْضٍ لَهُدِّمَتْ صَوَامِعُ وَبِيَعٌ وَصَلَوَاتٌ وَمَسَاجِدُ يُذْكَرُ فِيهَا اسْمُ اللّٰهِ كَثِيراً...

«ئەگەر ئاللاھ ئىنسانلارنىڭ بەزىسىنى بەزىسى بىلەن توسۇپ قالالمىغان بولسا ئىدى، ئاللاھنىڭ ئىسمى تىلغا ئېلىنىغان موناستىرلار، چېركاۋلار، ئىبادەتخانىلار ۋە مەسچىتلەر ۋەيران قىلىنغان بولاتتى» (ھەج سۈرىسى 40 ـ ئايەت).

بىز بۇ ئىككى ئايەتتىن تۆۋەندىكىلەرنى يەكۈنلەپ چىقالايمىز:

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ياخشى كىشىلەر بىلەن ناچار كىشىلەرنىڭ جەمئىيەتكە ياكى ئىنسانىيەتكە ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. ئەگەر بۇ ئالدىنى ئېلىش بولمىسا ئىدى، يەر يۈزى جەزمەن پاساتقا تولغان بولاتتى. قەبىھ كىشىلەرنىڭ بۇزغۇنچىلىقى ھەتتا ئىبادەتخانىلارغىمۇ سوزۇلغان بولۇپ، ئاللاھ ئىبادەتخانىلارنى ۋەيران قىلىشنى مەنئى قىلدى. شەكسىزكى، ئايەتتىكى ئىبادەت ئورۇنلىرى بىر جەمئىيەتنىڭ قەدىر ـ قىممەت

سستېمىسىنى نامايەن قىلىدۇ. ئاللاھ جەمئىيەتنىڭ ئۇنىۋېرسال ۋە مىللىي قىممەت قارىشىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلارنىڭ بۇ قىلمىشىنى توسۇش مەجبۇرىيىتىنى ياخشى كىشىلەرنىڭ زىممىسىگە ئارتقان بولۇپ، تىنچلىق ۋە خاتىرجەملىكنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن. قىسقىسى، بىز جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقى، خاتىرجەملىكى ۋە قىممەت قارىشىنى بۇزۇش، شۇنداقلا جەمئىيەتتە زىددىيەت پەيدا قىلىش قىلمىشلىرىنى قۇرئاندا پاسات ئۇقۇمى بىلەن ئىپادىلەنگەن، دېيەلەيمىز. ئېنىقكى، بۇ قىلمىش جازاغا مەھكۇم.

بىر كىشىنى ناھەق ئۆلتۈرۈشنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى ئۆلتۈرۈش بىلەن ئوخشاش دەپ قوبۇل قىلغان قۇرئان، بۇ ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كىشىلىك ھاياتقا قانچىلىك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. شۇڭا، بىر ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقىنى پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ ياشاش ھوقۇقى بىلەن تەڭداش دەپ قارايدىغان قۇرئان، ياشاش ھوقۇقىنى كىشىلىك ھوقۇقنىڭ ئۇل - ئاساسى قىلغان.

يەنە بىر تەرەپتىن، قۇرئان بىر جاننى قۇتقۇزۇپ قېلىشنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇپ قالغانلىق دەپ قارايدۇ. ئېچكى ئەزالىرىنى تەقدىم قىلغان كىشى ۋە ئەزا كۆچۈرۈش ئارقىلىق بىر ئادەمنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قالغان دوختۇر مائىدە سۈرىسىنىڭ 32 - ئايىتىدە ئالاھىدە ماختالغان، شۇنداقلا بۇ ئىش - ئەمەلنىڭ ئۇلۇغ ئىبادەت ئىكەنلىكى كۆرسىتىلگەن. ئېچكى ئەزاسىنى تەقدىم قىلىش ئارقىلىق بىر جاننى قۇتقۇزۇپ قېلىش بىلەن ئەزا كۆچۈرۈش ئوپېراتسىيىسى قىلىدىغان دوختۇرلارنىڭ ئىش - ھەرىكەتلىرى ئوخشاش قىممەتكە ئىگە. شۇڭا، بۇ خىل ئۇسۇلدا

بىر جاننى ساقلاپ قالغانلار ئۆزلىرىنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىدراك قىلىپ، پەخىرلەنسە بولىدۇ.

قۇرئان پەقەت كىشىلەرنىڭ ياشاش ھوقۇقى توغرىسىدىلا توختالمايدۇ. ئۇ يەنە ھەربىر جانلىقنىڭ ياشاش ھوقۇقىنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ تەكىتلەيدۇ. قۇرئاننىڭ نەزىرىدە، ھايۋاننى ناھەق ئۆلتۈرۈش، دەل - دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنى كېسىش ھەم سۇندۇرۇشمۇ چوڭ گۇناھ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ بەلگىلىمە بىلەن قۇرئان مۇھىت ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش ئېڭىنى بەرپا قىلىشنى مەقسەت قىلغان. قۇرئان يەنە، جانلىقلارنىڭ ھاياتىغا خەۋپ يەتكۈزىدىغان بولغاچقا، سۇ، ھاۋا ۋە قۇرۇقلۇقنىڭ بۇلغىنىشىنى پاسات دەپ تەسۋىرلىگەن بولۇپ، ئۇ فىزىكىلىق مۇھىتنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى تەكىتلەش بىلەن بىرلىكتە، ئۇنى قوغداش ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك بارلىق خىزمەتلەرنىڭ مۇھىملىقىنىمۇ مەخسۇس ئەسكەرتىپ ئۆتكەن. ئاللاھنىڭ ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالامغا دەرەخنى، سەمۇد خەلقىگە تۆگىنى، تالۇت دەۋرىدە سۇغا قول ئۇزىتىشنى، يەنى بۇلارغا زىيان يەتكۈزۈشنى چەكلىشى، ئىنسانلارغا مۇھىت ئاسراش ئېڭىنى سىڭدۈرۈش ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ئىدى.

ئىنسانلارغا ۋە مۇھىتقا قىلىنغان بارلىق خىزمەتلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنى يەنىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. ئىنساننى ياخشى كۆرۈش بولسا ئۇنىڭ مۇھىتنى بۇلغىماسلىق ئارقىلىق ئايان بولىدۇ. مۇھىتنى بۇلغايدىغانلار كىشىلەرنىڭ ھۇزۇرىنى بۇزۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنى ھالاكەتكە سۆرەيدۇ. شۇڭا، مۇھىتنى ئاسراش كىشىلەرنى ۋە باشقا جانلىقلارنى قۇتقۇزۇش بولىدۇ. يىغىنچاقلىغاندا، شۇنى بىلىش كېرەككى، كىشىلەرنىڭ ياشاش

ھوقۇقى ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ھەربىر ئىش ـ پائالىيەت ئىبادەت جۈملىسىدىن بولىدۇ.

مەۋجۇتلۇق ئالىمىگە كەلگەن ھەر مەۋجۇدىيەتنىڭ بىر ۋەزىپىسى ۋە ۋەزىپىسىگە يارىشا ئۆز ئەھمىيىتى بولىدۇ. دېمەك، ئىلاھىي تەقدىر، يەنى ساماۋى پىلاندىن تۈزۈلۈپ مەۋجۇت بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن ھەربىر مەۋجۇدىيەت ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرۇش ھوقۇقىغا ئىگە. «ياشاش ھوقۇقى» بارلىق ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ئۇل ـ ئاساسى بولۇپ، باشقا ھوقۇقلار ئۇنىڭدىن تۈرلىنىپ چىقىدۇ.

قۇرئان ھەرقانداق جانلىقنىڭ بىھۇدە ئۆلتۈرۈلۈشىنى تەشەببۇس قىلمايدىغان بولۇپ، بۇ قىلمىشنىڭ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش، زىنا قىلىش ۋە ناھەق ئادەم ئۆلتۈرۈشتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ گۇناھنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن.

... وَلَا يَقْتُلُونَ النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللّٰهُ اِلَّا بِالْحَقِّ ...

«... ئۇلار ناھەق ھالدا جانغا زامىن بولۇشتىن ئىبارەت ئاللاھ چەكلىگەن قىلمىشنى سادىر قىلمايدۇ ...» (فۇرقان سۈرىسى 68 ـ ئايەت).

تۆۋەندە، ئايەتتىكى بەزى ئۇقۇملارنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق بۇ تېمىنى ئىزاھلايلى:

1) «ئاللاھ چەكلىگەن». بۇ يەردىكى ھارام ئۇقۇمى يەنە «ئاللاھ مۇقەددەس سۈپىتىدە قوبۇل قىلغان، ئەھمىيەت بەرگەن ۋە قىممەتلىك دەپ قارىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بۇ خۇددى «مەسچىت ھارام ـ مەسچىت ھەرەم» ئىپادىسىدىكى ھارام كەلىمىسىنىڭ «مۇقەددەس» مەنىسىنى بىلدۈرۈشىگە ئوخشايدۇ.

2) «جان». بىز ئايەتتىكى «نەفس» ئۇقۇمىنى «جان» دەپ ئىزاھلايمىز. جېنى بار ھەر بىر مەۋجۇدىيەت بۇ سۆزنىڭ مەنە دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئۆسۈملۈكلەر، ھايۋانلار ۋە ئىنسانلارنى ئىپادىلەيدىغان نەفس سۆزى، ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ بىر يېشىل يوپۇرماقنى، ھايۋاننى ياكى ئىنساننى ناھەق سولدۇرۇشقا، ئۆلتۈرۈشكە بولمايدىغانلىقنى بەلگىلىگەنلىكىنى، ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات دۇنياسىدىكىلەرنىڭمۇ ياشاش ھوقۇقى بارلىقنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ھەربىر جانلىقنى ئاللاھنىڭ مەخلۇقاتلىرى سۈپىتىدە قاراپ كۆڭۈل بۆلۈش، يەر شارىدىكى جانلىقلار دۇنياسىدا ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاشنىڭ مۇھىملىقنى چۈشىنىش ۋە بۇ ئالەملەرنىڭ ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقنى بىلىش ناھايىتى ياخشى پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئايەتتە «ئىنسان» كەلىمىسىنى ئەمەس، «نەفس، يەنى جان» ئۇقۇمىنى ئىشلەتكەن بولۇپ، بۇ بارلىق جانلىقلارنى كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، قۇرئان ئىنسانلارغا ياشاش ھوقۇقى بېرىش بىلەنلا كۇپايىلەنمەي، يەنە بارلىق جانلىقلارغىمۇ ياشاش ھوقۇقى بەرگەن. دېمەك، مۇسۇلماننىڭ «ياشاش ھوقۇقى»غا بولغان تونۇشى بارلىق جانلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ ۋە شۇنداق بولۇشى كېرەك.

3) «ناھەق». ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ ئىپادە بىلەن كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن مەنپەئەتلىنىشنىڭ يولىنى ئېچىپ بەرگەن. ئەگەر بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمگە سەۋەبسىز ھۇجۇم قىلسا، ئىككىنچى ئادەمنىڭ ئۆزىنى قوغداش ھوقۇقى بولىدۇ. مانا مۇشۇنىڭدەك، قۇرئان ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ھاياتىنى قوغداش كۈرىشىنىڭ قانۇنلۇق، يوللۇق قوغدىنىش ئىكەنلىكى كۆرسىتىپ بەرگەن. ئېھتىياجىغا

ئاساسەن ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋاناتلار دۇنياسىدىن مەنپەئەتلىنىش ھەم ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن كۆرەش قىلىش تەبىئىي ئەھۋال، ئەلۋەتتە. ئەمما، بۇلاردىن باشقا ھەر قانداق سەۋەب بىلەن بىر جاننى ئۆلتۈرۈش ئادالەتسىزلىك بولۇپ، بۇ قۇرئاندا چەكلەنگەن.

تەۋرات ۋە قۇرئاندىكى بىر ئايەتتە، بىر ئادەمنى ناھەق ئۆلتۈرۈش بىلەن بىرلىكتە، بىر جاننى قۇتقۇزۇشنىڭ نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقى بايان قىلىنغان بولۇپ، ئايەت تۆۋەندىكىچە:

مِنْ اَجْلِ ذٰلِكَ كَتَبْنَا عَلٰى بَن۪ٓي اِسْرَٓائ۪لَ اَنَّهُ مَنْ قَتَلَ نَفْساً بِغَيْرِ نَفْسٍ اَوْ فَسَادٍ فِي الْاَرْضِ فَكَاَنَّمَا قَتَلَ النَّاسَ جَم۪يعاًۜ وَمَنْ اَحْيَاهَا فَكَاَنَّمَٓا اَحْيَا النَّاسَ جَم۪يعاًۜ

«شۇ سەۋەبتىن (تەۋراتتا) ئىسرائىل ئەۋلادىغا ھۆكۈم قىلدۇقكى: كىمكى ناھەق ئادەم ئۆلتۈرمىگەن ياكى يەر يۈزىدە بۇزغۇنچىلىق قىلمىغان بىر ئادەمنى ئۆلتۈرسە، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى ئۆلتۈرگەندەك بولىدۇ. كىمكى بىر ئادەمنى تىرىلدۈرسە (يەنى قۇتقۇزسا ياكى ھايات قېلىشىغا سەۋەبچى بولسا)، ئۇ پۈتۈن ئىنسانلارنى تىرىلدۈرگەندەك بولىدۇ ...» (مائىدە سۈرىسى 32 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتتە، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىر ئىنساننى پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە باراۋەر ئورۇنغا قويغان ۋە ئۇنىڭغا شۇ دەرىجىدە ئەھمىيەت بەرگەن. شۇڭا، تەۋرات ۋە قۇرئانغا كىرگۈزۈلگەن بۇ قىممەت قاراش، بىگۇناھ ئىنساننى ئۆلتۈرگەنلەرنىڭ ناھايىتى چوڭ گۇناھ سادىر قىلىدىغانلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن بولسا، ئايەت يەنە بىر جاننى قۇتقۇزۇپ قېلىشنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتكە ھاياتلىق بەخش ئەتكەندەك مۇھىملىقىنى تەكىتلىگەن. ئۇنداقتا، بىر جاننى قۇتقۇزۇش دېگەن نېمە؟

مەلۇمكى، كوسوۋوغا ئوخشاش دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا ئىنسانلار ناھەق ئۆلتۈرۈلمەكتە. شەكسىزكى، بۇ كىشىلەرنى

قۇتقۇزۇش ئۈچۈن تىرىشىۋاتقان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇشتەك مۇھىم ئىشنى قىلىۋاتىدۇ. مائىدە سۈرىسىنىڭ 32 ـ ئايىتىدە، ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى مەدھىيىلىگەن، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ نەقەدەر پەزىلەتلىك ئىش قىلىۋاتقانلىقىنىمۇ بىلدۈرگەن.

بىر ئادەمگە ئىچكى ئەزاسىنى تەقدىم قىلىپ، ئۇنى قۇتقۇزۇشمۇ مەزكۇر ئايەت دائىرىسىگە كىرىدۇ، ئەلۋەتتە. ئاق قان كېسىلىگە گىرىپتار بولغان كىشىگە يىلىك تەقدىم قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشمۇ ئەڭ چوڭ ئەمەللەرنىڭ بىرى. ئىنسانىيەت ئىنسانلارنى ئۆلتۈرۈش ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئىنسانلارنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ مەدەنىيىتىنى بەرپا قىلدۇ ۋە تەرەققىي قىلدۇرىدۇ. ئىچكى ئەزا ئىئانە قىلىش ۋە ھەر خىل ياردەملەر بىلەن كىشىلەر ئەمەلىيەتتە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزىدۇ ھەم ھاياتلىق بەخش ئېتىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ پىداكارلىقلار ئادىمىيلىكىمىزنىڭ ۋە پەزىلىتىمىزنىڭ جېنى بولۇپ، ھاياتنى قۇتقۇزۇش قانچە مۇھىم ۋە پەزىلەتلىك بولسا، بىگۇناھ ئىنساننى ئۆلتۈرۈشمۇ شۇنچە چوڭ گۇناھ ۋە يىرگىنىشلىك قىلمىش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئىنسانىيەت 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇش تاسادىپىيلىقلار ئىلكىگە تاشلاپ قويۇلماستىن، بەلكى رەسمىي تۈردە مۇنتىزىم، سىستېمىلىق ھالغا كېلىشى، ئاپپاراتلىششى، ئىچكى ئەزا ۋە يىلىك كۆچۈرۈش بانكىلىرى قۇرۇلۇشى كېرەك.

ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈشتىن قالسىلا، ئەڭ چوڭ ۋە ئەڭ ئېغىر گۇناھلارنىڭ بىرى بىگۇناھ كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش بولۇپ، ھەممىگە قادىر ئاللاھ قۇرئاندا كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشنىڭ تۈرلۈك ئۇسۇللىرىنى بايان قىلدى ۋە جازالارنى شۇ ئۇسلۇبلارغا ئاساسەن بېكىتتى.

**iii. بىر مۆمىننىڭ يەنە بىر مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرۈشى ھارام**

مۆمىن مۆمىننى قەستەن ئۆلتۈرمەسلىكى كېرەك. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىر كىشىنى قەستەن ئۆلتۈرگەنلەرگە تۆت خىل جازانىڭ بىرى قوللىنىلىدىغانلىقىنى بايان قىلدى:

1) قىساس جازاسى، يەنى قەستەن ئادەم ئۆلتۈرگەن كىشىگە جانغا جان ئېلىش جازاسى بېرىلىدۇ.

2) خۇن ھەققى، يەنى تۆلەم بېرىش جازاسى.

3) ئەپۇ قىلىش.

ئاللاھ بەقەرە سۈرىسى 178 ـ ئايەتتە بىگۇناھ ئادەم ئۆلتۈرگۈچىگە يۇقىرىدىكى ئۈچ خىل جازادىن بىرىنى بېرىشنى بېكىتكەن بولۇپ، مېيىتنىڭ ۋارىسلىرى بۇلاردىن بىرىنى تاللايدۇ، سوتچى ـ قازى ھۆكۈم قىلىدۇ.

4) «بىگۇناھ ئىنساننى قەستەن ئۆلتۈرۈشنىڭ جازاسى، دوزاختا مەڭگۈ قېلىشتۇر» (نىسا سۈرىسى 93 ـ ئايەت).

تۆتىنچى خىل جازادا ھېچكىمنىڭ تاللاش ھوقۇقى مەۋجۇت ئەمەس. قەستەن قان تۆككەن ئادەم ئاخىرەتتە جەھەننەمگە ئوتۇن بولىدىغان بولۇپ، ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇ تۆككەن ھەر تامچە قاننى ئۇنى ئازابلايدىغان ئوتقا ئايلاندۇرىدۇ. سەۋەبسىز ياكى كىچىك باھانىلەر بىلەن ئىنسانلارنىڭ قېنىنى تۆككەنلەر بۇ دۇنيانى دوزاخقا ئايلاندۇرماقتا. دۈشمەنلىك، ئاداۋەت، ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت تۇيغۇسى كىشىلەر بۇ دۇنيادا بەرپا قىلغان قان دوزىخىنىڭ يېقىلغۇسى بولماقتا، بۇ دوزاخ ئوتى توختىماي پۈۋلىنىپ، ئوتى ئۇلغايتىلماقتا. ئاسمان ـ پەلەك سەۋەبسىز

ئۆلتۈرۈلگەنلەرنىڭ ئاھى بىلەن تولماقتا، ئىقىۋاتقان قان يەر يۈزىدە دەرياغا ئايلانماقتا. ئەمەلىيەتتە، ئىنساننىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى نەپس شەيتاننىڭ قارارگاھىغا ئايلىنىپ قالغان، بارلىق قوراللار ئۇ يەردىن يۈرەككە قارىتىلغان بولۇپ، قەلبكە ئۇ يەردىن توختىماي ئوق ئېتىلىۋاتىدۇ. ئۇ ئىنساننىڭ قەلبىدىكى مۇھەببەت ئابىدىسىنى ۋەيران قىلىپ، ئۆزئارا ھۆرمەت، ئىشەنچ ۋە تىنچلىق ئۇنسۇرلىرىنى ۋەيران قىلىپ، ئاقىۋەت ئىنساننى ئىنسان بولۇشتىن چىقىرىپ يىرتقۇچ مەخلۇققا ئايلاندۇرۇپ قويىدى.

شەيتان ئىچكى دۇنيايىمىزدا قولىغا پىچاق ئالغان يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئوخشاش ئايلىنىپ يۈرىۋاتىدۇ. پەزىلەتكە ئائىت بارلىق نەرسىلەرنى ئۆلتۈرۈپ، قىبىنى ئىچىۋاتىدۇ. بىز ھازىر مەدەنىيەتنى پەرۋىش قىلىشنىڭ ئورنىغا، شەيتاننى قان بىلەن بېقىۋاتىمىز. بىزدىكى ئۆچمەنلىك، دۈشمەنلىك تۇيغۇسى ۋە ھەسەتخورلۇقنى كۈچەيتىدىغان شەيتان بىزدىن دائىم قۇربانلىق تەلەپ قىلىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇ ھېسسىياتلارنى بىزگە ئىلاھ سۈپىتىدە تونۇشتۇرماقتا، قۇلاقلىرىمىزغا بۇ ئىلاھلارنىڭ قۇربانلىق تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىنى پىچىرلىماقتا. نەتىجىدە، ئىچىمىزدىكى ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئىلاھى تەلەپ قىلغان قۇربانلىق يەنە باشقا بىر ئىنساننىڭ جېنى بولماقتا. ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت ئىلاھى شەيتاندىن ئالدى بىلەن ئىرادىمىزنى قۇربان قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، ئۇ ئىرادىسىنى تارتىۋالغان كىشىگە ھەر قانداق ئىشنى قىلدۇرغىلى بولىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدۇ.

**vi. ئەگەر بىر مۆمىن يەنە بىر مۆمىننى سەۋەنلىك بىلەن ئۆلتۈرسە جازاسى نېمە؟**

1) ئۇ بىر قۇلنى ئازاد قىلىدۇ.

2) ئۇ ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە خۇن ھەققى بېرىدۇ (نىسا سۈرىسى 92 ـ ئايەت).

سەۋەنلىك بىلەن ئادەم ئۆلتۈرۈشنىڭ بۇ دۇنيادا جازاسى بار، ئەمما ئاخىرەتتە جازاسى يوق. دېمەك، ئاخىرەتتىمۇ جازا بېرىلىشى ئۈچۈن، قەستەن ئادەم ئۆلتۈرۈش نىيىتى بولۇشى كېرەك. ئۆلگۈچىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ خۇن ھەققىنى ئالماسلىق ھوقۇقى بار (نىسا سۈرىسى 92 ـ ئايەت).

**v. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن مۆمىن دۈشمەن خەلقتىن بولسا ھۆكمى قانداق نېمە؟**

ئەگەر خاتالىق بىلەن ئۆلتۈرۈلگەن ئادەم دۈشمەن خەلقتىن، ئەمما مۆمىن كىشىلەردىن بولسا، قاتىل «ئۇنداقتا مۆمىن بىر قۇل ئازاد قىلىش كېرەك» (نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايەت).

**iv. ئەگەر ئۆلتۈرۈلگەن كىشى ئۆزئارا كېلىشىم تۈزۈلگەن خەلقتىن بولسا ھۆكمى نېمە؟**

بۇ خىل ئەھۋالدا، ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە چوقۇم خۇن پۇلى بېرىلىشى، جەزمەن بىر قۇل ئازاد قىلىنىشى كېرەك (نىسا سۈرىسى 92 ـ ئايەت).

قۇل ئازاد قىلىش ۋە خۇن ھەققى تۆلەش ئىمكانىيىتى بولمىغان كىشى ئاللاھقا تەۋبە قىلىدۇ ۋە تەۋبىسىنىڭ قوبۇل قىلىنىشى ئۈچۈن ئۇدا ئىككى ئاي روزا تۇتىدۇ. شۇنىڭغا دىققەت قىلايلىكى، ئاخىرقى ئۈچ تۈر سەۋەنلىك بىلەن مەيدانغا كەلگەن ئۆلۈم ۋەقەلىرىگە مۇناسىۋەتلىك جازا بولۇپ، بۇ تېمىنىڭ مۇشۇنداق ئىنچىكە بايان قىلىنىشىدىكى سەۋەب، جازانىڭ جىنايەتتىن قول ئۈزگۈزۈش كۈچىدىن پايدىلىنىش، ياشاش ھوقۇقىنىڭ نەقەدەر مۇھىم ۋە

ئەڭ ئاساسلىق ھوقۇق ئىكەنلىكىنى تەكىتلەشتۇر. ئىچىمىزدىكى شەيتان بىزنى كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈشكە ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن نەپسلىرىمىزدە ئۆز بازىسىنى قۇردى. بۇنىڭغا قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، بىز كىشىلەرنى تەربىيەلەپ، ئۇلارنىڭ قەلبىدە باشقىلارغا بولغان مۇھەببەت ۋە ھۆرمەت ئابىدىلىرىنى بەرپا قىلىشىمىز، مۇھىمى، ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز كېرەك. بىز چوقۇم ئەقىل بىلەن قەلب ئوتتۇرىسىدىكى قاناللارنى ئوچۇق تۇتىشىمىز كېرەك. ئىنسانىيەت ئاسمىنىنى قاپلاپ تۇرغان بۇ جاھىلىيەت بۇلۇتىنى يوقىتىش ئۈچۈن، جەزمەن بىلىم دەرىخىنى سۇغىرىشىمىز ۋە ئوبدان پەرۋىش قىلىشىمىز لازىم. نادانلىقىمىز، بىلىمىمىزنىڭ كەملىكى ۋە ئىرادىمىزنىڭ قەتئىي بولالماسلىقى قاتارلىق ئامىللار شەيتاننىڭ ئىشىنى ئاسانلاشتۇرىدۇ. شۇڭا، بىزدىكى سۇلغان مۇھەببەت گۈللىرى ئىمان ۋە بىلىم دەپ ئاتىلىدىغان رەھىم - شەپقەت تامچىلىرىغا تەشنا. ھازىر ئىچىمىزدىكى ئەقىل، مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتكە بولغان چوڭقۇر سېغىنىش پەريادىنى تىنجىتىدىغان پەيت يېتىپ كەلدى. ئەگەر بىز مائارىپىمىز بىلەن بۇ پەزىلەتلەرگە ھاياتلىق - كۈچ بەرمىسەك، بۇ بىزنىڭ ياشاش ھوقۇقىمىزنى يەنىلا داۋاملىق دەپسەندە قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرى قوللىنىلمىسا، بىز بىر سىنىپتا، ھەتتا بىر پارتىدا ئولتۇرۇۋاتقان ياشلارنىڭ بىر - بىرىگە پىچاق تىقىشىغا، بىر - بىرىنىڭ بېشىنى يېرىشىغا، بىر - بىرىنى ئۆلتۈرۈشكە يەنە نۇرغۇن قېتىم شاھىت بولىمىز.

زامانىمىزدا ئىنسانىيەت قان ھىدى سەۋەبىدىن مۇھەببەت گۈللىرىنىڭ خۇش پۇرىقىنى ھېس قىلالمايدىغان، ئۆچمەنلىك ۋە ئاداۋەت سەۋەبىدىن بىر - بىرىنى ياخشى كۆرمەيدىغان، شەخسىيەتچىلىك تۈپەيلىدىن بىر - بىرىنى كەچۈرەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلار ئەقلىنىڭ نوپۇزىنى يوقىتىپ قويغانلىقتىن،

ئۆزئارا يارىشىپ، ئەپ ئۆتەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا، ئەقىل قۇياشى، بىلىم نۇرى ئىنسانىيەتنىڭ بۇ قاراڭغۇ بۇلۇتنى تارقىتىۋېتىشى، بىھۇدە قان تۆكۈلۈشنى توختىتىشى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يېتىشى كېرەك.

### iiv. تۇغۇلۇشتىن بۇرۇنقى كىشىلىك ھوقۇق

ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقىنى ئانا قورسىقىدا تۆرىلىشكىچە ئىلگىرى سۈرۈش مۇمكىن. ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانات يېمەكلىكلىرىدىن تەركىب تاپقان، ئىسپېرما ۋە تۇخۇم دەپ ئاتىلىدىغان تۆرەلمە ئېلېمېنتلىرىدا ئۆزىنى نامايان قىلغان ھاياتلىقنىڭ بۇ سەرگۈزەشتىسى، ياشاش ھوقۇقىنى بۇ تۆرىلىشنىڭ مۇھىملىقىدىن ئالىدۇ. ئىسپېرما بىلەن تۇخۇمنىڭ ئۇچرىشىشى ئاددىي بىئولوگىيىلىك ھادىسە ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ ئىلاھىي تەقدىرنىڭ مۆجىزىسىنىڭ بارلىققا كېلىشىدىكى يارىتىش ھادىسىسىنىڭ نامايەندىسىدىن ئىبارەت.

مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، سانىنى مۆلچەرلىگىلى بولمايدىغان ئىسپېرمىنىڭ دەريانىڭ ئېقىشىنىڭ ئەكسىچە ئۈزۈپ ئىلاھىي تەقدىر نىشان قىلىپ كۆرسەتكەن تۇخۇمغا يېتىش پائالىيىتى، ئەمەلىيەتتە ياشاش ھوقۇقىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان مۆجىزە خاراكتېرلىك مۇسابىقە ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇچرىشىشتىن كېيىن، ئۇلاردىن پەيدا بولىدىغان ئىنسان ئەۋلادلىرىغا قارا قول ئۇزىتىش ئىلاھىي تەقدىرگە قارشى چىققانلىق بولىدۇ. ئۇ مەزگىلدە بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش قوش گۇناھ شەكىللەندۈرىدۇ. بىرىنچىسى، ئىلاھىي تەقدىرنىڭ تاماملىنىشىغا توسقۇنلۇق قىلىش؛ ئىككىنچىسى، ئىنساننىڭ ياشاش ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلىش.

ئىلىم ـ يەن بىزگە ئۇ سىرلىق ھاياتنىڭ تۇخۇمنىڭ ئىسپېرما ئارقىلىق ئۇرۇقلىنىشىدىن باشلىنىدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىزگە ئۆزىنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتىنى بايان قىلغاندا، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى يارىتىشىنى، يەنى بۇ سىرلىق ھاياتنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى مۇنداق ئەسلىتىدۇ:

هُوَ الَّذِي يُصَوِّرُكُمْ فِي الْأَرْحَامِ كَيْفَ يَشَاءُ

«ئۇ (ئاللاھ) سىلەرنى بالىياتقۇلاردا (يەنى ئاناڭلارنىڭ قورسىقىدىكى چېغىڭلاردا) ئۆزى خالىغان شەكىلگە كىرگۈزىدۇ. ...» (ئالئىمران سۈرىسى 6 ـ ئايەت).

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئانىنىڭ قورسىقىدا ئەمەلگە ئاشۇرغان بۇ يارىتىلىش ھادىسىسى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ جەريان ئاللاھنى تونۇشتۇرۇشتا ئىشلىتىلىدۇ. بۇ ئايەتتە «تەسۋىر»، يەنى «شەكىل كىرگۈزۈش» ئۇقۇمى مەۋجۇت. بۇ شەكىللەندۈرۈش ئىنسانىنىڭ پسىخىكا ۋە بىئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسىنىڭ تەڭپۇڭلۇقى ھەم بەدىئىي تەرىپىنى ئىپادىلەيدۇ. خۇددى ئىنتايىن قىممەتلىك سەنئەت ئەسىرىنى يوقىتىش ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىگە زىيان يەتكۈزگەنلىك بولغاندەك، بۇ ئىلاھىي سەنئەت ئەسىرىنىڭ ھاياتىنى ئانىسىنىڭ قورسىقىدىكى ۋاقتىدىلا ئاخىرلاشتۇرۇشمۇ ئىلاھىي مەدەنىيەت ۋە تەقدىرگە شۇنداق زىيان يەتكۈزۈشتىن دېرەك بېرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، ئىنسان ئىجاد قىلغان سەنئەت ئەسىرى جانلىق ئەمەس، ئەمما ئىلاھىي سەنئەت ئەسىرى، يەنى ئىنسان بولسا جانغا ئىگە.

«رەھىم» ئۇقۇمى رەھىمدىللىكتىن كەلگەن بولۇپ، «ئانا رەھىمى ـ بالىياتقۇ» ئۇقۇمى بولسا بالىياتقۇنىڭ ھەم ئىسسىق، ھەم ھاياتقا ساھىبخانلىق قىلغانلىقىدىن بۇ ئىسىم بىلەن

ئاتالغان. قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، رەھىم ـ شەپقەت ئۇقۇمى مېھرىبانلىق، كۆيۈمچانلىق ۋە شەپقەتنى كۆرسىتىدۇ. ئېنىقكى، ئانىنىڭ قورسىقىدىكى بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولۇش، ئۇ ئەزا، يەنى بالىياتقۇغا بېرىلگەن «رەھىم» نامىغا ماس كەلمەيدۇ. ئۇ ئەزا بالىنىڭ جېنىغا زامىن بولماسلىق، ئۇنىڭ ياشاش ھوقۇقىنى تارتىۋالماسلىقنى كۆرسىتىدۇ.

ئەجەبا، ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان ۋە پەقەت ئانىسىنىڭ رەھىم ـ شەپقەت مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان بالىياتقۇسىنىڭ ھامىيلىقىغا ئېرىشكەن ھامىلىنىڭ ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرۇش قاتىللىق ئەمەسمۇ؟ ئىنسانلارنىڭ ئىنسانلارغا بولغان زۇلمى دەل مۇشۇ يەردىن باشلىنىدۇ. شەكسىزكى، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بالىلارنىڭ تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئۆلتۈرۈلۈشىنى خالىمايدۇ، بۇ سەۋەبتىن ئۇ مەزكۇر قىلمىشنى ئىپادىلىگەندە «ئۆلتۈرۈش»، يەنى «قاتىللىق» ئۇقۇمىنى قوللانغان:

وَلَا تَقْتُلُوا اَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ اِمْلَاقٍ نَحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَاِيَّاكُمْ اِنَّ قَتْلَهُمْ كَانَ خِطْئاً كَبِيراً

«كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ جىنايەت ۋە گۇناھتۇر» (ئىسرا سۈرىسى 31 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرىكى مەزگىلدىكى، يەنى تۆرەلمە ھالەتتىكى بالا نەزەردە تۇتۇلغان. يەنە بىر ئايەت تۆۋەندىكىچە:

قُلْ تَعَالَوْا اَتْلُ مَا حَرَّمَ رَبُّكُمْ عَلَيْكُمْ اَلَّا تُشْرِكُوا بِهِ شَيْئاً وَبِالْوَالِدَيْنِ اِحْسَاناً وَلَا تَقْتُلُوا اَوْلَادَكُمْ مِنْ اِمْلَاقٍ نَحْنُ نَرْزُقُكُمْ وَاِيَّاهُمْ وَلَا تَقْرَبُوا الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ وَلَا تَقْتُلُوا النَّفْسَ الَّتِي حَرَّمَ اللّٰهُ اِلَّا بِالْحَقِّ ذٰلِكُمْ وَصّٰيكُمْ بِهِ لَعَلَّكُمْ تَعْقِلُونَ

«ئېيتقىنكى: ‹كېلىڭلار، ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىلەرنى سىلەرگە ئوقۇپ بېرەي: سىلەر ئاللاھغا ھېچنەرسىنى شېرىك

كەلتۈرمەڭلار، ئاتا ـ ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىڭلار، نامراتلىقتىن قورقۇپ بالىلىرىڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، بىز ئۇلارغا ۋە سىلەرگە رىزىق بېرىمىز، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار، ئاللاھنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلىپ (ناھەق) ئادەم ئۆلتۈرمەڭلار، ھەقلىق رەۋىشتە ئۆلتۈرۈش بۇنىڭدىن مۇستەسنا». سىلەرنىڭ چۈشىنىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ سىلەرگە بۇ ئىشلارنى تەۋسىيە قىلىدۇ» (ئەنئام سۈرىسى 151 ـ ئايەت).

ئاللاھ بۇ ئايەتتە ھەق ـ ھوقۇقلارنى تىزىپ چىققان بولۇپ، بۇ ھەق ـ ھوقۇقلار ئاللاھنىڭ ھەققى، ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەققى، بالىلارنىڭ ھەققى، ياشاش ھوقۇقى ۋە جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقىدىن ئىبارەت.

بۇ ئايەتتىكى دىققەت چېكىدىغان نۇقتا، بۇ ئايەت «بالىنىڭ ياشاش ھوقۇقى»نى چوڭلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىدىن ئايرىپ، ئۇنى ئايرىم ھوقۇق سۈپىتىدە تىلغا ئالغان.

**iiiv. تۇغۇتتىن ئىلگىركى ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى قوللانسا بولامدۇ؟**

بالىنى تۇغۇپ دۇنياغا كەلتۈرۈش مۇھىم ئەمەس. مۇھىمى ئۇنى ئالىيجاناب ـ شەرەپلىك ئادەم قىلىپ يېتىشتۈرۈش. شۇڭا، بىر ئادەمنىڭ ئۆزى تەربىيەلەلىگۈدەك ساندا پەرزەنتلىك بولۇشى مۇھىم پىرىنسىپ بولۇشى كېرەك. ھامىلىدار بولۇشتىن ئىلگىرى قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەر دىنىدا ھارام ئەمەس. ئەمما، بۇ تەدبىرلەر ئاياللارنىڭ ھاياتىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى شەرت.

بۇ سەۋەبتىن، بالىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش ھوقۇقى ياشاش ھوقۇقىغا ئوخشاشلا مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ بالىلار تۇغۇلغاندىن كېيىن «بۇ ھايات ئۆلۈمدىنمۇ بەتتەر» دەيدىغان

ھاياتنى ئۇلارغا ياشىتىش ھەققىمىز يوق.

### xi. تۇغۇلغاندىن كېيىنكى كىشىلىك ھەق - ھوقۇق

ھەممىگە قادىر ئاللاھ قۇرئاندا، بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆسمۈر باللارنى ئۆلتۈرىدىغان كىشىلەرنىڭ بارلىقىنى، بۇنىڭ زۇلۇمنى شەكىللەندۈرىدىغانلىقىنى ۋە بۇ قىلمىشنىڭ يىرگىنىشلىك ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ، بۇ قىلمىشلارنى سادىر قىلغانلارنىڭ دەۋرىنى «جاھىلىيەت دەۋر» دەپ تەسۋىرلىگەن.

1) پىرئەۋن بەنى ئىسرائىل خەلقىنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى ساق قالدۇراتتى. ئۇ سېھىرگەرلەرنىڭ مۇسانىڭ كېلىپ ئۆزىنى تەختتىن ئاغدۇرۇۋېتىدىغانلىقى توغرىسىدىكى خەۋەرگە ئىشەنگەچكە، بۇ زىيانكەشلىكنى قىلىۋاتاتتى. بۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ ئۇنى «زالىم» دەپ جاكارلىدى.

2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ئەرەبلەرمۇ قىزلىرىنى ئۆلتۈرەتتى. ئۇلار قىزلىرىنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەيىب دەپ قارىغانلىقتىن ئۆلتۈرۈۋاتاتتى. قۇرئاننىڭ بىر قانچە ئايەتلىرىدە تىلغا ئېلىنغان بۇ رەھىمسىز قىلمىشنىڭ ئاخىرەتتە سوراق قىلىنىدىغانلىقى ئېنىق تەكىتلەنگەن:

وَاِذَا الْمَوْءُ دَةُ سُئِلَتْ بِاَيِّ ذَنْبٍ قُتِلَتْ

«تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن: ‹سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟› ـ دەپ سورالغاندا» (تەكۋىر سۈرىسى 9 ـ 8 ـ ئايەتلەر).

بۈگۈنكى كۈندە باللار كوچىلارغا تەرك قىلىنغان ئەھۋاللار خېلىلا مەۋجۇت. ئۇلار ئىگە ـ چاقىسىز قالغانلىقتىن ھاياتى ۋەيران بولماقتا.

## 2) مائارىپتىن بەھرىلىنىش ھوقۇقى

«ياشاش ھوقۇقى»دىن كېيىنلا تۇرىدىغان ئەڭ مۇھىم ھوقۇق «مائارىپتىن بەھرىلىنىش ھوقۇقى» بولۇپ، ئۇ تۇنجى ئىنساندىن تارتىپ ئىنسان بەھرىمەن بولۇشقا تېگىشلىك ھوقۇقلارنىڭ ئەڭ ئالدىنقى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ كەلگەن. تۇنجى ئىنسان يارىتىلغاندىن كېيىن، ئۇلۇغ ئاللاھ دەرھال ئوقۇ - ئوقۇتۇش پائالىيىتىنى باشلىغان. بەقەرە سۈرىسىنىڭ 31 - ئايىتى نەزەرگە ئېلىنغاندا، مەۋجۇتلۇق نېمىتىدىن كېيىنلا مائارىپ، يەنى بىلىم نېمىتىنىڭ كېلىدىغانلىقىنى كۆرىمىز. ئاللاھ ھەزرىتى ئادەمنى ياراتقاندىن كېيىن، ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئىلىم تەھسىل قىلدۇرغان. ھەتتا، «بىلىم» مەۋجۇتلۇقنىڭ سەۋەبىگە ئايلانغان. يەنى:

وَمَا خَلَقْتُ الْجِنَّ وَالْاِنْسَ اِلَّا لِيَعْبُدُونِ

«مەن جىن ۋە ئىنسانلارنى پەقەت مېنى تونۇسۇن دەپ ياراتتىم» (زارىيات سۈرىسى 56 - ئايەت).

بۇ ئايەتنى مۇنداق تەھلىل قىلىشقا بولىدۇ: بۇ ئايەتتە «لى يابۇدۇن (لِيَعْبُدُونِ)» ئۇقۇمى تىلغا ئېلىنغان. بۇ ئۇقۇمنىڭ مەنىسى «ماڭا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن» بولۇپ، مۇپەسسىرلەر «لى يابۇدۇن» ئىپادىسىنى «لى يارىفۇن» دەپ شەرھلىگەن. «لى يارىفۇن» ئىپادىسىنىڭ مەنىسى «مېنى تونۇشى ئۈچۈن» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇنىڭدىن ئىنساننىڭ يارىتىلىشىدىكى سەۋەبنىڭ «ئاللاھنى تونۇش» ئىكەنلىكىنى يەكۈنلەشكە بولىدۇ.

دىمەك، ئىنسان بىلىش ئۈچۈن يارىتىلغان. شۈبھىسىزكى، بىلىم، يەنى ئادەمنىڭ ئەقلىنى ئىشلىتىپ ئىشلەپچىقىرىشقا ئۆتۈش پائالىيىتى مەۋجۇتلۇقتىن يۇقىرى قىممەتكە ئىگە. چۈنكى، ئىنسان بىلىمى ياردىمىدە ئۆزىنى تونۇيدۇ، ئۆزىنى ھېس قىلىدۇ ۋە ئۆزىنى چۈشىنىدۇ. ئۇ قانچە كۆپ بىلسە، مەۋجۇتلۇقتىن شۇنچە ھۇزۇرلىنىدۇ، مەۋجۇتلۇققا قانىدۇ ۋە مەۋجۇتلۇقنى بېيىتىدۇ. ئۇچۇر ئاتوملىرى مەۋجۇتلۇق بىناسىنى بارلىققا كەلتۈرىدىغان، كىشىلەرگە ئادىمىيلىكنى ياشىتىدىغان نېگىزلىك ئامىل بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئىلاھىي بىلىم، مەۋجۇتلۇقنىڭ د ن ئا (DNA) سىنى ھاسىل قىلغان كۈچ ئەمەسمۇ؟ جانلىقلارنىڭ قۇرۇلمىسىدىكى ھۈجەيرىلەر ۋە ئاتوملارنىڭ ھەرىكىتى، ئۆزئارا باغلىنىشى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ بىر گەۋدە سۈپىتىدە خىزمەت قىلىشى ئىلاھىي بىلىم تورىنىڭ مەھسۇلى ئەمەسمۇ؟ ئەجەبا، كىشىلەرنىڭ بۇ بىلىم قۇرۇلمىسىنى يېشىش ئۈچۈن قىلىدىغان ئۆگىنىش تىرىشچانلىقىدىنمۇ يۇقىرى قىممەت بولامدۇ؟ ئىلاھىي بىلىملەر تورى بىلەن ئورالغان بۇ تەبىئەت كىتابىنى تەتقىق قىلىش، ئۇنىڭ سىرىنى يېشىش ۋە ئۇنىڭ سىرلىرىنى ئىنسانغا خىزمەت قىلدۇرۇش پائالىيىتى بولغان ئوقۇ - ئوقۇتۇش كىشى بەھرىمەن بولىدىغان ھوقۇقلار ئىچىدە بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك. بۇ مائارىپ ھوقۇقى تۇنجى ئىنساندىن تارتىپ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلگەن بولۇپ، ئۇ قۇرئان ۋە كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىدە ئورۇن ئالغان.

ئىنساننى بىلىمدىن مەھرۇم قىلىش ئەڭ چوڭ زۇلۇم. بىز بۇنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلەپ بېرەلەيمىز: ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش گۇناھىدىن قالسىلا، كىشىنىڭ مائارىپتىن بەھرىلىنىش ھوقۇقىغا توسقۇنلۇق قىلىش ياكى كىشىلەرنى بىلىمدىن مەھرۇم قالدۇرۇش

ئەڭ چوڭ زۇلۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىلىم ئىنساننىڭ ئەقلى ۋە قەلبىنىڭ ئوزۇقى. ئادەمنى نەچچە كۈن ئاچ قالدۇرۇپ، ئۇنى ئۆلۈمگە تەرك قىلىشتىنمۇ چوڭ بولغان زۇلۇم ـ ئىنساننىڭ مېڭىسىنى ۋە قەلبىنى بىلىمسىز تاشلاپ قويۇشتىن ئىبارەت.

يەنە بىر تەرەپتىن، «مائارىپتىن بەھرىلىنىش ھوقۇقى» ئەمەلىيەتتە «ئەقلىنىڭ ھوقۇقى» بولۇپ، ئەقىل ئەڭ چوڭ قىممەت بولغاچقا، ئۇنىڭ ھوقۇقىمۇ ئەڭ چوڭ بولىدۇ. ئۇنداقتا، «ئەقلىنىڭ ھوقۇقى» دېگەنلىك نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟ ئەقلگە قىلىنغان ئەڭ چوڭ ئادالەتسىزلىك ئۇنى ئىشلەتمەسلىك، ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسۇش ۋە بىلىم ئىشلەپچىقىرىشىنى توختىتىشتىن ئىبارەت. ئەقلنى چېنىقتۇرۇش ئۇنىڭ تەبىئىي ھوقۇقى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پائالىيىتى ئارقىلىق ئەقلنى چېنىقتۇرۇش كېرەك. ئەقلىنىڭ چېنىقىشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئوقۇتۇش پائالىيىتى ئەڭ مۇھىم ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ بىرى بولۇشى زۆرۈر. ئەقلىنىڭ تەرەققىي قىلىشىنى توسىدىغان، ئۇنى كىشەنلەپ، تاقاق سالىدىغان ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پائالىيىتى توغرا ئەمەس بولۇپ، بۇ خىل مائارىپ ئىنسان ئۈچۈن زۇلۇمغا ئايلىنىدۇ.

ئەقىل، تەرەققىي ۋە بىلىم قىممەت قارىشى قەلبىمىزدىكى مۇھەببەت بىلەن بىرلەشكەندە، ئۇلار دۇنيانى جەننەتكە ئايلاندۇرىدۇ. يەنى كىشىلەر ئۆزىنىڭ مېڭىسى ۋە قەلبى بىلەن جەننەتنى يارىتىدۇ. ئەقلنى ئىشلەتمەيدىغان، تەرەققىي قىلمايدىغان، بىلىم يارىتالمايدىغان ۋە سۆيەلمەيدىغان كىشىلەر ھەم جەمئىيەتنىڭ تۇرمۇشى ئاللىبۇرۇن دوزاختا ئايلانغان بولىدۇ. ئەجەبا، ئۇلار قايسى ئەمەللىرى بىلەن جەننەتكە كىرىدۇ؟ شۇڭا، جەننەتكە كىرىش مۇرادى ئوقۇ ـ ئوقۇتۇش پائالىيىتىدىن

ئايرىلالمايدۇ، دېيىشكە بولىدۇ. جەننەتكە تۇتىشىدىغان يولنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى قۇرئان «ئوقۇ!» بۇيرۇقى بىلەن باشلانمىغانمۇ؟ شۇڭا، ئوقۇمىغان، ئىلىم تەھسىل قىلمىغان كىشى ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىغا قارشى چىققان بولىدۇ. شەيتانغا بېرىلگەن بىرىنچى بۇيرۇق «سەجدە قىل!» بولغان بولسا، ئىنسانغا بېرىلگەن تۇنجى بۇيرۇق «ئوقۇ!» ئىدى. نەتىجىدە، شەيتان سەجدە قىلماي، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلدى. ئەگەر ئىنسانمۇ بۇيرۇققا خىلاپلىق قىلسا، يەنى ئوقۇمىسا، ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، بىلىم ئۆگەنمەيدىغان، توغرىسى، ئەقلىنى ئىشلەتمەيدىغان كىشىلەر ئاسىيلار قاتارىدا بولىدۇ. ئۇلار ئۇچۇن ھەم بۇ دۇنيا، ھەم ئاخىرەت دوزاختا ئايلانغان، ئايلىنىۋاتىدۇ ۋە جەزمەن ئايلىنىدۇ.

ئوقۇ - ئوقۇتۇش پائالىيىتى ياشلارغا ئەقلىنى ئىشلىتىشنى، توغرا تەپەككۇر سەنئىتىنى، بىلىمگە بولغان ئىشتىياق ۋە مۇھەببەتنىڭ پەزىلىتىنى ئۆگىتىشى كېرەك. باشقىلارنى دوراش سەۋەبىدىن ئەقلىنى ئىشلىتىشنى ئۆگىنەلمىگەن؛ باشقىلارنىڭ قازىنىدا پىشۇرۇلغان ئىدىيىنى ئىشلىتىپ، ئۆزى تەپەككۇر سەنئىتىگە ئېرىشەلمىگەن، بىلىم ئىگىلەشكە ھورۇنلۇق قىلىدىغان ۋە ئۆزئارا بىر - بىرىنى سۆيۈش پەزىلىتىنى يوقىتىپ قويغان ياشلاردىن يەنە نېمىنى كۈتۈش مۇمكىن؟

## 3) ئۇۋالچىلىققا قالغۇچىلارنىڭ ھەققىنى دەۋا قىلىش ھوقۇقى

قۇرئان سادىر بولغان رەزىللىك توغرىسىدىكى خەۋەرنىڭ يېراقلارغا، يەنى ئۇ رەزىللىك بىلەن مۇناسىۋەتتى يوقلارغا تارقىلىشىنى خالىمايدۇ. سادىر قىلىنغان گۇناھ ياكى جىنايەتلەرنىڭ سادىر قىلىنغان مۇھىتتا قېلىشىنى ئۈمىد قىلغان ئاللاھ، بۇ ئارقىلىق كىشىلەرنىڭ ئۈمىدسىزلىككە پېتىپ قېلىشىنىڭ ئالدىنى ئالغان. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ قائىدىنى تۆۋەندىكىدەك بەلگىلىگەن:

لَا يُحِبُّ اللّٰهُ الْجَهْرَ بِالسُّٓوءِ مِنَ الْقَوْلِ اِلَّا مَنْ ظُلِمٍّ وَكَانَ اللّٰهُ سَمِيعاً عَلِيماً

«ئاللاھ يامانلىقنىڭ ئوچۇق ـ ئاشكارا سازايى قىلىنىشىنى ياقتۇرمايدۇ، ئەمما زۇلۇمغا ئۇچرىغۇچىلار مۇستەسنا. ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچى ۋە ھەممىنى بىلگۈچىدۇر» (نىسا سۈرىسى 148 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتىن تۆۋەندىكىدەك مۇھىم پرىنسىپلارنى يەكۈنلەشكە بولىدۇ:

**i. يامانلىقلارنى ئاشكارىلىماسلىق كېرەك**

كىشىلەر سادىر قىلغان خاتالىقلار شۇ يەرنىڭ ئۆزىدە قېلىشى، جەمئىيەتكە تارقىلىپ كەتمەسلىكى كېرەك. بۇ قائىدە تاراتقۇلارنىڭ مۇھىم تۈتقۇ ـ پرىنسىپى بولۇشى كېرەك. جەمئىيەتتىكى رەزىللىكلەرنىڭ ھەر دائىم كۆنتەرتىپتىن ئورۇن ئېلىشى، مۇناسىۋەتسىز كىشىلەرگە بىلدۈرۈلۈشى جەمئىيەتنى ئۈمىدسىزلىككە ئىتتىرىدۇ. شۇڭلاشقا، ھەممىگە قادىر ئاللاھ يۇقىرىدىكى ئايەتتە يامانلىقنىڭ ئاشكارىلىنىشىنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى بايان قىلغان.

كۈنىمىزدە تاراتقۇلاردا يامان قىلمىشلار ۋە سەلبىي خەۋەرلەر كۆپلەپ بېرىلىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئەھۋال كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالىدىغان ئۈمىدسىز كەيپىياتنى پەيدا قىلىدۇ. جەمئىيەتنىڭ بىر قىسمىدىكى يىرگىنىشلىك ۋەقەلەرنىڭ تاراتقۇلار ئارقىلىق باشقا بۆلەك - قىسىملارغا خەۋەر قىلىنىشى، جەمئىيەتنى پىسخىكىلىق ساراسىمە قاپلاپ جىددىيلىك كېلىپ چىقىشىغا سەۋەب بولىدۇ. ئۇششاق گۇرۇھلار ياكى قىسمەن قاتلامغا مۇناسىۋەتلىك سەلبىي خەۋەرلەرنىڭ پۈتكۈل جەمئىيەتكە تارقىلىشى پىسخىكىلىق جاراھەتلەرنى پەيدا قىلىپ، تۈگمىدەك كىچىك ئىشلارنىڭ تېزلا تۆگىدەك چوڭىيىپ كېتىشىگە سەۋەب بولىدۇ. ئاممىنى ئۈزلۈكسىز ساراسىمىگە سېلىش ئۈمىد دەپ ئاتىلىدىغان ئەڭ چوڭ قىممەتكە زىيان يەتكۈزىدۇ. ئۈمىدۋارلىق ۋە ئۈمىد ئۈمىدسىزلىك تەرىپىدىن قەتل قىلىنغان جەمئىيەتتە رەزىللىكلەر باش كۆتۈرىدۇ، جاسارەتنىڭ ئورنىنى قورقۇنچاقلىق ئالىدۇ. مانا بۇ سەۋەبتىن، تاراتقۇلار سەلبىي خەۋەرلەرنىڭ تارقىلىشىغا ياردەم قىلماسلىقى، ھەمدە بۇ ئاخبارات ئەخلاقىنىڭ مۇھىم پىرىنسىپىنى تەشكىل قىلىشى كېرەك. ئەگەر تاراتقۇلار ئىجابىيلىق، ياخشىلىق ۋە مۇۋەپپەقىيەتنى جەمئىيەتكە ئۈزلۈكسىز تارقاتسا، جەمئىيەتنىڭ كەلگۈسىگە كۈچ قوشقان بولىدۇ.

### ii. زۇلۇمغا ئۇچرىغان كىشى ئۆزىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشى كېرەك

گەرچە ئاللاھ يامانلىقلارنىڭ يوشۇرۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلىسىمۇ، ئەمما بىر مەسىلە بۇنىڭ سىرتىدا قالدۇرۇلغان. يەنى «زۇلۇم» پاش قىلىنىشى كېرەك. زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى ئېلىش ئۈچۈن، زۇلۇمنى پاش قىلسا بولىدۇ. بىز بۇنى «مەزلۇمنىڭ ئۆز ھەق - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش

ھوقۇقى» دەپ ئاتايمىز.

ئەگەر ئېزىلگەنلەرگە ئۆز ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقى بېرىلمىسە، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بارلىق ھوقۇقلار دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچراپ، ئادالەت بايرىقى يەر بىلەن يەكسان بولۇپ كېتىشى جەزمەن. شۇڭا، ئادالەت بايرىقىنى جەۋلان قىلدۇرماقچى بولغان خەلقلەر زۇلۇمغا ئۇچرىغانلارغا ئۆز ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى بېرىشى ۋە ئۇلارنى بۇ پۇرسەتتىن مەھرۇم قىلماسلىقى كېرەك.

زۇلۇمغا ئۇچرىغان ئادەم، يەنى ھەق ـ ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغان ئادەم بۇ ئەھۋالنى جەمئىيەتكە ـ ئىنسانىيەتكە شىكايەت قىلسا، پاش قىلسا بولىدۇ. چۈنكى، بۇندىن ئۇن تۆت ئەسىر ئىلگىرى، ئاللاھ بۇ ئىجازەتنى ئۇنىڭغا بەرگەن. پاش قىلىنمىغان ۋە توسۇۋالغىلى بولمايدىغان زۇلۇم ھەم ئادالەتسىزلىك ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئاخىرىدا جەمئىيەتنى خۇددى قۇرۇتقا ئوخشاش ئىچىدىن يەپ تۈگىتىدۇ، گەرچە ئۇ جەمئىيەت كۆرۈنۈشتە ساغلام تۈۋرۈككە ئوخشاش بولسىمۇ. زۇلۇم خۇددى قۇرۇت چۈشكەن مېۋىلەرگە ئوخشاش، چىرىكلەشكەن جەمئىيەتلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

بىر جەمئىيەتنىڭ ئالىيجاناب، پەزىلەتلىك ۋە مەدەنىيەتلىك دەپ قارىلىش ئۈچۈن، زۇلۇمغا ۋە ئادالەتسىزلىككە ئۇچرىغانلارنىڭ ئەرز ـ شىكايەتلىرىنى ئېلان قىلىش ۋە مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلاردىن ھەل قىلىش چارىسى تېپىش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشى ئۇ ئەمەل قىلىشقا تېگىشلىك ئەڭ مۇھىم ئۆلچەم ھېسابلىنىدۇ.

أُذِنَ لِلَّذِينَ يُقَاتَلُونَ بِأَنَّهُمْ ظُلِمُواۚ وَإِنَّ اللّٰهَ عَلٰى نَصْرِهِمْ لَقَدِيرٌ

«ھۇجۇمغا ئۇچرىغۇچىلارغا زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن،

ئۇرۇش قىلىشقا رۇخسەت قىلىندى. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر» (ھەج سۈرىسى 39 ـ ئايەت).

بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۇلۇغ ئاللاھ زۇلۇمغا ئۇچرىغان خەلقلەرگە ھەتتا ئۇرۇش قىلىش ھوقۇقىنىمۇ بەرگەن.

نۇر سۈرىسىنىڭ 4 ـ ئايىتىدە، تۆھمەت قىلىنغان ئىپپەتلىك ئاياللىنىڭ ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقتىن، تۆھمەتخورغا 80 دەررە ئۇرۇش جازاسى بېرىلگەن. چۈنكى، ئىپپەتلىك ئايالغا تۆھمەت قىلىش زۇلۇم قىلغانلىق بولىدۇ، قانۇن بۇ زۇلۇمغا جازا بېرىشى كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، ئاندىن زۇلۇمغا ئۇچرىغانلار ئۆزلىرىنىڭ ھوقۇقىنىڭ قوغدىلىدىغانلىقى ۋە ئەتتىنىڭ ئېلىپ بېرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچ قىلالايدۇ.

## 4) مۈلۈك ھوقۇقى

مۈلۈك ھوقۇقى مۇقەددەس بولۇپ، بارلىق ئىلاھىي دىنلاردا ئورۇن ئالغان مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى بۈگۈنده خەلقئارا كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىگىمۇ كىرگۈزۈلگەن. بىز مۈلۈك ھوقۇقىنى شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى دەپ ئىككىگە ئايرىپ مۇلاھىزە قىلىمىز:

### i. شەخسىي مۈلۈك ھوقۇقى

بىز ئادەتتە بۇنى «بەندىنىڭ ھەققى» دەپ ئاتايمىز. شەخسنىڭ مال ـ مۈلكى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغاندا، قانۇن بۇ مەسىلىگە ئارىلىشىپ، بۇ ھوقۇقنى تاجاۋۇز قىلغۇچىلارغا قارشى شەمشەر چىقىرىدۇ. چۈنكى، قانۇننىڭ ئەڭ مۇھىم ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى شەخسنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداشتۇر. دېمەك، بىر تەرەپتىن قانۇن؛ يەنە بىر تەرەپتىن، ئۇلۇغ ئاللاھ شەخسنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ مۇھىملىقىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ «بەندىنىڭ ھەققى»نى تۆۋەندىكىدەك گەۋدىلەندۈرگەن:

يَا اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا لَا تَأْكُلُوا اَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ اِلَّا اَنْ تَكُونَ تِجَارَةً عَنْ تَرَاضٍ مِنْكُمْ وَلَا تَقْتُلُوا اَنْفُسَكُمْ اِنَّ اللّٰهَ كَانَ بِكُمْ رَحِيماً

«ئى مۆمىنلەر! بىر ـ بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يول بىلەن يەۋالماڭلار. ئۆزئارا رازى بولۇشۇپ قىلىشقان سودا ـ سېتىق ئارقىلىق ئېرىشىلگەن نەرسە بۇنىڭدىن مۇستەسنا. سىلەر ئۆزۈڭلارنى ئۆلتۈرمەڭلار. شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرگە ناھايىتى

مېھرىبانـدۇر» (نىسا سۈرىسى 29 ـ ئايـەت).

شەخسـىنىڭ رۇخسىتىسـىز ئۇنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىگە چېقىلىشقا، مـال ـ مۈلكىنـى ناھـەق تەرىقـدە ئىشلىتىشكە بولمايدۇ. شـۇنىڭغا دىققـەت قىلـىش كېرەككـى، ئايەتتـە رازىلىقنـى ئېلـىش ئارقىلـىق ئالداشـقا بولىدىغـان كىشـىلەر نەزەرگـە ئېلىنمىغـان. باشـقىچە ئېيتقانـدا، بىـر ئـادەم رازىلىقى ئېلىنغاندىـن كېيىـن ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىتىلىشـى مۇمكىن. ئەمما، بۇ ئەھۋال مەزكۇر ئايەت دائىرىسـىگە كىرمەيدۇ.

بـۇ ئايـەت شەخسـىنىڭ «رازىلىقـى» بىلـەن «ھـەق» ئۇقۇمىنـى بىرلەشتۈرگەن. «رازىلىـق» مـال ـ مۈلۈكنـىڭ قولدىـن چىقىشـىدا مۇھـىم ئورۇنـدا تۇرىـدۇ.

ئاللاھ شەخسـىنىڭ رۇخسىتىسـىز ئېلىـپ بېرىلغـان سـودىنىڭ «يوللۇق» تىجارەت ئەمەسـلىكىنى بىلـدۈرۈش ئارقىلىق، سـودا ـ سېتىقنىڭ ئاساسـي قائىدىسـىنى شەخسـىنىڭ رازىلىقىغا باغلىغان. ئەگەر شەخسـىنىڭ رۇخسىتىسـىز، يەنى ئىناۋەتسـىز ئېلىم ـ سـېتىم ئارقىلىـق سـودا قىلىنسا قانـداق بولىدۇ؟

ھەممىگـە قادىـر ئاللاھ مەزكـۇر ئايەتتـە بـۇ سـوئالغا مۇنـداق جاۋاب بېرىدۇ: «سـەن ئۆزۈڭنى ئۆلتۈرگەن بولسـەن». بۇ ئايەتتە رازىلىـق بولمىغـان ئىناۋەتسـىز سـودا قىلماسـلىققا بۇيـرۇش بىلـەن بىرگـە، «ئۆزۈڭلارنـى ئۆلتۈرمـەڭلار» ئىبارىسـىنمۇ ئىشـلەتكەن. يەنـى مـال ـ مۈلـۈك ھوقۇقـى دەخلـى ـ تەرۇزغا ئۇچرىغـان يەردە، «ئۆلـۈم» خەۋپـى مەۋجـۇت. بىز «ئۆلتـۈرۈش» ئۇقۇمغا تۆۋەندىكى مەنىلەرنـى بېرەلەيمىـز:

1) باشـقىلارنىڭ مـال ـ مۈلكىگـە دەخلـى ـ تـەرۇز قىلغـان كىشـى ئۆزىنىـڭ مەنىۋىيىتىنـى ئۆلتۈرگـەن بولىـدۇ. بىـز بەدەنىنـى

ئۆلتۈرىدىغان نەرسىنى قورال دەپ ئاتايدىغان بولساق، مەنىۋىيەتنى ئۆلتۈرىدىغان نەرسىنى «بەندىنىڭ ھەققىنى يېيىش» دەپ ئاتايمىز. ھارام لوقما مەنىۋى خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ قادىلىدۇ. ئىنسانلارنىڭ مىجەزىنى چىرىتىدىغان ۋە ئۆلتۈرىدىغان «قۇرت» دەل ھارام لوقما بولۇپ، بىراۋنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى تارتىۋېلىش، تارتىۋالغۇچىنىڭ مەنىۋى ئۆلۈمىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يەنى بۇ ئۆلۈم گۈزەل ئەخلاق، ئالىيجانابلىق ۋە پاكلىق - پەزىلەتنىڭ ئۆلۈمىگە ئايلىنىدۇ. گۈزەل ئەخلاق، ئالىيجانابلىق ۋە پاكلىق ئۆلگەن روھ، ئېنىقكى بۇلغانغان بولىدۇ.

2) مال - مۈلۈك ھوقۇقى دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغۇچىنىڭ تاجاۋۇزچىغا بولغان ئۆچمەنلىكى، دۈشمەنلىكى ۋە ئاداۋىتى كۈچىيىدۇ. تاجاۋۇزچىنىڭ يولسىزلىقى مەزلۇمنىڭ زوراۋانلىق تۇيغۇسىنى ئويغىتىپ ۋە ئۇلغايتىپ، ئاخىرىدا قورال ئېلىپ، مال - مۈلكىنى تارتىۋالغۇچىنى ئۆلتۈرۈشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. بۇ ھادىسە جەمئىيەتتىكى قانلىق جېدەللىرىنىڭ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ ئەھۋال بىر تەرەپتىن تاجاۋۇزچىنىڭ ئۆلۈمىنى كەلتۈرۈپ چىقارسا، يەنە بىر تەرەپتىن مەزلۇمنىڭ قاتىلغا ئايلىنىشىغا سەۋەب بولىدۇ.

ئاللاھ يەنە سوتچى - قازىلارغا پارا بېرىش ئارقىلىق مال - مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىماسلىقى كېرەكلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. بۇ ھەقتىكى ئايەت مۇنداق:

وَلَا تَأْكُلُوا اَمْوَالَكُمْ بَيْنَكُمْ بِالْبَاطِلِ وَتُدْلُوا بِهَا اِلَى الْحُكَّامِ لِتَأْكُلُوا فَرِيقاً مِنْ اَمْوَالِ النَّاسِ بِالْاِثْمِ وَاَنْتُمْ تَعْلَمُونَ

«بىر - بىرىڭلارنىڭ ماللىرىنى ناھەق يەۋالماڭلار. بىلىپ تۇرۇپ، كىشىلەرنىڭ بىر قىسىم ماللىرىنى زۇلۇم بىلەن يەۋېلىش

ئۇچۇن سوتچى - قازىلارغا پارا بەرمەڭلار» (بەقەرە سۈرىسى 188 - ئايەت).

ئالدىنقى ئايەتتە «رازىلىق» تىلغا ئېلىنغان بولسا، بۇ ئايەتتە «پارا» تىلغا ئېلىنغان. سوتچىلارغا پارا بېرىش ئارقىلىق باشقىلارنىڭ مال - مۈلكىنى سوت ئارقىلىق تارتىۋېلىش «بەندىنىڭ ھەققى»نى دەپسەندە قىلىش بولىدۇ. ئەلۋەتتە، پارىخورلۇق ئارقىلىق ئېرىشكەن مۈلۈكمۇ مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا قىلىنغان دەخلى - تەرۇز بولىدۇ.

**ii. جەمئىيەتنىڭ مۈلۈك ھوقۇقى**

«ۋەتەن» خەلقنىڭ، يەنى مىللەتنىڭ مۈلكى. ئۇنىڭ بىر قىسمىنى ئېلىپ باشقىلارغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش، مەزكۇر ۋەتەندە ياشايدىغان كىشىلەرگە قىلىنغان ئادالەتسىزلىك بولىدۇ. بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ئۆتكەن ھەربىي مەجبۇرىيىتىمىز ۋەتەنىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىش ئۈچۈندۇر. مىللەتنىڭ بىرلىكىنى بۇزۇش ئۈچۈن تەپرىقە پەيدا قىلىپ، دۆلەتنىڭ زېمىنىنى پارچىلاشتىنمۇ چوڭ جىنايەت ۋە گۇناھ بولمايدۇ. بارلىق دۆلەتلەر بىر - بىرىنىڭ ۋەتەن دەپ ئاتىلىدىغان مۈلۈك ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشى كېرەك.

دۆلەتنىڭ پۈتۈن مىللەتكە تەۋە ھەرقانداق مال - مۈلۈكلىرىگە ناھەق ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئۇرۇنۇشمۇ مال - مۈلۈككە تاجاۋۇز قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، يېتىم باللار ۋە بارلىق پۇقرالارنىڭ بۇ مۈلۈكتە ھەققى بار. ئۇنىڭدا ھەم بەندىنىڭ ھەققى، ھەم مىللەتنىڭ ھەققى مەۋجۇت. مىللەت ۋە دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى باشقىلارغا بىكارغا بېرىش پۈتكۈل مىللەتكە قىلىنغان ئادالەتسىزلىك ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتنىڭ مۈلۈك

ھوقۇقىنى قوغداشنىڭ مۇھىملىقىنى ياشلىرىمىزغا چۈشەندۈرۈپ، بۇ ئاڭنى جەمئىيەتنىڭ تۈرلۈك قاتلاملىرى، ھەرقايسى بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغىچە كېڭەيتىش كېرەك.

ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ مۇقەددەسلىكى خەلققە مائارىپ ئارقىلىق سىڭدۈرۈلسە، ئىجتىمائىي تەڭپۇڭلۇقنىڭ ناچارلىشىشىنىڭ قىسمەن بولسىمۇ ئالدىنى ئالغىلى بولىدۇ. قانۇنسىز ئەسلىھە - قۇرۇلمىلار جەمئىيەتنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىغا زىيان يەتكۈزمەسلىكى كېرەك. مائارىپ مال - مۈلۈك ھوقۇقىغا بولغان ھۆرمەتنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغىچە كېڭەيتمىسە، ئۇ ھالدا بۇ جەمئىيەت ئۆزىنىڭ مال - مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغدىيالمايدۇ. شەخسلەرنىڭ مال - مۈلكىدىن جەمئىيەتنىڭ مۈلكىگە قەدەر سوزۇلغان پۈتكۈل لىنىيىنى قوغداش، ئۇلۇغلاش ۋە ھۆرمەتلەش تولىمۇ مۇھىم ۋەزىپە. «نېمە ئىش قىلسا قىلسۇن، نەدىن تاپسا تاپسۇن، قانداق تاپاۋەت قىلسا قىلسۇن، كارىڭلار بولمىسۇن» دېگەن بايانلار قارىماققا ياخشىدەك تۇيۇلىدۇ، ئەمما بۇ ئەھۋال ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ جەمئىيەت ۋە شەخسلەرنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ بىكار قىلىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغان ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈشى مۇمكىن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇ خىل بىتەرەپلىمە تەشەببۇس جەمئىيەتنىڭ ئۆزىنى ئۆزى يېمىرىشىنى ۋە ئۆزىنى ھالاك قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشى مۇمكىن.

شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىغا كۆڭۈل بۆلىدىغان قۇرئان بۇ ھوقۇقنى قوغداشنىڭ يوللىرىنى ئېنىق كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، ئۇ بۇ مەسىلىنى 1400 نەچچە يىل ئىلگىرىلا قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلغان.

«مۈلۈك ھوقۇقى» ئۇقۇمى ئىنسانىيەت بىلەن تەڭ مەۋجۇت

بولغان بولۇپ، بەزى دەۋرلەردە ئۇ ئۆرپ ـ ئادەتلەر بىلەن قوغدالغان بولسا، بەزىدە زالىملارنىڭ ئىنسابىغا قالغان. قۇرئان بۇ مەسىلىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن، ئۇنى قانۇن دائىرىسىگە ئېلىپ كىرىپ، قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلغان.

«مۈلۈك ئۇقۇمى» ئالدى بىلەن ئاللاھ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىكتۇر. يەنى:

وَلِلّٰهِ مُلْكُ السَّمٰوَاتِ وَالْاَرْضِ وَاِلَى اللّٰهِ الْمَصِيرُ

«ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ مۈلكى ئاللاھقا مەنسۇپ، ئاخىر قايتىدىغان جاي ئاللاھنىڭ دەرگاھىدۇر» (نۇر سۈرىسى 42 ـ ئايەت).

دېمەك، ئاسمان ۋە زېمىننىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقى ئاللاھقا مەنسۇپ. قۇرئاننىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە ئورۇن ئالغان مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى ئۇقۇمى كىشىلەرگە ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن بولۇپ، ئاللاھنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى مۇتلەق بولسا، ئىنسانلارنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى نىسپىي بولىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدىكى مۈلۈك ھوقۇقى زامانغا بېقىپ قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ تۇرىدۇ، ئەمما ئاللاھنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقى بولسا مەڭگۈ قولدىن ـ قولغا ئۆتمەيدۇ.

قۇرئان ئاللاھنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقنى چىقىش قىلىپ تۇرۇپ، شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ مۇھىملىقىنى كۆنتەرتىپىگە ئېلىپ كەلگەن. ئۇ ئېلىپ كەلگەن قانۇن پرىنسىپى ئارقىلىق ئىنسانىيەتكە شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ مۈلۈك ھوقۇقىنىڭ دەخلى ـ تەرۇزسىز ئىكەنلىكىنى جاكارلىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ شەخسنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى جەمئىيەتكە، جەمئىيەتنىڭ مال ـ مۈلۈك ھوقۇقىنى شەخسكە پىدا قىلىۋەتمەي، مۆتىدىل يولنى تۇتۇپ ماڭدى.

## 5) ئەمگەك ھوقۇقى

ئىنسانلارنىڭ تارىخنى تەشكىل قىلغان، يازغان ۋە بېيىتقان قىممەت «ئەمگەك» بولۇپ، زۇلۇم بولسا «ئەمگەكنىڭ ھەققىنى بەرمەسلىك» بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھارام ۋە ھالال ئۇقۇمىنى بىر - بىرىدىن ئايرىيدىغان قىممەتلەردىن بىرى ئەمگەكتۇر. ئەمگەك - ئەجىر سىڭدۈرۈلمىگەن كىرىم ھالال بولمايدۇ. پايدىنى ھالال قىلىدىغان ئامىل ئەمگەكتۇر. ھەققى بېرىلمىگەن ئەمگەك ئەمگەكچى ئۈچۈن ئازابقا ئايلىنىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغان ھەق - ھوقۇقنىڭ بىرى بولسا، ئەمگەك ھەققىنى قولغا ئېلىش ھوقۇقىدىن ئىبارەت. ئەمگەكنىڭ ئىنسانىيەت جەمئىيىدىكى ئەھمىيىتى قانىنىڭ بەدەندىكى رولىغا ئوخشايدۇ.

### i. قۇرئاندىكى ئەمگەك ئۇقۇمى

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئىنسانلار ئىگە بولغان ئەڭ چوڭ قىممەتلەردىن بىرىنىڭ ئەمگەك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بەرگەن، شۇنداقلا بۇنى ئۇنىۋېرسال پىرىنسىپ سۈپىتىدە بېكىتكەن. بۇ ھەقتىكى ئايەت مۇنداق:

وَاَنْ لَيْسَ لِلْاِنْسَانِ اِلَّا مَا سَعٰى

«ئىنسان ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئەمگىكىدىن باشقا نەرسە يوق» (نەجم سۈرىسى 39 - ئايەت).

ئايەتتىكى سەئى (سَعٰى) ئۇقۇمى «ئىشلەش، تىرىشچانلىق كۆرسىتىش» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

ئىنسانىيەت جەمئىيىتى ئىشلەش ئارقىلىق ئاققۇزۇلغان تەر ۋە سەرپ قىلىنغان ئەمگەك بىلەن ھاياتىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. شۇڭا، ئىشلىمەيدىغان ۋە ئەجىر سىڭدۈرمەيدىغان كىشىلەر جەمئىيەتكە يۈك بولىدۇ.

### ii. ئەمگەك تۈرلىرى

#### 1) ئەقلىي ئەمگەك

ئەڭ قىيىن ۋە ئەھمىيەتلىك ئەمگەك ئەقلىي ئەمگەك بولۇپ، ئۇ چوڭ مېڭىنىڭ ئىشلىتىلىشى ئارقىلىق بارلىققا كېلىدۇ. بىلىم يارىتىش ئورگىنى بولغان مېڭىنىڭ ئەمگىكى مۇقەددەس بولۇپ، ئەقلىنى ئىشلىتىش، تەپەككۇر قىلىش ۋە ئەقلىي ئىجادىيەتكە ئۆتۈش قاتارلىق ئەڭ يۇقىرى قىممەتلەر مېڭىنىڭ خىزمىتى ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، چوڭ مېڭىنىڭ ئەمگەك ھەققىنى ئادا قىلىش، ئۇنى توغرا ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ.

ئوقۇمايدىغان، بىلىم ئىگىلىمەيدىغان، تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانمايدىغان ۋە تەپەككۇر قىلمايدىغان كىشىلەر مېڭىنىڭ ئەمگەك ھەققىنى ئادا قىلمىغان كىشىلەردۇر. مېڭىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمىغانلار ئۆستۈنلۈك ۋە ئالىيجانابلىققا ئېرىشىش پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويىدۇ. ئىنسانىيەت يېتىپ بارغان بىلىم پەللىسىدە مېڭىنىڭ ئەجىر - ئەمگىكى بار. تەپەككۇر قىلمايدىغان ئەقىللەر ھېچقانداق ئەمگەك سەرپ قىلماسلىق ئارقىلىق ئەقلىنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىدۇ. ئېنىقكى، ھەربىر شەخس ۋە خەلق ئىگە بولغان قىممەت، ئۇنىڭ مېڭىسىنىڭ پائالىيىتى ۋە سەرپ قىلغان ئەمگەكىنىڭ مۇكاپاتىدىن ئىبارەت. مېڭىنىڭ ئەمگىكىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلمايدىغانلار ئۆز مېڭىسىنى ئۆلتۈرۈۋاتىدۇ، ئۇنىڭغا

زۇلۇم قىلىۋاتىدۇ، ھەمدە ئۇنى ھەق ـ ھوقۇقىدىن مەھرۇم قىلىۋاتىدۇ. شەكسىزكى، مېڭىسىنى ئىشلىتىدىغانلار، مېڭىسىنى خىزمەت قىلدۇرىدىغانلار ۋە مېڭىسىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى ھەممىدىن ئۈستۈن كۆرىدىغانلار ئاللاھ تەرىپىدىن ئۇلۇغلىنىدۇ. دېمەك، گۈزەل ئەخلاق مېڭىنىڭ ئەمگىكى ئارقىلىق ۋۇجۇتقا كېلىدۇ.

**2) جىسمانىي ئەمگەك**

جىسمانىي ئەمگەك نۇرغۇن ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ئۇل ـ ئاساسىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھەققىنىڭ ئۇلدا ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا سەرپ قىلغان ئەمگەك بار. ئەمگەك بولغان يەردە ھەق ـ ھوقۇق بولىدۇ. ئەمگەك قىلماستىن ھەق ـ ھوقۇققا ئېرىشىش ھارام.

ئىشچىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى ئۇلارنىڭ ئەمگىكىدىن كېلىدۇ. تەر تۆككەن كىشى تۆككەن تەرنىڭ ھەققىنى ئېلىشى شەرت. ئەمگەك پىشانىدىن ئاققۇزۇلغان تەرگە ئايلانغاندا، ھەق ـ ھوقۇقىنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. ئىشچىنىڭ «جىسمانىي ئەمگىكى»گە سەل قاراش ۋە ئۇنىڭ ھەققىنى يېتەرلىك بەرمەسلىك ئىش ـ خىزمەت ھاياتىنى زۇلۇم ساھەسىگە ئايلاندۇرىدىغان بولۇپ، نەتىجىدە، بۇ شەخسلەرنىڭ ئالىيجانابلىقىنى بۇزىدۇ. چۈنكى، ئەمگەككە تېگىشلىك ھەق بەرمەستىن ئېرىشىدىغان پايدا ھايانكەشنى دوزاخقا ئىتتىرىدۇ. دېمەك، جەننەت، سەرپ قىلىنغان ئەمگەكنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغۇچىلارنىڭ ماكانى. شۇڭا، ئەمگەك ـ ئەجىر قىلماستىن جەننەتكە كىرگىلى بولمىغاندەك، پىشانىدىن ئاققۇزۇلغان تەرنىڭ ھەققىنى بەرمەستىنمۇ جەننەتكە كىرگىلى بولمايدۇ.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئىشلەپ ئەمگەك قىلىشنى ئىبادەت

سۈپىتىدە قوبۇل قىلىدۇ:

اِعْمَلُوا اٰلَ دَاوُدَ شُكْراًۜ وَقَلِيلٌ مِنْ عِبَادِيَ الشَّكُورُ

«ئى داۋۇت ئائىلىسىدىكىلەر! ماڭا مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش ئۈچۈن ئىشلەڭلار، ھەقىقەتەن بەندىلىرىمنىڭ ئىچىدە شۈكۈر قىلغۇچىلار بەك ئاز» (سەبەئ سۈرىسى 13 ـ ئايەت).

ئاللاھ ئىشلەشنى مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش بىلەن ئوخشاش كۆرىدىغان بولۇپ، بۇ ئايەتتە ئىشلەش ئارقىلىق شۈكۈر قىلىدىغانلارنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. بۇ ئايەت ھەزرىتى داۋۇتنىڭ زەبۇر ناملىق مۇقەددەس كىتابىدا ئورۇن ئېلىپلا قالماي، يەنە قۇرئاندىمۇ ئورۇن ئالغان. ئىشلەپ ئەجىر قىلغۇچىلار ئەمەلىيەتتە ئاللاھقا شۈكۈر ئېيتىدۇ. ئىشلىمەيدىغانلار مىننەتدارلىق بىلدۈرمەيدىغانلار بولۇپ، ئۇنداقلار جەننەتكە ئۇنچە ئاسان كىرەلمەيدۇ.

دىققەت بىلەن نەزەر سالغىنىمىزدا، ئۇلۇغ ئاللاھ شۈكۈر قىلغۇچىلارنىڭ بەك ئاز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. دېمەك، ھەقىقىي مەنىدە ئىشلەيدىغانلار ئاز بولىدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئىشلەش بىلەن شۈكۈر قىلىشنى تەڭ ئورۇنغا قويغان. ئايەتنىڭ يەنە بىر مەنىسى شۇكى، كۆپىنچە كىشىلەر ئەمگەك سەرپ قىلماي تۇرمۇشنى قامدايدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئەمگەكنى يامان يوللارغا سەرپ قىلىدىغانلارمۇ بار. ئەلۋەتتە، ئەمگەك مەھسۇلى ھالال بولسا، ئۇ ئاندىن مۇقەددەس بولىدۇ. چۈنكى، كىشىنى جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەمگەك بولغىنىدەك، كىشىنى دوزاخقا تاشلايدىغان ئەمگەكمۇ بار. شۇڭا، ئەمگەك قىلماي جەننەتكە كىرىمەن دەپ ئويلايدىغانلار ئۆزىنى ئالدايدۇ، خالاس.

# 2. ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلار

## 1) ئاتا ـ ئانا ھەققى

قۇرئان ئىنسانلارنىڭ مۇناسىۋىتىگە ھەر قايسى تەرەپلەردىن نەزەر تاشلىغان بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك سەۋىيىگە يېتىشى ئۈچۈن نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئىنسان دەپ ئاتىلىدىغان مۆجىزە بوۋاق ھالىتىدە تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن ئانىسىنىڭ قورسىقىدا ئۆتكۈزگەن مەزگىل ئۇنىڭ تۇنجى مۇھىتىنى تەشكىل قىلىدۇ. دۇنياغا كەلگەندىن كېيىن بولسا، ئائىلە ئۇنىڭ تۇنجى ئىجتىمائىي چەمبىرىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ. جەمئىيەتتىكى ئەڭ كىچىك ھۈجەيرە ۋە بالىنىڭ ئەڭ يېقىن ئىجتىمائىي چەمبىرىكى بولغان ئائىلە ئىچىدىكى مۇناسىۋەتلەر، مۇقەددەس ئائىلە رىشتىنىڭ جانلىق ۋە مۇستەھكەم بولۇشى نەتىجىسىدە، ئۆزىنىڭ ئوربىتىسىدا نورمال ئايلىنىدۇ.

ئائىلە رىشتىنىڭ جېنى ئۆزئارا مۇھەببەت، ھۆرمەت ۋە قەدىرلەش بولۇپ، قۇرئاننىڭ ھېچ يېرىدە ئاللاھ ئاتا ـ ئانىلارغا «بالىڭىزنى سۆيۈڭ» دېمەيدۇ. چۈنكى، پەرزەنت سۆيگۈسى ئىنسان تەبىئىتىدە ئەزەلدىن مەۋجۇت بولغان بىر ئالاھىدىلىك ۋە ھېس ـ تۇيغۇ. مۇھەببەتنىڭ ماھىيىتىدە ئالغا قاراپ ئېقىش بار، يەنى ئۇ ئاتا ـ ئانىدىن ئەۋلادلارغا ئاقىدۇ، ھەرگىز بۇنىڭ تەتۈرىسىگە قاراپ ئاقمايدۇ. شۇڭلاشقا، ھەممىگە قادىر ئاللاھ پەرزەنتلەرنى «ئاتا ـ ئانىسىنى ھۆرمەتلەش» كە بۇيرۇغان. مۇھەببەت ۋە ھۆرمەتنى كەينىگە قاراپ ئېقىتىش ئىبادەت بولۇپ

ھېسابلىنىدۇ. ئارقىغا قاراپ ئېقىتىلغان بۇ ھۆرمەت ۋە مۇھەببەت دەرياسىنىڭ ئىسمى ئىسرا سۈرىسىنىڭ 23 - ئايىتىدە ئېھسان دەپ ئاتىلىدۇ. ئائىلە رىشتىنى كۈچەيتىدىغان ۋە ئۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان بۇ ئۇقۇمنىڭ قايسى ئىش - ھەرىكەتلەردىن تەركىب تاپىدىغانلىقىنى تۆۋەندىكىدەك ئىزاھلاشقا بولىدۇ:

**i. ئاتا - ئانىغا «ئوھوي» مۇ دېمەسلىك**

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئاتا - ئانا بىلەن قىزىرىشىپ قېلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئۇلارغا يۇقىرى ئاۋازدا گەپ قىلىش ۋە ئازار بېرىش، ھەتتا ئۇلارغا «ئوھوي» دېيىشىنىمۇ چەكلەيدۇ. ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەققى شۇنچىلىك ئۇلۇغ بولۇپ، ئۇ ھەتتا «ئوھوي» ، «ۋايجان» ، «زېرىكتىم» دېگەندەك سۆزلەرنىمۇ كۆتۈرەلمەيدۇ.

**ii. ئاتا - ئانىلارغا ئازار بەرمەسلىك**

ياشىنىپ قالغانلىقى سەۋەبىدىن ئاتا - ئانىلارغا ئازار بېرىلگەن بولسا، بۇ ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنىڭ دەخلى - تەرۇزغا ئۇچرىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئاتا - ئانىلارنى چەتكە قېقىش، خورلاش ۋە ھاقارەتلەشنى قەتئىي مەنئى قىلىدۇ. تەكىتلەش زۆرۈركى، بۇ مەدەنىيەت مەسىلىسى بولماستىن، بەلكى ئىلاھىي بۇيرۇقتۇر. ئاتا - ئانىلار چەتكە قېقىلغان، خورلانغان ۋە ھاقارەتلەنگەن جەمئىيەتتە خۇشاللىقنى قولغا كەلتۈرۈش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس. چۈنكى، بۇنداق جەمئىيەت ئالىيجانابلىقنى، پەزىلىتىنى ۋە ئەخلاق قىممىتىنى يوقىتىپ قويىدۇ.

**iii. ئاتا - ئانىلارغا چىرايلىق سۆز قىلىش**

«چىرايلىق گەپ قىلغىن» بۇيرۇقىنىڭ «ئوھويمۇ دېمە»

ۋە «كايىما» دېگەن بۇيرۇقلاردىن كېيىن كېلىشى كېرەكلىكىنى تەكىتلىگەن بولسىمۇ، بۇ «كايىما» دېگەن بۇيرۇقلاردىن كېيىن كېلىشى كىشىنىڭ دىققىتىنى تارتىدۇ. بىز ئايەتتە «چىرايلىق» دەپ تەرجىمە قىلغان «كەرىم» سۆزى ئاللاھنىڭ ئىسىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، «كەڭ قورساق»، «ئەپۇچان»، «قەدىرلىك»، «ئالىيجاناب»، «مۇلايىم» ۋە «گۈزەل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. ئاتا - ئانىسىنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىدىغان ئادەم ئاتا - ئانىسىغا ھەمىشە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىشى كېرەك. دىلغا ئازار سۆزلەرنى ئەمەس، بەلكى قەلبكە ھۇزۇر سۆزلەرنى قىلىشنىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدىغان بۇ ئايەت، ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنىڭ يىلتىزىنىڭ قەلبتە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

### vi. ئاتا - ئانىلارنى كۆيۈمچانلىق مەھسۇلى بولغان كەمتەرلىك قانىتى ئاستىغا ئېلىش

ئاتا - ئانىمىز بىزنى خۇددى باللىرىنى قانىتى ئاستىغا ئالغان قۇشلارغا ئوخشاش قانات ئاستىغا ئېلىپ، ئاسراپ بېقىپ چوڭ قىلدى. ئۇلارنىڭ بىزنى باغرىغا بېسىشى، قۇچاقلىشى ۋە كۆڭۈل بۆلۈشى ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئورۇن ئالماشتۇرىدۇ، يەنى ئۇلارنىڭ بىزگە قىلغانلىرىنى ئۇلارغا قايتۇرىشىمىز زۆرۈر ھالغا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بىزنىڭ رەھىم - شەپقەتتىن تەشكىل تاپقان كەمتەرلىك قانىتىغا ئىگە بولۇپ، ئاتا - ئانىمىزنى بۇ قانات ئاستىغا ئېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. شۇنى بىلىش كېرەككى، ئاتا - ئانىلارغا كېرىلگەن بۇ مېھىر - شەپقەت قاناتلىرى بىزنى ئاللاھقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، قانات قېقىپ ئاللاھقا ئۇچماقچى بولغانلار ئاتا - ئانىسىنى قانىتى ئاستىغا ئېلىشى شەرت.

**v. ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن دۇئا قىلىش**

ئىسرا سۈرىسىنىڭ 24 ـ ئايىتىدە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

رَبِّ ارْحَمْهُمَا كَمَا رَبَّيَانِي صَغِيراً

«ئى رەببىم، ئۇلار مېنى كىچىك چېغىمدا (مېھىر ـ شەپقەت بىلەن) قاتارغا قوشقىنىدەك سەنمۇ ئۇلارغا مېھىر ـ شەپقەت قىلغايسەن، دېگىن». بالىلىقىدا قانداق مەرھەمەت بىلەن چوڭ بولغانلىقىنى ئەسلەش ئىنسان ئۈچۈن پەزىلەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇنى بىلىدىغان ۋە ئەستە تۇتىدىغان كىشىنىڭ ئوخشاش مۇئامىلىنى ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن ئاتا ـ ئانىسىغا كۆرسىتىلىشىنى تىلىشى، ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىدۇر. بۇ ئارقىلىق ئۇلۇغ ئاللاھ بىزگە ئاتا ـ ئانىلار ئۈچۈن ئۆزىگە قانداق دۇئا قىلىشنى ئۆگەتكەن.

**iv. پانىي دۇنيادا ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىش**

لوقمان سۈرىسىنىڭ 15 ـ ئايىتىدە، ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنى ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىشقا بۇيرۇغان. كىشى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالغاندا، يەنى ئۇلارنىڭ ھەققىنى ئادا قىلغاندا، ئۇلارنىڭ ئېتىقادىغا قارىماسلىقى كېرەك. بەلكى، بۇ دۇنيا ھاياتىدا ئۇلارغا ھەمىشە ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ئۇلارنى ئەقىدىدىن ئۈستۈن ئورۇنغا قويۇشى لازىم.

**iiv. ئاللاھقا ۋە ئاتا ـ ئانىلارغا شۈكۈر ئېيتىش**

لوقمان سۈرىسىنىڭ 14 ـ ئايىتىدە، ئاللاھنىڭ بىزنى ياراتقانلىقى، شۇنداقلا ئاتا ـ ئانىمىزنىڭ بىزنى دۇنياغا كەلتۈرگەنلىكى ئۈچۈن،

ئۆزىگە ۋە ئۇلارغا مىننەتدار بولۇشىمىز كېرەكلىكى بايان قىلىنغان.

شۈكۈر قىلىش، يەنى مىننەتدار بولۇش بىزگە قىلىنغان ياخشىلىقلارنىڭ قەدرىنى بىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ياخشىلىقلارنى قەدىرلەيدىغان كىشىلەر مىننەتدار بولىدۇ. بۈگۈنكى جەمئىيەت شۈكۈرسىز - تۇزكور كىشىلەر بىلەن تولۇپ كەتكەن بولۇپ، بىز بالىلىرىمىزغا ئاللاھقا ۋە ئاتا - ئانىغا مىننەتدار بولۇشنى ئۆگىتىشىمىز كېرەك.

بىز يەتتە ماۋزۇغا ئايرىپ بايان قىلغان بۇ گۈزەل ئەخلاق - ئېسىل پەزىلەتلەر ئاتا - ئانىلار بىلەن بالىلار ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ جەۋھىرىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بالىلار ئۆزىگە تەۋسىيە قىلىنغان بۇ ئەخلاقىي ھەرىكەتلەرگە ئەستايىدىل رىئايە قىلىش ئارقىلىق ئائىلە ھاياتىنى جەننەتكە ئايلاندۇرۇشى كېرەك. جەننەتنى ئىزدىگۈچىلەر ئەڭ باشتا نەزەر تاشلىشى كېرەك بولغان جاي ئاتا - ئانىلارنىڭ قەلبى. شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىقىمىز كېرەككى، ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئاتا - ئانىلارنىڭ رازىلىقى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك.

## 2) بالىنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى

بىر مىللەت، جۈملىدىن بىر ئائىلىنىڭ كەلگۈسى بولغان بالىلارنىڭمۇ ھەق ـ ھوقۇقلىرى بار. بۇ ھەق ـ ھوقۇقلار ئاتا ـ ئانىلارنىڭ ھوقۇقىدىن پەرقلىنىپلا قالماي، يەنە كۆپ خىللىققا ئىگە. بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان ئائىلىلەر ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ كەلگۈسى غۇۋا بولىدۇ. بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، بىز بالىلار ھەق ـ ھوقۇقى مەسىلىسىنى نۆۋەتتە مۇھاكىمە قىلىۋاتقان ھوقۇق دائىرىسىگە كىرگۈزدۇق. بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى پەقەت بىرلا ھوقۇقتىن تەركىب تاپقان ئەمەس. شۇڭلاشقا، بىز بۇ مەسىلىنى «بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى» دەپ كېڭەيتەلەيمىز. ئۇنداقتا، بالىلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقلىرى قايسىلا؟

### i. ياشاش ھوقۇقى

تارىخنىڭ بەزى دەۋرلىرىدە بالىلارنىڭ ياشاش ھوقۇقى تارتىۋېلىنغان بولۇپ، بۇ دەۋرلەر قۇرئاندا «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتىلىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلۇغ ئاللاھ ئىككى ئايەتتە بالىلارنى ئۆلتۈرمەسلىككە بۇيرۇپ، ئۇلارنىڭ ياشاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلىشنى تەلەپ قىلغان.

پىرئەۋن دەۋرىدە ئوغۇللار ئۆلتۈرۈلۈپ، قىزلار ساق قالدۇرۇلغانىدى. بۇنىڭ سەۋەبى سىياسىي قارا نىيەت بولۇپ، سېھىرگەرلەر پىرئەۋنگە كەلگۈسىدە بىر بالىنىڭ تۇغۇلۇپ، ئۇنى تەختتىن چۈشۈرىدىغانلىقىنى بىلدۈرگەنىدى. شۇڭا، ھاكىمىيەت ـ تەخت ئەندىشىسى سەۋەبىدىن، پىرئەۋن ئىسرائىل خەلقىدىن

بولغان ئوغۇل بوۋاقلارنى ئىككى يىل ئۆلتۈرسە، ئىككى يىل ساق قالدۇراتتى. قۇرئان بۇنى مۇنداق تەسۋىرلەيدۇ:

... طَآئِفَةً مِنْهُمْ يُذَبِّحُ اَبْنَآءَهُمْ وَيَسْتَحْيِ نِسَآءَهُمْ ...

«... ئۇلارنىڭ ئوغۇللىرىنى ئۆلتۈرۈپ، قىزلىرىنى تىرىك قالدۇردى...» (قەسەس سۈرىسى 4 ـ ئايەت).

ھالبۇكى، كېيىنكى دەۋرلەردە ئەرەبلەرمۇ قىزلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئوغۇللارنى تىرىك قالدۇرۇشقا باشلىدى.

تۇنجى پەرزەنتى قىز بولغان دادىغا بۇ خۇش خەۋەر يەتكۈزۈلگەن ۋاقىتتا، ئۇ تۆۋەندىكىدەك پوزىتسىيەدە بولاتتى:

يَتَوَارٰى مِنَ الْقَوْمِ مِنْ سُوٓءِ مَا بُشِّرَ بِهِ اَيُمْسِكُهُ عَلٰى هُونٍ اَمْ يَدُسُّهُ فِي التُّرَابِ اَلَا سَٓاءَ مَا يَحْكُمُونَ

«ئۇلار ئۆزلىرىگە بېرىلگەن خۇش خەۋەرنىڭ يامانلىقى سەۋەبىدىن ئۆز خەلقىگە كۆرۈنمەي يوشۇرۇنۇۋالىدۇ. ئاندىن ئۇ نومۇسقا چىداپ قىزنى ساقلاپ قالامدۇ ياكى ئۇنى تۇپىغا (تىرىك) كۆمەمدۇ؟ (شۇ ھەقتە ئويلىنىدۇ). ئۇلارنىڭ ھۆكمى نېمىدېگەن قەبىھ ـ ھە!» (نەھل سۈرىسى 59 ـ ئايەت).

ئەرەب مەدەنىيىتى شەكىللەندۈرگەن ئەنئەنىدە، تۇنجى پەرزەنتىنىڭ قىز بولۇشى تولىمۇ نومۇس دەپ قارىلىدىغان بولۇپ، بۇ سەۋەبتىن دادا بولغۇچى كىشىلەردىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچقۇدەك دەرىجىدە نومۇس ھېس قىلاتتى، ھەتتا قىز پەرزەنتىنى تىرىك كۆمۈۋېتىش نىيىتىگىمۇ كېلەتتى. ئەلۋەتتە، بەزىلەر مۇشۇنداق قىلغانىدى. قىز پەرزەنتلەر مۇشۇنداق شەپقەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىغانلىقتىن، ئۇ دەۋر قۇرئاندا «جاھىلىيەت دەۋرى» دەپ ئاتالغان.

شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىنسانىيەت ئۆز بالىسىنى تىرىك ئۆلتۈرۈشتەك رەھىمسىز دەۋرلەرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن ۋە بۇ قىلمىش ئىنسانىيەت تارىخىدا ئۆچمەس قارا داغلارنى قالدۇرغان. بالىلىرىنىڭ ياشاش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان بۇ كىشىلەرنى ئاللاھ مۇنداق قورقۇتقان:

وَاِذَا الْمَوْءُ دَةُ سُئِلَتْ بِاَيِّ ذَنْبٍ قُتِلَتْ

«تىرىك كۆمۈۋېتىلگەن قىزدىن: ‹سەن قايسى گۇناھ بىلەن ئۆلتۈرۈلدۈڭ؟› دەپ سورالغاندا ...» (تەكۋىر سۈرىسى 9 ـ 8 ـ ئايەتلەر).

جىنسى قىز بولۇشتىن باشقا جىنايىتى بولمىغان، دۇنيا ھاياتىنى كۆرمەستىن ـ تونۇماستىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈلگەن بۇ بوۋاقلارنىڭ ھەققى قىيامەت كۈنى ئاللاھ تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىپ، ئۇلارنىڭ قاتىللىرى قاتتىق جازالىنىدۇ. ئاللاھ ياراتقان بالىلار ئارىسىدا جىنسىي ئايرىمچىلىق قىلىپ، ئۇلاردىن بىر جىنسقا ياشاش ھوقۇقى بەرمەيدىغان زالىملار ئىككى گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ. يەنى بىرىنچىسى، ئىلاھىي تەقدىرنى ياقتۇرماسلىق؛ ئىككىنچىسى، بالىنى خارلاپ، ئۇنى ئۆلتۈرۈش.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئىنسانىيەتنىڭ بۇ دەھشەتلىك ھەۋىسىنىڭ ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، تۆۋەندىكى چەكلىمىلەرنى قويدى:

وَلَا تَقْتُلُٓوا اَوْلَادَكُمْ خَشْيَةَ اِمْلَاقٍۜ نَحْنُ نَرْزُقُهُمْ وَاِيَّاكُمْۜ اِنَّ قَتْلَهُمْ كَانَ خِطْـًٔا كَبِيراً

«بالىلىرىڭلارنى كەمبەغەللىكتىن قورقۇپ ئۆلتۈرمەڭلار. ئۇلارنىڭ ۋە سىلەرنىڭ رىزقىڭلارنى بىز بېرىمىز. ئۇلارنى ئۆلتۈرۈش ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھتۇر» (ئىسرا سۈرىسى 31 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە، ئاللاھ بالىلارنىڭ ئۆلتۈرۈلىشىنىڭ ئەڭ مۇھىم سەۋەبلىرىدىن بىرىگە، يەنى نامراتلىقتىن قورقۇشقا دىققەت تارتىدۇ. ئىقتىسادىي ئامىل تۈپەيلى ئىنساننىڭ ئۆز پەرزەنتىنى قەتل قىلىشىنىڭ يەنە بىر مۇھىم سەۋەبى بار. ئۇ بولسىمۇ، رىزىقنىڭ ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلىدىغانلىقىغا بولغان ئىمانىنىڭ ئاجىز بولۇشى. تۇغۇلغان ياكى يارىتىلغان ھەرقانداق جانلىقنىڭ ئۆز رىزقى بىلەن يارىتىلغانلىقىغا ئىشىنىش ئىنتايىن مۇھىم، شۇنداقلا ھەل قىلغۇچ ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاتا ـ ئانىلار ياكى جەمئىيەت بۇ رىزقنى ئەمگەك ئارقىلىق تاپىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆكۈلگەن تەر ئاللاھ تەرىپىدىن ئىبادەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىنىدۇ.

نامرات جەمئىيەتلەرگە نىسبەتەن، نوپۇسنىڭ كۆپىيىشى چوڭ مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. ئەمما، شۇنى ئۇنتۇپ قالماسلىق كېرەككى، تۇغۇلغان ھەر بىر بالا پەقەت ئىستېمالچى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە كەلگۈسىدىكى جانلىق ئەمگەك كۈچى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، شۇنىمۇ قوبۇل قىلىش كېرەككى، كونترول قىلىنمىغان نوپۇس كۆپىيىشى جەمئىيەتكە زور قىيىنچىلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

بۇ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشنىڭ تەدبىرى ھەرگىزمۇ يارىتىلغان بالىلارنى ئۆلتۈرۈش بولماستىن، بەلكى، بالا يارىتىلىشتىن ئىلگىرى قوللىنىلىدىغان تەدبىرلەرگە مۇناسىۋەتلىك بىلىم ۋە تونۇشنى ئاۋامغا سىڭدۈرۈش ھەم جەمئىيەتتە ئومۇملاشتۇرۇشتۇر. ئۇنداق بولمايدىكەن، يارىتىلغان بالىنى ئۆلتۈرۈش جىنايىتى بۈگۈنكى ئىنسانىيەتنى جاھىلىيەت دەۋرىگە قايتۇرىدۇ.

بىزنىڭ دەۋرىمىز ئۇچۇر ۋە تېخنىكا دەۋرى بولغاچقا، «تەربىيىلەپ قاتارغا قوشالىغۇدەك ساندا پەرزەنتلىك بولغىن»

پرىنسىپىنى قوبۇل قىلىدىغان ئالىڭ ۋە ئادەتنى ئومۇملاشتۇرۇش جەمئىيەتكە پايدىلىق بولىدۇ. بالىلىق بولۇپ كۆچىغا چىقىرىپ قويۇپ، ئۇلارنى ناچار شارائىتنىڭ چاڭگىلىغا تاشلاشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كىشىلەرگە ھامىلدارلىقتىن ساقلىنىشنىڭ تەدبىر - ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىش كېرەك.

چۈنكى، يارىتىلغان بوۋاقنىڭ ھاياتىغا خاتىمە بېرىش ئىلاھىي غەزەپنى چىللاش دېگەنلىك بولىدۇ. ئەجەبا، بالىلارغا ياشاش ھوقۇقى بەرمىگەن ئىنسانىيەت قانداق قىلىپ كىشىلىك ھوقۇقتىن سۆز ئاچالايدۇ؟ بىگۇناھ بالىلارنىڭ جەسىتى ۋە قېنىنى دەسسەپ تۇرغان ئىنسانىيەتنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ھەققىدە ۋارقىرىشىنىڭ يەنە پايدىسى بارمۇ؟ قاتىللار بىلەن تولغان دۇنيا كىشىلىك ھوقۇق شوئارى بىلەن ئۆزىنى ئاقلىيالامدۇ، پاكلىيالامدۇ؟ ئاللاھ بەرگەن ئامانەت، يەنى پەرزەنتكە خىيانەت قىلىپ، ئۇلارغا ياشاش ھوقۇقى بەرمىگەن كىشىلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئۈچۈن داد - پەرياد قىلىش ھەققى بارمۇ؟ باشقا مىللەت زېمىنىدا بالىلارنى ئۆلتۈرۈشتە پەرۋا قىلماي كەتمەيدىغان خەلقلەرنىڭ كىشىلىك ھوقۇق جەھەتتە ئەيىبى، گۇناھى ۋە جىنايىتى يوقمۇ؟ بالىلار ھاياتىغا قوش ئۆلچەم قوللىنىپ ھەرىكەت قىلىدىغان دۆلەتلەر قانداق قىلىپ قەلبىدىكى قان داغلىرىنى تازىلاش ئۈچۈن كۈچ، پۇرسەت ۋە ھەرىكەت ئىمكانىيىتىگە ئېرىشىدۇ؟ «مېنىڭ بالىلىرىملا ياشىسۇن، باشقىلارنىڭ بالىلىرى بىلەن نېمە كارىم» دەيدىغانلاردا پەزىلەت بولامدۇ؟ ئەجەبا، بۇ خىل كىشىلەر ئىنسانىيەتنىڭ ئالىيجانابلىقىنى بۇزمامدۇ؟ ئۇلار بۇ ئالىيجانابلىقنى ۋە پەزىلەتنى ئۆلتۈرمەمدۇ؟

### ii. تەربىيىلىنىش ھوقۇقى

بالا تۇغۇش ماھارەت ئەمەس، بەلكى ئۇنى يارامىلىق قىلىپ

تەربىيلەش ئاندىن ماھارەت ھېسابلىنىدۇ. قۇرئان تۇغۇلۇش ھادىسىسىگە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپلا قالماي، يەنە بالىنىڭ تەربىيىلىنىشىگىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلىدۇ. بالىلارنى تەربىيىلەش قۇرئاندا ۋە پەيغەمبىرىمىزنىڭ سەھىھ سۈننىتىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. بالىلارنى تەربىيىلەشتىكى ئىسلامىي - قۇرئانىي يادرولۇق قىممەت قاراش تۆۋەندىكىچە:

1) **قوغداش**

تەھرىم سۈرىسىنىڭ 6 - ئايىتىدە، ئاللاھ بالىنى تەربىيىلەش جەريانىدا نېمىلەردىن ساقلىنىش كېرەكلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. يەنى:

يَا اَيُّهَا الَّذِينَ اٰمَنُوا قُوا اَنْفُسَكُمْ وَاَهْلِيكُمْ نَاراً وَقُودُهَا النَّاسُ وَالْحِجَارَةُ

«ئى مۆمىنلەر! ئۆزۈڭلارنى ۋە بالا - چاقاڭلارنى يېقىلغۇسى ئىنسان ھەم تاش بولغان ئوت (دوزاخ) تىن ساقلاڭلار ...».

بۇ ئايەتتىن تۆۋەندىكىدەك تەلىم - تەربىيە پرىنسىپلىرىنى چىقىرىشقا بولىدۇ:

i. ئاتا - ئانىلار ئاللاھ بىلەن ئۆزىنى جەمئىيەتتىكى ھەر تۈرلۈك يامانلىقتىن ساقلىشى كېرەك. ئۆزىنى قوغدىيالمايدىغان ئادەم بالىلىرىنى ياكى باشقىلارنى يامانلىقتىن قوغدىيالمايدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئاللاھ ئالدى بىلەن «ئۆزۈڭلارنى قوغداڭلار» بۇيرۇقىنى بەردى. تەربىيە كۆرگەن كىشىلەر ئەخلاق قائىدىسىنى ئالدى بىلەن ئۆزى تەدبىقلىشى كېرەك. بۇ قائىدە يەنە زامانىۋى مائارىپنىڭ پرىنسىپى بولۇپ كەلدى.

ii. ئايەتتىكى «نار» ئۇقۇمى «دوزاخ» دەپ تەرجىمە قىلىنىپ كېلىنگەن بولسىمۇ، ئەمما بۇ دوزاخ ئاخىرەتتىكى

دوزاخنىلا ئەمەس، يەنە بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىنىمۇ كۆرسىتىدۇ.

چۈنكى، بەزىدە ئىجتىمائىي ئەخلاق ئۆلچەملىرى ۋە باللار ئۈچۈن دوزاخقا ئوخشايدۇ. يامانلىقنىڭ ئومۇملىشىشى، يامراپ كېتىشى ۋە كۆپ خىللىشىشى جەمئىيەتلەرنى دوزاخقا، يەنى لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا ئايلاندۇرالايدۇ. ئەگەر ئايەت ئەستايىدىللىق بىلەن تەپەككۇر قىلىنسا، بۇ دۇنيانىڭ دوزىخىدىن ئۆزىنى ساقلاپ قالالمىغانلارنىڭ ئاخىرەتتىمۇ دوزاخقا كىرىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

iii. جەمئىيەت شەخسلەردىن تەركىب تاپقان بولغاچقا، شەخسلەر جەمئىيەتتىكى دوزاخنى تەشكىل قىلىدىغان رەزىللىكلەرنىڭ يېقىلغۇسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. باللار ۋە ياشلار ياشاۋاتقان كوللېكتىپ - ئىجتىمائىي ھايات ھەم ئاممىۋىي پسىخىكا ئۇلارنىڭ ئىرادىسىنى تارتىۋالىدىغان بولۇپ، ئۇلار خۇددى دەرياغا چۈشۈپ كەتكەن ئادەمگە ئوخشاش، ھايات ئېقىنى يۆنىلىشىدە ئاقىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، كوللېكتىپ ياكى جەمئىيەتنىڭ قىممەت قارىشى ۋە تۇرمۇش ئادىتى باللار ئۈچۈن ئازاب مەنبەسى - دوزاخقا ئايلىنىشى مۇمكىن. مانا بۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، ئاتا - ئانىلار ۋە ئوقۇتقۇچىلار، باللار ھەم ياشلارنى بۇ ئوتتىن قوغدىشى كېرەك.

iv. ئايەتتىكى «يېقىلغۇسى تاش» ئىبارىسىدىن مەقسەت پۇل بولۇپ، ئايەتتىكى «تاش» ئۇقۇمى پۇلنى، يەنى ئىقتىسادىي قىممەتنى ئىپادىلەيدۇ. كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقتىتا بىراۋنى پۇل بىلەن ئازدۇرىدۇ. ئىگە بولغان ھەددى - ھېسابسىز پۇل بەزىدە ياشلارنى تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز رەزىللىك قاينىمىغا غەرق قىلىۋەتكەنگە ئوخشاش، پۇلسىزلىقمۇ ياشلارنى ئويلىمىغان خاتالىقلارنى سادىر قىلىشقا ئېلىپ بارىدۇ. شۇڭا، كۈندىلىك

تۇرمۇشتا «پۇلى بارنىڭ گېپى ئۆتۈك»، «پۇل بىلەن ئاچقىلى بولمايدىغان ئىشىك يوق» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشى سەۋەبسىز ئەمەس.

دېمەك، دوستلار، يەنى كوللېكتىپ هايات ۋە پۇل ياشلارنىڭ هاياتىنى كۆپىنچە هاللاردا دوزاخقا ئايلاندۇرىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، تەھرىم سۈرىسىنىڭ 6 ـ ئايىتىدە، بالىلارنى تەربىيىلەشنىڭ بىر ئۇسۇلى سۈپىتىدە، ئاللاھ هاياتنى دوزاخقا ئايلاندۇرىدىغان جەمئىيەتتىكى رەزىللىك ئوتىدىن ئۇلارنى «قوغداش»قا بۇيرۇغان.

2) بىلىم تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا ئەهمىيەت بېرىش

بالىلىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلەش ئۈچۈن، ئۇلارنى ئەقىل ۋە قەلب تەشنالىقىغا شىپا توغرا بىلىمگە ئىگە قىلىش تولىمۇ مۇھىم. ئەقىلنى بېيىتىدىغان، ئەمما قەلبنى قاقاس چۆل قىلىۋېتىدىغان تەلىم ـ تەربىيە خىزمىتى تەڭپۇڭسىز، بىنورمال كىشىلەرنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ.

ئىنسانلارنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىدىكى تەڭپۇڭلۇق ئوزۇقلىنىشتىكى تەڭپۇڭلۇققا ئوخشايدىغان بولۇپ، بىر تەرەپلىمە ئوزۇقلىنىش بەدەندىكى بەزى مىنېرال ماددىلارنىڭ كۆپىيىشىنى، بەزىلىرىنىڭ تۆۋەنلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەڭپۇڭ ئوزۇقلىنىش بولسا، بۇ سەلبىيلىكنى تۈگىتىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى. ئىنساننى تەربىيىلىگەندە، ئۇنىڭغا پەقەت ئەقىلگە خىتاب قىلىدىغان قىممەت قاراشلارنىلا سىڭدۈرۈپ، قەلبنىڭ، يەنى مەنىۋى تەرەپنىڭ يېتىلىشىگە ھەسسە قوشىدىغان قىممەت قاراشلارغا سەل قاراش تەڭپۇڭسىز خاراكتېرنىڭ شەكىللىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئەقىلنى بىلىم بىلەن قوراللاندۇرغاندا، قەلبكە مېھىر ـ مۇھەببەت، ئىرادە، ئىمان، هايا، تەپ تارتىش ۋە ۋاپادارلىق

دىگەندەك قىممەت قاراشلارنىمۇ جەزمەن سىڭدۈرۈش ھەم ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك.

مەنىۋى قىممەت قاراشلارنى ئۆگىنىشمۇ تەبىئەتنىڭ قانۇنىيىتىنى بىلىشكە ئوخشاشلا مۇھىم بولۇشى كېرەك. پەرزەنتلەرگە ماددىنىڭ فىزىكىلىق ۋە خىمىيىلىك خۇسۇسىيىتىنى ئۆگىتىش بىلەن بىر ۋاقىتتا شۇ خۇسۇسىيەتلەرنى ياراتقان كۈچنىمۇ تونۇتۇش، نورمال ئىنسان تەربىيىلەپ چىقىشتا كەم بولسا زادى بولمايدۇ. پەرزەنتلەرگە يەنە تەبىئەت قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋەتلىرىنى، ئىنسانغا ئاتا قىلغانلىرىنى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىنساننىڭ ئەقلى، قەلبى ۋە نەپسى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتلىرىنىمۇ ئۆگىتىش كېرەك. ئەگەر تەبىئەت قانۇنىيىتىنىڭ مۇناسىۋىتىنى ئۆگىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى باغلىنىشلار ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مۇناسىۋەتلەرنى ساقلاپ قېلىش ئۇسۇللىرىنى ئۆگىتىشكە سەل قارالسا، ئۇ ھالدا بىز مېڭىسى تەرەققىي قىلغان، لېكىن مۇئامىلە، ئەدەب - ئەخلاق جەھەتتە ئارقىدا قالغان ئادەمنى تەربىيىلەپ چىققان بولىمىز. سالماقلىق بىلەن ئويلاپ باقساق شۇنى بايقايمىزكى، دۇنيا بۈنداق بىنورمال كىشىلەرنىڭ دەردىنى تارتىدۇ ۋە تارتىۋاتىدۇ. قەلب دۇنياسىنى تەربىيىلەشكە سەل قارالغان ياشلاردا مېھىر - مۇھەببەت، ھۆرمەت، كەمتەرلىك ۋە ئىرادە دەپ ئاتىلىدىغان قىممەت قاراشلار شەكىللەنمەيدۇ. نەتىجىدە، ئاللاھنى سۆيۈش، ئانىلارغا بولغان مۇھەببەت، قېرىنداشلىق سۆيگۈسى، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە ئىنسانىي مېھىر -مۇھەببەتتىن مەھرۇم قالغان بۇ ياشلار دۇنيا ئۈچۈن خەۋپ شەكىللەندۈرىدۇ.

قەلب دۇنياسى قاقاس چۆلگە ئايلىنىپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ مەنىۋىيىتىنىڭ ئۇل - ئاساسى مۇستەھكەم بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ

قەلب قەسىرىنى يانتاق ۋە ياۋا ئوت ـ چۆپلەر قاپلاپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يانتاق ـ تىكەنلەر بىگۇناھ ئىنسانلارغا سانجىلىپ، ئاقىۋەتتە ھەم ئۆزىنى، ھەم جەمئىيەتنى زەھەرلەيدۇ.

نورمال كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈشنىڭ ئۇسۇلى ئۇلارنى ھەم ئەقىل، ھەم مەنىۋى جەھەتتىن بىلىمگە ئىگە قىلىشتا تەكىتلىنىدىغان بولۇشقا ئەھمىيەت بېرىش بولۇپ، تەڭپۇڭ بىلىم مېڭە، قەلب ۋە نەپسنى بېيىتىدۇ، كۈچلەندۈرىدۇ، تەرەققىي قىلدۇرىدۇ ۋە ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىر پۈتۈنلۈك ھاسىل قىلىدۇ.

3) **ھالال سۈت، ھالال رىزق**

ھالال سۈت ۋە ھالال رىزق بالىنى ياراملىق قىلىپ تەربىيلەپ چىقىشنىڭ ئاساسى. 21 ـ ئەسىرگە قەدەم قويغان بۈگۈنكى كۈندە، بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرگەنلىكىگە شاھىت بولىۋاتىمىز. بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلارنىڭ قاتىلى بولۇشىنىڭ يەنە بىر ئېنىقلىمىسى ئىنسانىيەتنىڭ بۇلغىنىشى بولۇپ، بۇ سەۋەبلىك بالىلار ئاتا ـ ئانىسىغا قارشى جەڭ ئېلان قىلىش ۋەزىيىتى شەكىللەندى. بەزى بالىلار «ئاتا ـ ئانام تېزرەك ئۆلۈپ كەتسۇن، مەن ئۇلارنىڭ مىراسىغا ئىگە بولۇپ، بەگدەك ياشاي» دېگەن نىيەتتە بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بۇ نىيىتىنى بالدۇرراق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، ھەتتا ئۆز ئاتا ـ ئانىسىنى ئۆلتۈرۈشكە ئۇرۇنىۋاتىدۇ. ئۇنداقتا، دادىسىنىڭ ئۆلۈشىنى ساقلاۋاتقان، ئەمما كۆپىنچە ۋاقىتتا بۇنىڭغا سەۋر قىلالماي، ئۇلارنى ئۆزى ئۆلتۈرگەنلەر زادى نېمىنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ قالدى؟

ئاتا ـ ئانىلار بالىلىرىنى بېقىپ چوڭ قىلىش جەريانىدا «ھالال ۋە ھارام» ئۇقۇمىغا پەرۋا قىلمايدۇ. چۈنكى، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە باي بولۇش ھېرىسى «ھارام» ئۇقۇمىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ قويماقتا.

ئۇلار ھارام رىزقنىڭ كۆڭۈللەرنىڭ بىرىدە ئۆزگە ئىتىلغان ئوق بولۇپ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋاتىدۇ:

إِنَّ الَّذِينَ يَأْكُلُونَ أَمْوَالَ الْيَتَامَىٰ ظُلْمًا إِنَّمَا يَأْكُلُونَ فِي بُطُونِهِمْ نَارًا ۖ وَسَيَصْلَوْنَ سَعِيرًا

«زۇلۇم قىلىپ يېتىملارنىڭ مال ـ مۈلۈكلىرىنى ناھەق يەيدىغانلار، ئەلۋەتتە قورسىقىغا ئوت يەيدۇ. دەرۋەقە، ئۇلار لاۋۇلداپ تۇرغان ئوتقا كىرىدۇ» (نىسا سۈرىسى 10 ـ ئايەت).

ھارام رىزق يېگەن كىشى قورسىقىغا ئوت يەيدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئوزۇقى ئوت بولىدۇ. نەتىجىدە، ئوزۇقى ئوت بولغان كىشىنىڭ بالىسىمۇ ئوت بولىدۇ. ئەگەر تاپاۋەت ھارامدىن كەلگەن بولسا، بۇ، ئىنسانىنىڭ خاراكتېرىنى بۇزىدىغان ئوتنىڭ يالقۇنجاشقا باشلىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.

بالىلىرىغا ھارام سۈت ئەمگۈزگەن ۋە ھارام رىزق يېگۈزگەن كىشىلەر بالىلىرىنىڭ يارامىلىق تەربىيىلىنىپ چىقىش ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلغان بولىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەت ئەزالىرىغا ھارام رىزقنىڭ ئەۋلادلارغا قانداق زىيانلارنى يەتكۈزىدىغانلىقىنى، ئالىيجانابلىق ۋە پەزىلەتنى قانداق يوقىتىدىغانلىقىنى ئۆگىتىشنىڭ مۇھىملىقىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ.

مائارىپنىڭ ئىقتىسادقا قوشىدىغان ئەڭ چوڭ تۆھپىسى بولسا، كىشىلەرگە ھالال رىزقنىڭ ئەھمىيىتىنى، شۇنداقلا رىزقنىڭ جەمئىيەتنىڭ گۈللىنىش ۋە خاراپلىششىغا پەيدا قىلىدىغان بىۋاستە تەسىرىنى ئېنىق بىلدۈرۈشتىن ئىبارەت. ھارام رىزق ئىنسانلارنىڭ مەنىۋىيىتىنى، ئىقتىسادىنى، ھەمدە ئىجتىمائىي تەرتىپنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىپلا قالماي، يەنە بىر تەرەپتىن، ئۆسۈپ يېتىلىۋاتقان ئەۋلادلارنىڭ پەزىلىتىنى يىمىرىپ تاشلايدۇ.

### 4) دۇئا

بالىلىرىمىزنى ياخشى تەربىيىلەشكە بارلىق كۈچىمىزنى سەرپ قىلغاندىن كېيىن، يەنە ئىلاھىي ياردەم تىلەپ دۇئا قىلىشىمىز كېرەك. قۇرئاندا بالىلىرىنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشى ئۈچۈن، دۇئا قىلغان پەيغەمبەرلەرنىڭ مىساللىرى بېرىلگەن:

فَلَمَّا اَثْقَلَتْ دَعَوَا اللّٰهَ رَبَّهُمَا لَئِنْ اٰتَيْتَنَا صَالِحاً لَنَكُونَنَّ مِنَ الشَّاكِرِينَ

«... ئادەمنىڭ ئايالى ھامىلىدار بولغاندا، ئۇلار رەببى ئاللاھقا: ‹ئەگەر بىزگە (ئەزالىرى) بېجىرىم پەرزەنت ئاتا قىلساڭ، بىز چوقۇم ساڭا شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز› دەپ دۇئا قىلدى» (ئەئراف سۈرىسى 189 ـ ئايەت).

ھەزرىتى ئادەم ۋە ئۇنىڭ ئايالى ھامىلىدارلىقنىڭ بېشىدىن باشلاپلا ئاللاھقا دۇئا قىلىپ، ياخشى پەرزەنت تەلەپ قىلغان ئىدى.

وَاِنِّي خِفْتُ الْمَوَالِيَ مِنْ وَرَاۤءِي وَكَانَتِ امْرَاَتِي عَاقِراً فَهَبْ لِي مِنْ لَدُنْكَ وَلِياًّ

«راستىنى ئېيتقاندا، ئايالىم تۇغماس بولغاچقا، مەن روھى قۇل كىشىلەرنى قالدۇرۇپ كېتىشتىن ئەنسىرەيمەن. ماڭا كۈچلۈك ئىرادىلىك پەرزەنت ئاتا قىلغىن» (مەريەم سۈرىسى 5 ـ ئايەت).

زەكەرىيا پەيغەمبەرمۇ كۈچلۈك خاراكتېرگە ئىگە پەرزەنت تەربىيىلەپ چىقىش ئۈچۈن ئاللاھتىن ياردەم سورىغان:

وَالَّذِينَ يَقُولُونَ رَبَّنَا هَبْ لَنَا مِنْ اَزْوَاجِنَا وَذُرِّيَّاتِنَا قُرَّةَ اَعْيُنٍ وَاجْعَلْنَا لِلْمُتَّقِينَ اِمَاماً

«مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بەندىلىرى: ‹رەببىمىز! بىزگە بىزنى سائادەتلىك قىلىدىغان ئاياللار ۋە پەرزەنتلەرنى بەخش ئەتكىن، شۇنداقلا بىزنى تەقۋادارلارنىڭ پېشۋاسى قىلغىن› دەپ دۇئا قىلىدۇ» (فۇرقان سۈرىسى 74 ـ ئايەت).

يۇقىرىدىكى ئايەتلەردە، «كۆز نۇرى» پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ياراملىق بولۇپ تەربىيىلىنىشى ئۈچۈن دۇئا قىلىش مۇسۇلمانلىقنىڭ مۇھىم ئالاھىدىلىكى سۈپىتىدە تونۇشتۇرۇلغان. ھەزرىتى ئىبراھىممۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش دۇئا قىلغانىدى. ئېنىقكى، دۇئاسىز تەربىيە سۇسىز گۈلگە ئوخشايدۇ. پەرزەنتنىڭ تەلىم ـ تەربىيە مەسىلىسىدە دۇئا كىشىنى ھېچ ئىش قىلماسلىققا يېتەكلىمەسلىكى كېرەك. چۈنكى، تەقەززاسى ئادا قىلىنمىغان دۇئانىڭ ئۈنۈمى بولمايدۇ.

كىشى كۈچى ـ قۇدرىتى يېتىدىغان بارلىق سەۋەبلەرنى قىلغاندىن كېيىن، ئاللاھقا دۇئا قىلىپ ياردەم سورىشى كېرەك.

يَٓا اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُٓوا اِنَّ مِنْ اَزْوَاجِكُمْ وَاَوْلَادِكُمْ عَدُواًّ لَكُمْ فَاحْذَرُوهُمْ وَاِنْ تَعْفُوا وَتَصْفَحُوا وَتَغْفِرُوا فَاِنَّ اللّٰهَ غَفُورٌ رَحٖيمٌ

بالىلىرىمىز پىتنە ـ ئىمتىھانغا ئايلىنىشتىن ئىلگىرى، بىز ئۇلارنى ئىلاھىي ئامانەت سۈپىتىدە قوبۇل قىلىشىمىز ۋە ئۇلارنى ئەڭ ياخشى شەكىلدە تەربىيىلىشىمىز كېرەك. بولمىسا، ئۇلۇغ ئاللاھ تەغابۇن سۈرىسىنىڭ 14 ـ ئايىتىدە ئېيتقاندەك، بالىلىرىمىز دۈشمىنىمىزگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

«ئى مۆمىنلەر! سىلەرنىڭ ئاياللىرىڭلاردىن، بالىلىرىڭلاردىن سىلەرگە دۈشمەن بولىدىغانلىرىمۇ بار، ئۇلاردىن ئېھتىيات قىلىڭلار. ئەگەر (ئۇلارنى) ئەپۇ قىلساڭلار، كەچۈرسەڭلار، مەغپىرەت قىلساڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە ناھايىتى مېھرىباندۇر».

ھەممىگە قادىر ئاللاھ قۇرئاندا ئاتا ـ ئانىلارغا ئېھسان ھەققىدە ۋەز قىلغان. رەسۇلۇللاھ قىزلارغا قىلىنىدىغان ئېھسان ھەققىدە مەخسۇس توختالغان بولۇپ، قىز پەرزەنتلەرگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلگەن.

«كىمكى ئۈچ قىز پەرزەنت ياكى ئۈچ ئاچا ـ سىڭىل ۋە ياكى ئىككى ئاچا ـ سىڭىل ياكى ئىككى قىزنى بېقىپ چوڭ قىلسا، ئۇلارنى ياخشى تەربىيلەپ، ئىلىم تەھسىل قىلدۇرسا، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلسا، ھەمدە توينى قىلىپ قىلسا، ئۇ جەننەتكە لايىق بولىدۇ» (ئەبۇ داۋۇد، ئەدەب، 130؛ تىرمىزى، بىرر، 13).

دېمەك، ئاتا ـ ئانىلار قىزلىرىغا بېرىدىغان تەلىم ـ تەربىيە ئارقىلىق جەننەتكە ئېرىشىدۇ. ئەلۋەتتە، ئۇ جەننەت ھەم بۇ دۇنيالىق، ھەم ئۇ دۇنيالىق جەننەتنى كۆرسىتىدۇ. دىققەت قىلغىنىمىزدا، مەزكۇر ھەدىستە ئاتا ـ ئانىلارنىڭ جەننەتكە لايىق بولۇشىدىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ ئامىللارنىڭ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى بايقايمىز. يەنى «بېقىش، تەربىيلەش، ئىلىم تەھسىل قىلدۇرۇش ۋە ئۆي ـ ئوچاقلىق قىلىش». دېمەك، مائارىپنىڭ جەننەتكە كىرىش يولى ئىكەنلىكى مەزكۇر ھەدىستە ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەن. بالىنىڭ جىسمانىي جەھەتتىن تەربىيلىنىش ھوقۇقى بولغىنىدەك، ئىلىم تەھسىل قىلىش ۋە توي قىلىش ھوقۇقىمۇ بولىدۇ. چۈنكى، بۇلار جەمئىيەتنى ۋە ئىنسانىيەتنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدۇ. ئوخشاشلا، بالىنى جىسمانىي جەھەتتىن ئۆلتۈرۈش قانداق گۇناھ بولغان بولسا، ئىلىم تەھسىل قىلدۇرماسلىقمۇ ئېغىر گۇناھ ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇلارنى ياخشى تەربىيلىمەسلىك ئۇلارنى تىرىك مۇردىغا ئايلاندۇرىدۇ. ئەلۋەتتە، مېڭىپ يۈرگەن ئۆلۈك بىلەن مازاردا ياتقان ئۆلۈكنىڭ ھېچقانداق پەرقى بولمايدۇ.

## 3) ئۇرۇق ـ تۇغقانلارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى

قۇرئان ئۇرۇق ـ تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋەتكە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغان بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنىڭ جانلىق ـ قىزغىن تۇتۇلۇشىنى تەشەببۇس قىلىپلا قالماي، يەنە تۇغقاندارچىلىق ئۇقۇمىنى ھەق ـ ھوقۇق ئۇقۇمى دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، بۇ ھەق ـ ھوقۇقنىڭ ئۇنىۋېرساللىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن. چۈنكى، تۇغقاندارچىلىق ھوقۇقى ئاساس قىلىنغان پىرىنسىپلار ئايدىڭلاشقاندا، بۇ ھەق ـ ھوقۇقنىڭ ئىجتىمائىي ھوقۇقنىڭ ئۆزىنى تەشكىل قىلىدىغانلىقى مەلۇم بولىدۇ.

بۇ ھەق ـ ھوقۇقلارنى تۆۋەندىكى ماۋزۇلار بىلەن ئىزاھلاشقا بولىدۇ.

**i. ئىقتىسادىي ئاساس**

ئىقتىسادىي ھەمكارلىقتا تۇغقانلار بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بولۇپ، قۇرئان بۇنى «تۇغقانلارنىڭ ھەققى» دەپ ئاتايدۇ:

وَاٰتِ ذَا الْقُرْبٰى حَقَّهُ وَالْمِسْكٖينَ وَابْنَ السَّبٖيلِ وَلَا تُبَذِّرْ تَبْذٖيراً

«تۇغقانغا، مىسكىنگە، ئىبنى سەبىل (يولدا قالغان كىشى) گە تېگىشلىك ھەققىنى بەرگىن. بىھۇدە بۇزۇپ ـ چېچىپ، ئىسراپ قىلمىغىن» (ئىسرا سۈرىسى 26 ـ ئايەت).

بۇ ئايەتتە تۇغقانلارنىڭ ھەققى، يوقسۇللارنىڭ ھەققى ۋە يولدا قالغانلارنىڭ ھەققىدىن ئىبارەت ئۈچ خىل ھەق ـ ھوقۇق تىلغا ئېلىنغان. دىققەت بىلەن نەزەر تاشلىغىنىمىزدا، بۇ ئايەتتە

تۇغقانلارنىڭ ھەققىنىڭ بىرىنچى ئورۇنغا قويۇلغانلىقىنى كۆرىمىز. بۇ يەردە ئېسىمىزگە «ھەممە ئادەم ئۆز ئىشىك ئالدىنى سۈپۈرسە، دۇنيا پاكىز بولىدۇ» دېگەن ھېكمەت ئېسىمىزگە كېلىدۇ، يەنى «ئەگەر ھەممە ئادەم كەمبەغەل تۇغقانلىرىغا كۆڭۈل بۆلسە، دۇنيادا كەمبەغەل قالمايدۇ». شۇڭا، ئىنسانلار ئۆز يېقىنلىرىنىڭ، يەنى تۇغقانلىرىنىڭ نالە - پەريادى، ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ۋە ئاچلىقىغا قۇلاق سېلىشقا سەل قارىماسلىقى لازىم.

ئادەتتە كىشىلەر ئۆز تۇغقانلىرىغا ياردەم قىلمايدۇ. ئەمما، ئۆزىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقىلارغا پۇلنى ئايىماي خەجلەپ، ئاتا - ئانىسى ۋە تۇغقانلىرىنى ئاچلىقتا، موھتاجلىقتا ۋە چارىسىزلىكتە تاشلاپ قويىدۇ.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇنداق بىپەرۋالىقنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلگەنلىكى ئۈچۈن، «تۇغقانلارنىڭ ھەققى»نى بىرىنچى ئورۇنغا قويغان. ئەلۋەتتە، تۇغقانلارنىڭ ھەققى دېيىلگەندە، كىشىنىڭ ئەقلىگە كېلىدىغىنى ئىقتىسادىي ياردەم بولۇشى كېرەك.

ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 177 - ئايىتىدە «ياخشى (بِرَّ)» دەپ ئاتىلىدىغان قىممەتنىڭ قۇرۇلمىسىنى بايان قىلغاندا، مەزكۇر قىممەت قاراشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرىنىڭ «تۇغقانلارغا ياردەم قىلىش» ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ ئۆتكەن. تۇغقانلارنىڭ نالە - پەريادىنى ئاڭلىغان قەلبلەر ئۇزاتقان ياردەم بەرگۈچى قوللار ياخشىلىق ئۈچۈن ئۇزىتىلغان قول بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بىز ئۆزئارا ياردەملىشىش ئارقىلىق «ياخشىلىق» دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئۇنىۋېرسال قىممەتنى مەنىگە ئىگە قىلالايمىز. شۇڭا، كەمبەغەل تۇغقانلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغانلار كىشىلىك ھوقۇقىنىڭ بىر شېخىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان بولىدۇ. يىراقتىكى يوقسۇللارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشىلەر جەننەتنى يىراقتىن كۆرىدىغانلار بولۇپ،

يېقىن تۇغقانلىرىغا ياردەم قىلىدىغانلار جەننەتنىڭ ئوتتۇرىسىدىن ئورۇن ئالغۇچىلار ھېسابلىنىدۇ.

**ii. مېھىر - مۇھەببەت رىشتى**

تۇغقاندارچىلىق ھەققىنىڭ يەنە بىر ئاساسى بولسا، مېھىر - مۇھەببەت رىشتىنى ساقلاپ قېلىشتۇر.

فَهَلْ عَسَيْتُمْ اِنْ تَوَلَّيْتُمْ اَنْ تُفْسِدُوا فِي الْاَرْضِ وَتُقَطِّعُٓوا اَرْحَامَكُمْ

«ئەگەر ھوقۇق - ھاكىمىيەت قولۇڭلارغا ئۆتسە، يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىپ، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزەمسىلەر؟» (مۇھەممەد سۈرىسى 22 - ئايەت).

بۇ ئايەتتە، ئاللاھ سىياسەتنىڭ قانداق يۈرگۈزۈلىشىنى ئۈمىد قىلىدىغانلىقىنى ۋە جەمئىيەتتىكى بەزى كىشىلەرگە سىياسىي ھوقۇق بەخش ئەتكەندە نېمىلەرنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش بىلەن بىرگە، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋىشكە ئۇرۇنغان سىياسەتنىڭ ساغلام سىياسەت بولمايدىغانلىقىنى قەيت قىلىپ ئۆتكەن. چۈنكى، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتى تۇغما - قان مۇناسىۋىتى بولۇپ، بۇ مۇناسىۋەتلەرنى ئۈزۈۋىشكە ئۇرۇنۇش ھەقىقەتكە، يەنى تەبىئىي قانۇنىيەتكە زىت ھەرىكەت قىلغانلىق بولىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، مەزكۇر ئايەتتە، توغرا يولدىن ئايرىلىپ قالغان سىياسەتنىڭ توغرا سىياسەت بولمايدىغانلىقى تەكىتلەنگەن.

تۇغقاندارچىلىق رىشتى مېھىر - مۇھەببەت بىلەن ياشنايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ بىلەن ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ. ئۇنداقتا، تۇغقاندارچىلىق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاساسى بولغان مېھىر - مۇھەببەت ئۆزىنى قانداق نامايان قىلىدۇ؟ بىز بۇ سوئالغا

تۆۋەندىكى ئايەت بىلەن جاۋاب بېرەلەيمىز:

وَالَّذِينَ يَصِلُونَ مَا اَمَرَ اللّٰهُ بِهٖ اَنْ يُوصَلَ وَيَخْشَوْنَ رَبَّهُمْ وَيَخَافُونَ سُوءَ الْحِسَابِ

«ئۇلار (يەنى تەپەككۇر قىلىدىغان ئەقىلگە ئىگە مۇسۇلمانلار) ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرىغان ئەمرنى بەجا كەلتۈرىدۇ، ئاللاھتىن قورقىدۇ، ئاللاھنىڭ قاتتىق ھېساب ئېلىشىدىن قورقىدۇ» (رەئىد سۈرىسى 21 ـ ئايەت).

ئاللاھ ئۇلاشقا بۇيرىغان شەيئىلەرنىڭ ئىچىدە «سىيلە ـ رەھىم» ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، بۇ يېقىن تۇغقانلارنى يوقلاش، ئۇلارنىڭ ھال ـ ئەھۋالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى، تۇغقانلارغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببەتنى پەقەت مۇشۇ ئۇسۇل بىلەنلا ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. ئەلۋەتتە، تۇغقانلارغا كۆڭۈل بۆلۈش پەقەت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كەمبەغەللەرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالمايدۇ. سەۋەبى، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بەزىدە بىر ئېغىز سالامغا، قانداق ئەھۋالىڭ؟ دېگەن «بۇغداي نان»غا موھتاج بولۇپ قالىدۇ.

تۇرمۇش ھەلەكچىلىكى ھەممەيلەننى ئالدىغا سېلىۋالغان دۇنيايىمىزدا مېھىر ـ مۇھەببەت بىلەن ئوزۇقلانغان تۇغقاندارچىلىق رىشتى پەۋقۇلئاددە سەل قارىلىپ، ئىشىكلىرى بىرەر قېتىم قېقىلمايدىغان تۇغقانلارنى بىر ئېغىز سالامغا موھتاج ھالغا كەلتۈرۈپ قويىدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق، ئەجدادلار قەدىرلىگەن بۇ قىممەت قاراشلارغا سەل قارايدىغان بۈگۈنكى ئىنسانىيەت نېمىگە ئاساسەن ئۆزىنى مەدەنىيەتلىك دەپ دەۋا قىلالايدۇ؟ سىز ئۆتمۈشتىكى قالاقلىقنى تەنقىد قىلسىڭىز، نۇرغۇن پايدىسىز ئۆرپ-ئادەتلەرنى تاشلىۋەتسىڭىز بولىدۇ، ئەمما ئەجدادلارنىڭ

تۇغقاندارچىلىق رىشتىنى ساقلايدىغان مېھىر ـ مۇھەببەتكە تولغان قەلبىنى كۆرمەسكە سالالامسىز؟ ئۇلار قەدىرلەيدىغان «سىيلە ـ رەھىم»نى دەپىنە قىلىۋېتەلەمسىز؟ ئەجەبا، سىيلە ـ رەھىم ئەجدادلاردىن بىزگە مىراس قالغان قىممەت قاراشلارنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئەمەسمۇ؟ شۇڭا، مېھىر ـ مۇھەببەتكە تايىنىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن ئوزۇقلىنىدىغان تۇغقاندارچىلىق رىشتىنى ئۈزۈپ تاشلايدىغان جەمئىيەتلەر ئۆزلىرىنى مەدەنىيەتلىك دەپ دەۋا قىلالمايدۇ. بىز مېھىر ـ مۇھەببەت رىشتى بولغان تۇغقاندارچىلىق ھەققىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىدىن كەلگۈسىدىكى ئىنسانىيەت گۈللىرىنى يىغىمىز.

## 4) يوقسۇللارنىڭ ھەققى

قۇرئان ئوتتۇرىغا قويغان كىشىلىك ھوقۇق ئىچىدە يەنە «يوقسۇللارنىڭ ھەق - ھوقۇقى» مۇ بار. كىشىلەر ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نامرات بولۇپ قېلىشى مۇمكىن. ئەلۋەتتە، بۇ سەۋەبلەر ئۇلارنىڭ تاللىشى، شۇنداقلا تاللىشىنىڭ سىرتىدىكى ئامىللاردىن تەركىب تېپىشى مۇمكىن.

**i. باي بولۇش ياكى نامراتلىق ئىقتىسادىي ھاياتنىڭ تەبىئىتىدە مەۋجۇت**

بۇ ھەقتە ئاللاھ مۇنداق دەيدۇ:

اَهُمْ يَقْسِمُونَ رَحْمَتَ رَبِّكَ نَحْنُ قَسَمْنَا بَيْنَهُمْ مَعِيشَتَهُمْ فِي الْحَيٰوةِ الدُّنْيَا وَرَفَعْنَا بَعْضَهُمْ فَوْقَ بَعْضٍ دَرَجَاتٍ لِيَتَّخِذَ بَعْضُهُمْ بَعْضاً سُخْرِياًّ وَرَحْمَتُ رَبِّكَ خَيْرٌ مِمَّا يَجْمَعُونَ

«رەببىڭنىڭ رەھمىتىنى ئۇلار تەقسىم قىلىپ بېرەمدۇ؟ بىز ئۇلارنىڭ پانىي دۇنيادىكى رىزقىنى ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تەقسىم قىلدۇق. ئۇلارنىڭ بەزىسى بەزىسىنى ئىشقا سالسۇن دەپ بەزىسىنىڭ دەرىجىسىنى بەزىسىدىن ئۈستۈن قىلدۇق. رەببىڭنىڭ رەھمىتى ئۇلارنىڭ توپلىغان نەرسىلىرى (يەنى پۇل - ماللىرى) دىن ياخشىدۇر» (زۇخرۇف سۈرىسى 32 - ئايەت).

ئايەتتىكى رەھمەت (رَحْمَتَ) ئۇقۇمى «تىرىكچىلىكنى قامدايدىغان نېمەت» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. رىزقنىڭ مەنبەسى ئاللاھ بولۇپ، بەندە تىرىكچىلىك قىلىش ئارقىلىق ئۇنى رىزق خەزىنىسىدىن ئېلىش ئۈچۈن تىرىشىدۇ. ئەگەر ھەممە ئادەم ئوخشاش ئىقتىسادىي قىممەتكە ئىگە بولسا، ئىش قىلىدىغان ئىشچىلارنى تاپقىلى بولمايتتى. بەزى كىشىلەرنىڭ باي بولماسلىقى ئۇلارنى

ئەمگەك قىلىشقا مەجبۇر قىلىدۇ. ئىمكانىيەتنىڭ يار بەرمەسلىكى ئېھتىياجنى پەيدا قىلىدۇ، ئېھتىياج بولسا ئىشلەشنى تەقەززا قىلىدۇ. ئاللاھ خىزمەت ساھەسىنىڭ كەم بولسا بولمايدىغان شەرتلىرىنى بەلگىلىگەن بولۇپ، ئەگەر ئىقتىسادىي پەرق بولمىسا، ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى بولمىغان بولاتتى.

**ii. باراۋەرلىك بەندىنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق**

ئىقتىسادىي نېمەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، ئاللاھ كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقلەرنىڭ بولۇشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئىش - خىزمەت ھاياتىدا ئىشقا ئورۇنلىشىش پۇرسىتى يارىتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، يەنە بىر ئايەتتە، ئىقتىسادىي پەرقنىڭ ئېكسپىلاتاتسىيە ۋە زۇلۇمغا ئايلىنىپ قالماسلىقىنىڭ يوللىرىنى كۆرسىتىپ بەرگەن:

وَاللّٰهُ فَضَّلَ بَعْضَكُمْ عَلٰى بَعْضٍ فِي الرِّزْقِ فَمَا الَّذِينَ فُضِّلُوا بِرَٓادّٖي رِزْقِهِمْ عَلٰى مَا مَلَكَتْ اَيْمَانُهُمْ فَهُمْ فِيهِ سَوَٓاءٌۜ اَفَبِنِعْمَةِ اللّٰهِ يَجْحَدُونَ

«ئاللاھ سىلەرنىڭ بەزىڭلارنى بەزىڭلاردىن رىزقتا ئۈستۈن قىلدى. رىزقتا ئۈستۈن قىلىنغانلار رىزقتا باراۋەر بولۇش ئۈچۈن ئۆزلىرىنىڭ رىزقىنى قول ئاستىدىكىلەرگە بەرمەيدۇ. ئەجەبا، ئۇلار ئاللاھنىڭ نېمىتىنى ئىنكار قىلىشامدۇ؟» (نەھل سۈرىسى 71 - ئايەت).

ئىقتىسادىي ھاياتتىكى «ئىش ھەققى» ئۇقۇمى بۇ ئايەتتە ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، ئادەم ئىشلەتكۈچى خوجايىنلار ياكى ئورگانلار ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش - ئەمگەك ھەققىنى لايىقىدا بېرىشى كېرەك. ئىش ھەققى بېرىلگەندە، ئاندىن ياللىغۇچى بىلەن ئىشچى ئوتتۇرىسىدا باراۋەرلىك شەكىللىنىدۇ. ئەمگەك تەننەرخى ئەمگەكچىنىڭ تۇرمۇشىنى قامدىيالايدىغان

سەۋىيىدە بولۇشى كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن، ئاللاھنىڭ نېمىتىگە شۈكۈر قىلغانلىق بولمايدۇ. چۈنكى، ئاللاھ ئۆزىئارا ماسلىشىش، موھتاجلىق بولسۇن ئۈچۈن، «پەرقنى مەن پەيدا قىلدىم، ئەمما بۇ پەرق ئەمگەكنى ئېكسپىلاتاتسىيە قىلىشقا ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك» دەيدۇ. «ھەق» ئۇقۇمىغا ھۆرمەت قىلىش تەڭپۇڭلۇقنى ئورنىتىدۇ. بۇ ھۆرمەتنى يالىغۇچىنىڭ ۋىجدانىغا تاشلاپ قويۇش توغرا بولمىغاچقا، دىن ۋە قانۇن بارلىققا كەلگەن.

### iii. ئىشلىمەيدىغان يوقسۇللارنىڭ ھەققى

ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ «ئىش ـ ئەمگەك ھەققى» بار بولۇپ، بۇ ھەق ـ بەدەل چوقۇم بېرىلىشى، ئادا قىلىنىشى كېرەك. ئەمما، ئىشلىيەلمەيدىغان كىشىلەرنىڭ نامراتلىقى سەۋەبىدىن ئوتتۇرىغا چىققان «ھەققى» مۇ بار.

وَفِي اَمْوَالِهِمْ حَقٌّ لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ

«ئۇلارنىڭ پۇل ـ ماللىرىدا موھتاجلارنىڭ ۋە كەمبەغەللەرنىڭ ھەققى بار» (زارىيات سۈرىسى 19 ـ ئايەت).

وَالَّذِينَ فِي اَمْوَالِهِمْ حَقٌّ مَعْلُومٌ لِلسَّائِلِ وَالْمَحْرُومِ

«ئۇلار ماللىرىدىن تىلەيدىغان پېقىرغا ۋە تىلىمەيدىغان پېقىرغا مۇئەييەن ھەق بېرىدۇ» (مەئارىج سۈرىسى 25 ـ 24 ـ ئايەتلەر).

ھەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن نامراتلىققا پېتىپ قالغان كىشىلەر بولۇشى مۇمكىن. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداش رىزقى كەڭ قىلىنغانلارنىڭ زىممىسىگە ئارتىلغان بولۇپ، ئۇلارنىڭ تىرىكچىلىكىگە ياردەم قىلىش مۆمىن ئۈچۈن تاللاش ئەمەس، بەلكى مەجبۇرىيەتتۇر. ئاللاھنىڭ بۇ مەسىلىدە توختىلىشىدىن

مەزكۇر مەجبۇرىيەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ كەمبەغەللەرنىڭ ھەققىنى بېرىشنى ۋاجىپ دەپ قوبۇل قىلغان ۋە ئۇلارغا يار ـ يۆلەك بولغان كىشىلەرنى ئالىيجاناب خىسلەتكە ئىگە كىشىلەر سۈپىتىدە تونۇشتۇرغان، ئۇلارنى پەزىلەتلىك بولۇشنىڭ ئۈلگىسى سۈپىتىدە بىزگە كۆرسىتىپ بەرگەن. بۇ ئارقىلىق قۇرئان «نامراتلارنىڭ ھەققى»نى دىن ۋە قانۇن جەھەتتىن تەڭشىگەن. چۈنكى، نامراتلارغا تېگىشلىك ھەققىنى بېرىش ئىبادەت بولۇپلا قالماستىن، بەلكى قانۇنىي مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدۇ.

### vi. ئىقتىسادىي ئېشىنچا قىممەت بايلارنىڭ قولىدىكى كۆچكە ئايلىنىپ قالماسلىقى كېرەك

ھەشىر سۈرىسىنىڭ 7 ـ ئايىتىدە، ئاللاھ ئىقتىسادىي ئېشىنچا قىممەتنىڭ قانداق تەقسىملىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگەن بولۇپ، بۇ ئېشىنچا ئىقتىسادىي قىممەتنى ئاللاھقا، پەيغەمبەرگە، تۇغقانلارغا، يېتىملەرگە، موھتاجلارغا، يولدا قالغانلارغا بېرىش كېرەك. بۇ تەقسىماتنىڭ نېمە ئۈچۈن بۇنداق ئۇسۇلدا ئېلىپ بېرىلغانلىقىنىڭ جاۋابى مۇنداق بېرىلگەن:

كَيْ لَا يَكُونَ دُولَةً بَيْنَ الْاَغْنِيَٓاءِ مِنْكُمْۜ

«... بۇ ئېشىنچا قىممەت پەقەت ئاراڭلاردىكى بايلار ئارىسىدا ئايلىنىپ تۇرىدىغان كۆچكە ئايلىنىپ قالماسلىقى ئۈچۈندۇر ...» (ھەشىر سۈرىسى 7 ـ ئايەت).

ئەمگەك قىلالمايدىغان ۋە نامرات بولۇپ قالغانلارنىڭ ھەققى ئۇقۇمى قۇرئان 1400 نەچچە يىل ئىلگىرى ئىنسانىيەتكە سۇنغان

ئىنتايىن مۇھىم ۋە ھەل قىلغۇچ ئۇقۇم ھېسابلىنىدۇ. نامراتلارغا يار ـ يۆلەك بولۇپ، ئۇلارغا ياردەم قىلىشنى زۆرۈر دەپ قارىغان شەخس ۋە جەمئىيەتلەرگە ئىلاھىي رەھىم ـ شەپقەت، ئېھسان ۋە رەھمەت ياغىدۇ.

## 5) تەشكىللىنىش ھوقۇقى

«تەشكىللىنىش ھوقۇقى» ئىجتىمائىي ھەق ـ ھوقۇقلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ ئالدىنقى قاتاردىن ئورۇن ئالىدۇ. قۇرئان كەرىم ئوخشاش بىر كەسىپ، ئوخشاش غايە ۋە ئوخشاش ئېتىقادقا ئىگە كىشىلەرگە ئىجتىمائىي تەرتىپكە زىيان يەتكۈزمىگەن ئاساستا، ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولۇش مەقسىتىدە تەشكىللىنىش ھوقۇقىنى بەرگەن. قۇرئان بىر تەشكىلاتنىڭ زىيانلىق بولماسلىقى ئۈچۈن قايسى ئاساسىي قىممەتلەرنى ئۆزىگە پرىنسىپ قىلىشى كېرەكلىكىنى بايان قىلىش بىلەن بىرگە، بۇ قىممەت قاراشلارنى زۆرۈر دەپ قارايدۇ. بۇ ھەقتىكى ئايەت تۆۋەندىكىچە:

اَنْ تَعْتَدُوا وَتَعَاوَنُوا عَلَى الْبِرِّ وَالتَّقْوٰى وَلَا تَعَاوَنُوا عَلَى الْاِثْمِ وَالْعُدْوَانِ

«... تەقۋادارلىق ۋە ياخشىلىقتا ھەمكارلىشىڭلار، گۇناھ ۋە زۇلۇم ـ دۈشمەنلىشىشكە ياردەملەشمەڭلار ...» (مائىدە سۈرىسى 2 ـ ئايەت).

ئايەت تەشەببۇس قىلغان ۋە رەت قىلغان قىممەت قاراشلار تۆۋەندىكىچە:

**i. ئىجابىي قىممەتلەر ـ ياخشى ئىشلار**

بۇ ئايەت ئالدى بىلەن بىر تەشكىلاتنىڭ قايسى قىممەت قاراشنى ئاساس قىلىشى كېرەكلىكىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ:

1) تەقۋا

تەقۋا ئۇقۇمى «ساقلىنىش، ھەزەر ئەيلەش» مەنىسىنى

بىلدۈرىدۇ. تەقۋا «مەنىۋى ۋە ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ ئىممۇنىتېت سىستېمىسى»نى كۆرسىتىدۇ. بىز بىئولوگىيىلىك قۇرۇلمىمىزنى مىكروبلاردىن قوغدايدىغان سىستېمىنى «ئىممۇنىتېت سىستېمىسى» دەپ ئاتايمىز. كىشىنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى سەلبىي تەسىرلەردىن قوغدايدىغان سىستېما، يەنى «مەنىۋى ئىممۇنىتېت سىستېمىسى» تەقۋا دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇنداقتا، ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى سەلبىي تەسىرلەردىن قوغدايدىغان ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارمۇ تەقۋا دەپ ئاتىلامدۇ؟ بىز ئىجتىمائىي تەشكىلات دەپ ئاتايدىغان تەشكىللىنىشمۇ ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئىممۇنىتېت سىستېمىسى بەرپا قىلىپ، ئۇنى زىيانلىق ۋە ئەخلاقسىز تەشكىلاتلاردىن مۇھاپىزەت قىلىشى كېرەك. تەشكىلات ئىجتىمائىي تۇرمۇشنى بۇزۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى لازىم. تەشكىللىنىش پائالىيىتى ئاقساپ قالغان ۋە ئۆز رولىنى جارى قىلدۇرمىغان ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمىنى ئاكتىپ ھالغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي ھاياتنى تەشكىل قىلغۇچى ھۈجەيرىلەرنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان بۇ تەشكىللىنىش، جەمئىيەتنىڭ ئىجابىي قىممەت قارىشىنى قوغداش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش رولىنى ئويىنىشى كېرەك.

2) ياخشىلىق

بۇ ئايەتتە ھەممىگە قادىر ئاللاھ «ياخشىلىق» نى ئالىي ئىجابىي قىممەت سۈپىتىدە تىلغا ئالغان. تەشكىللىنىش - جامائەتلىشىش ياخشىلىقنى مەقسەت قىلغان ھالدا بولۇشى كېرەك. ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان تەقۋانىڭ ئۇزۇقلۇقى ياخشىلىق بولۇپ، ياخشىلىقنى راۋاجلاندۇرۇش، ئومۇملاشتۇرۇش ۋە ساقلاپ قېلىش غايىسى ئۈچۈن قۇرۇلغان تەشكىلاتنى «ھەق» ئۇقۇمىغا كىرگۈزۈشكە بولىدۇ. ياخشىلىق

ئۇنىۋېرسال قىممەت بولغاچقا، ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىدا نىسپىيلىك مەۋجۇت. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ياخشىلىقنى دەرھال تەسۋىرلەپ بېرەلمەيسىز، نېمىنىڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى بىر قېلىپتا دېيىشمۇ مۇمكىن ئەمەس. ياخشىلىق ھۆججەيرىسىدىكى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتلەر ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ گەۋدىلىك ئېھتىياجىغا ئاساسەن ئوخشىماسلىقى مۇمكىن. ئەمما، ھەممىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئومۇمىي تەدبىرنى بېرىشكە بولىدۇ: شەخس ۋە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق بولغان ھەممە نەرسە ياخشىلىق ئۇقۇمى دائىرىسىغا كىرىدۇ. شۇڭا، ياخشىلىق بىر تەشكىلاتقا، شەخسكە، جەمئىيەتكە ۋە ئىنسانىيەتكە نەپ يەتكۈزىدىغان بىر نەرسىنى مەقسەت قىلغان ۋە ئۇنى ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرغان نىسبەتتە ھەقكە ئايلىنىدۇ. ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ مۇناسىۋەتلىك ئايەتتە ياخشىلىقنى بىرىنچى ئورۇنغا، تەقۋادارلىقنى ئىككىنچى ئورۇنغا قويۇشى ناھايىتى مۇھىم. چۈنكى، ياخشىلىق بولمىغان يەردە تەقۋالىقتىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. جەمئىيەتتە ياخشىلىق ئومۇملاشقانسېرى، ئىجتىمائىي ئىممۇنىتېت سىستېمىسى بولغان تەقۋامۇ ئۆزىنى نامايان قىلىدۇ.

**ii. سەلبىي ھەرىكەت ۋە تۇيغۇلار**

ئاللاھ بىر تەشكىلاتنىڭ قايسى ئاساسقا قۇرۇلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپلا قالماستىن، يەنە قايسى ھېس - تۇيغۇ ۋە ھەرىكەتنى ئاساس قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنىمۇ بايان قىلغان.

1) **گۇناھ**

بىر تەشكىلات جىنايەت ۋە گۇناھ سادىر قىلىش ئۈچۈن قۇرۇلمايدۇ. ئايەتتىكى «ئىسم (اِثْم)» ئۇقۇمى دىنىي مەنىدە «گۇناھ»، لوغەت مەنىدە «جىنايەت»نى بىلدۈرىدۇ. ئاللاھنىڭ

نەزىرىدە «گۇناھ»، قانۇن ئالدىدا «جىنايەت» ھېسابلىنىدىغان ئاساسنى چىقىش قىلىپ تەشكىلات قۇرغىلى بولمىغىنىدەك، بۇنداق تەشكىلات «ھەق (توغرا)» بولۇش سالاھىيىتىگىمۇ ئېرىشەلمەيدۇ. شەخس ۋە جەمئىيەتكە زىيان سالىدىغان ۋە خەلقئارا مۇناسىۋەتلەرگە زىيان يەتكۈزىدىغان ھەر قانداق تەشكىلات «ھەق ـ يوللۇق» بولالمايدۇ. تەشكىللىنىش ـ جامائەتلىشىش دەپ ئاتىلىدىغان ئىجتىمائىي ھوقۇقنى سۇيىئىستېمال قىلىشنى توغرا چۈشىنىش مۇمكىن ئەمەس. 1400 نەچچە يىل ئىلگىرى، ھەممىگە قادىر ئاللاھ جىنايەت پەيدا قىلىدىغان ۋە گۇناھ سادىر قىلىدىغان تەشكىلات قۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى ئىنسانىيەتكە بىلدۈرگەنىدى. كىشىلەر گۇناھ ئەتراپىغا يىغىلسا بولمايدۇ، ھەمدە بۇنداق قىلماسلىقى كېرەك. چۈنكى، ئۇيۇشۇش ھوقۇقىدىن قالايمىقان پايدىلىنىش زۇلۇم ھېسابلىنىدۇ.

2) دۈشمەنلىك

دۈشمەنلىك بىر خىل ھېس ـ تۇيغۇ بولۇپ، ئىككىلەمچى ھېسسىيات بولۇش سۈپىتى بىلەن، زوراۋانلىق تۇيغۇسىدىن مەيدانغا كەلگەن. جەمئىيەتكە دۈشمەنلىك ئۇرۇقىنى چېچىش ۋە تەشكىلاتلار ئارىسىدا دۈشمەنلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلىش ئۈچۈن تەشكىلات قۇرۇلمايدۇ. جەمئىيەتنى تۇتۇپ تۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئىجتىمائىي ئورگانلار ھەر قانداق بىر تەشكىلاتنىڭ بۇزغۇنچىلىق ۋە ئاجىزلاشتۇرۇش ھۇجۇمىغا نىشان بولماسلىقى كېرەك. ھەر قانداق تەشكىلات بۇنداق پائالىيەتلەر ئۈچۈن تەشكىللىنىش ھوقۇقىدىن پايدىلانغانلىقىنى باھانە قىلىپ كۆرسىتەلمەيدۇ. چۈنكى، يۇقىرىدا تەرجىمىسى بېرىلگەن ئايەت گۇناھ ۋە دۈشمەنلىك ھەققىدە ھەمكارلىقنىڭ بولمايدىغانلىقىنى روشەن كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىر جەمئىيەتتە قانۇن، مائارىپ، ئارمىيە ۋە پارتىيە ئاپپاراتلىرى ھەممىشە ياخشىلىق، گۈزەللىك ۋە ھەقىقەتنى تەرغىب قىلىشى كېرەك. ئۇلارنىڭ ئارىسىدا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى تېرىش توغرا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇ ئاپپاراتلار دېموكراتىك ھايات ئۈچۈن زۆرۈر. جەمئىيەتتە تەپرىقىچىلىك، بۇزغۇنچىلىق ۋە ئاداۋەت تۇيغۇسىنى تارقىتىش ئارقىلىق كۈرەش قىلىدىغان تەشكىلاتنى قۇرۇشقا بولمايدۇ. پەقەت جاھالەت قاراڭغۇلۇقىدا جان تالىشىۋاتقان كىشىلەرلا بۇ خىل تەشكىلاتلارنى قۇرالايدۇ. «ياشاش ئۈچۈن چوقۇم ئۆلتۈرۈش كېرەك» دېگەن قاراش بىر تەشكىلاتنىڭ قۇرۇلۇش ئاساسى بولالمايدۇ. جەمئىيەتكە گۈزەل ئەخلاق ۋە ئالىيجانابلىق ئېلىپ كېلىش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەرلا تەشكىللىنىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيدۇ.

ئايەتتىكى «ياخشىلىق (بِرّ)» ئۇقۇمى گۇناھنىڭ، تەقۋا بولسا دۈشمەنلىكنىڭ زىتى بولۇپ، ئىجتىمائىي بەختكە ئېرىشىشنىڭ يولى ياخشى ۋە تەقۋا دەپ ئاتىلىدىغان ئىممۇنىتېت سىستېمىسى ئۈستىگە قۇرۇلغان ئىجتىمائىي ئاپپاراتلارغا تۇتىشىدۇ. گۇناھ ۋە دۈشمەنلىكنى ئاساس قىلغان تەشكىلاتلار ئىنسانىيەتكە ئازاب ھەم مۇسىبەتتىن باشقا بىر نەرسە ئېلىپ كەلمەيدۇ.

## 6) جامائەت ھوقۇقى

كىشىنىڭ ئۆزى تۇغۇلغان جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيىتى بويىچە تەربىيىلىنىشى ھەققەت. كىشى ئۆزى تۇغۇلغان جەمئىيەت ئارقىلىق نۇرغۇن قىممەت قاراشلارغا ئىگە بولىدۇ. تىل، دىن، ئەخلاق قائىدىسى ۋە ئۆرپ - ئادەتلەر ئۇنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرىدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلىنى بەلگىلەيدۇ. مائارىپنى جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن ئىزاھلىغاندا، ئۇنىڭ بۇ شەكىللەرنى ئاساس قىلغانلىقىنى كۆرىمىز. بىز مائارىپنى ئەجدادلارنىڭ مەدەنىيىتىنى ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈش پائالىيىتى دەپ ئاتايمىز. بۇ ئېنىقلىما جەمئىيەتشۇناسلىق نۇقتىسىدىن بېرىلگەن ئۇنىۋېرسال ئىزاھات بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېمەك، ئانا تۇغىدۇ، جەمئىيەت ئۇنى شەكىللەندۈرىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ئۆزى ئوقۇتقۇچى بولغاچقا، ئۇ ئىنسان ئەۋلادىنىڭ مەدەنىيەت تەقدىرىنى بەلگىلەيدۇ. جەمئىيەت ئۇنىڭ قايسى تىلدا سۆزلىشىدىغانلىقىنى، قايسى ئېتىقاد سىستېمىسىنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، ئەخلاق قائىدىسىنىڭ قايسى ئەنئەنە ۋە قىممەت قاراشنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنى بەلگىلەيدۇ. شۇڭلاشقا جەمئىيەتنىڭ رولى ئانىغا ئوخشاش مۇھىم بولۇپلا قالماي، يەنە بەزىدە ئۇنىڭدىن ئۈستۈن تۇرىدۇ. بالا تۇغۇلغانغا قەدەر ئانا، مەكتەپ يېشىغىچە ئائىلە، مەكتەپ يېشىدىن كېيىنكى مەكتەپ ۋە جەمئىيەتنىڭ رولى ئاساسى ئورۇندا تۇرىدۇ.

ئاتا - ئانىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقى ئۇلارنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغان ئەجىر - ئەمگەكلىرىدىن كەلگەنگە ئوخشاش، جەمئىيەتنىڭ

ھوقۇقىمۇ ئۇنىڭ بىزگە بەرگەنلىرىدىن كېلىدۇ. دېمەك، ھەق - ھوقۇق، بەخش ئەتكەن ئەجىر - خىزمەتتىن كېلىپ چىقىدۇ. ئەمگەك بولمىغان يەردە ھەق - ھوقۇق ئىزدەش خاتا. كەمبەغەل ۋە يېتىم بالىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقى ھەممىگە قادىر ئاللاھنىڭ بىزگە بەرگەن نېمەتلىرىدىن كەلگەن. ئەمدى، بىزگە كۆپ ئەجىر سىڭدۈرگەن جەمئىيەتنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەق - ھوقۇقى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

### i. دۆلەتنىڭ قوغدىنىش ھەق - ھوقۇقى

مەلۇم بولغىنىدەك، بىز «مىللەتنىڭ تەشكىللەنگەن ھالىتى»نى «دۆلەت» دەپ ئاتايمىز. بايرىقى، تۇپرىقى ۋە مۇستەقىل ئىجتىمائىي ئورگانلىرى ئارقىلىق دۆلەت بىزنى قول بولۇشتىن قوغدايدۇ. بىزنى باشقا دۆلەتلەرنىڭ تاجاۋۇزىدىن قوغدايدىغان ۋە بىزنىڭ مەدەنىيەت، شان - شەرەپ ھەم ئىقتىسادىي مۇستەقىللىقىمىزغا كاپالەتلىك قىلىدىغان قورۇلما - دۆلەتنىڭ ئۈستىمىزدە ھەققى بار. كۆپىنچە كىشىلەر دۆلەت بىلەن ھۆكۈمەت ئۇقۇمىنى پەرقلەندۈرەلمىگەچكە، ئۇلار ھۆكۈمەتنى تەنقىد قىلىشنىڭ ئورنىغا دۆلەتنى تەنقىدلەيدۇ. دۆلەت قانۇنلۇق ئاپپارات بولۇپ، ئۇ دىندار ياكى دىنسىز بولمايدۇ. چۈنكى، قانۇنىي ئاپپاراتلارنىڭ ئېتىقادىدىن ئېغىز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. دۆلەت گويا سايىۋەنگە ئوخشايدىغان بولۇپ، ھەر قانداق ئەقىدە ئۇنىڭ ئالدىدا باراۋەر بولىدۇ. ئۇنىڭ ۋەزىپىسى بىر ئەقىدىنى ھىمايە قىلىپ، يەنە بىرسىنى چەتكە قېقىش، باستۇرۇش ئەمەس، بەلكى مەلۇم مەدەنىيەت ۋە ئېتىقاد گۇرۇپپىلىرى ئارىسىدا توقۇنۇش چىقىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ھەمدە ھەر بىر كىشىنىڭ ئۆز ساھەسىدىن چەتنىمىگەن ھالدا، مەقسەتكە مۇۋاپىق خىزمەت قىلىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. دۆلەت بۇ

خىزمەتلەرنى ئىجرا قىلغانلىقتىن، ئۇ تەمىنلىگەن مۇلازىمەتنىڭ بەدىلى سۈپىتىدە ئۈستىمىزدە ھەققى شەكىللىنىدۇ، يەنى بىز ئۇنىڭغا قەرزدار بولىمىز. بۇ قەرزلەرنىڭ ئەڭ مۇھىمى ئىتائەت قىلىش مەجبۇرىيىتىدۇر.

ئەلۋەتتە، ئىتائەت قىلىشنىڭمۇ تەرتىپى بار. ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۇ تەرتىپنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلغان:

يَٓا اَيُّهَا الَّذٖينَ اٰمَنُٓوا اَطٖيعُوا اللّٰهَ وَاَطٖيعُوا الرَّسُولَ وَاُو۬لِي الْاَمْرِ مِنْكُمْ

«ئى مۆمىنلەر! ئاللاھقا، ئاللاھنىڭ ئەلچىسىگە ۋە ئىش ئۈستىدىكى ئەمىر - دۆلەتكە ئىتائەت قىلىڭلار» (نىسا سۈرىسى 59 - ئايەت).

بۇ ئايەتتە ئۈچىنچى ئورۇندا تۇرغان ۋە بىز «دۆلەت» دەپ ئىزاھلىغان «ئۇلۇل ئەمر (اُو۬لِي الْاَمْرِ)» ئىبارىسى «سىزلەردىن بولغان ھوقۇقدارلار» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭغا قىسقا ۋە چۈشىنىشلىك مەنىنى بەرسەك، «سىلەرنىڭ دۆلىتىڭلار» دېيىشكە بولىدۇ.

دېمەك، دىن ساھەسىدىكى ئىتائەت ئۇقۇمى ئاللاھ، پەيغەمبەر ۋە دۆلەتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ ئارقىلىق، ئاللاھ دۆلەتكە ئىتائەت قىلىشنى مەجبۇرىيەت دەپ قوبۇل قىلغان بولۇپ، قۇرئاندا ئۇنىڭغا ھۆكۈم سۈپىتىدە ئورۇن بەرگەن. باشقا ئايەتلەردە بولسا، باشقا ئورگانلارمۇ ئىتائەت ئۇقۇمى دائىرىسىگە كىرىدۇ. ئەمما، قۇرئاننىڭ دۆلەتكە بويسۇنۇشنى قانداق شەكىلدە بەلگىلىگەنلىكىنى ئېنىقلاپ چىقىش بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم.

«دۆلەتكە بويسۇنۇش» ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەت بولۇپلا قالماي، يەنە دىنىي مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئىتائەت ئۇقۇمى يەنە تۆۋەندىكىلەرنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ:

دۆلەتنىڭ ئۆگزىسىدىن بىر چىمدىم توپا، تېمىدىن بىر پۇچۇق خىش ئېلىشقا بولمايدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ ئۇلىغا ئورا كولاشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. چۈنكى، دۆلەت گۇمران بولسا، مىللەتمۇ ھالاك بولىدۇ. مىللەتنىڭ بارلىق دىنىي ۋە مەدەنىيەت قىممەت قارىشى دۆلەتكە تايىنىپ ساقلىنىپ قالىدۇ، تەرەققىي قىلىدۇ ھەم گۈللىنىدۇ.

### ii. جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىنى قوغداش مەجبۇرىيىتى

جەمئىيەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىنى ۋە قىممەت قارىشىنى قوغداش شەخسلەرنىڭ ئۈستىدىكى مەجبۇرىيەت بولغاچقا، جەمئىيەت ھۆرمەتلەيدىغان قىممەت قاراشلارنى دەپسەندە قىلماسلىق ۋە ئۇلارنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشىش شەخسلەرنىڭ مەجبۇرىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، جەمئىيەتنى بۇ مۇلازىمەت بىلەن تەمىنلەيدىغان شەخسلەر دۆلەتنىڭ ئۇلار ئۈستىدىكى ھەققىنىمۇ ئادا قىلغان بولىدۇ:

... وَلَا تَقْرَبُوا الْفَوَاحِشَ مَا ظَهَرَ مِنْهَا وَمَا بَطَنَ ...

«... زىناغا، يەنى ئاشكارا ياكى يوشۇرۇن يامان ئىشلارغا يېقىن كەلمەڭلار...» (ئەنئام سۈرىسى 151 ـ ئايەت).

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئەخلاق قۇرۇلمىسىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، يوشۇرۇن ياكى ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر قانداق جىنسىي ئەخلاقسىزلىقنى چەكلىگەن. مەخپىي ۋە ئوچۇق ـ ئاشكارا ھالدا ئېلىپ بېرىلىدىغان ھەر قانداق يامانلىق، زىنانى چەكلىشىنىڭ ئاللاھنىڭ ئۆزىگە ھېچقانداق پايدىسى يوق بولۇپ، ئۇنىڭ پايدىسى شەخس ۋە جەمئىيەتكە بولىدۇ. چۈنكى، شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقى دۆلەتنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

جەمئىيەت بىزگە بەرگەن، بەخش ئەتكەن ۋە بىزگە تەمىنلىگەنلەرنىڭ بەدىلىگە ئەخلاقنى قوغداش مەجبۇرىيىتىنى زىممىمىزگە يۈكلەيدۇ. زىنا جەمئىيەتنىڭ جان تومۇرىغا زەربە بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇ جەمئىيەتنىڭ ئۆلىغا كولانغان ئورا ھېسابلىنىدۇ. تارىختىكى جەمئىيەتلەرنى گۇمران قىلىۋەتكەن تەھدىت - خەتەرلەر ئارىسىدا زۇلۇم ۋە ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەڭ ئالدىنقى ئورۇندا تۇرىدىغانلىقى بىزگە مەلۇم.

ياخشىلىقنىڭ جەمئىيەتتە تەرەققىي قىلىشى، ئومۇملىششى ۋە يىلتىز تارتىشى ئۈچۈن، يامانلىقتىن يىراق تۇرۇش كېرەك. جەمئىيەتنىڭ پاراۋانلىقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش، ئۇنىڭ روھى - جېنى ھېسابلىنىدىغان مىللىي ۋە مەنىۋى قىممەت قاراشلارنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنى كېسەل - مېيىپ قىلىدىغان بۇزغۇنچىلىق ھەرىكەتلىرىدىن ساقلىنىش، بىز تۇغۇلغان ۋە ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئايەتتىكى «يېقىن كەلمەڭلار» ئىپادىسى جەمئىيەتنىڭ ئەخلاقىي قىممەت قارىشىغا خىلاپلىق قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھەتتا ئۇلارغا ناچار ئۇسۇل بىلەن مۇئامىلە قىلىشنىڭمۇ توغرا ئەمەسلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بىز ئىلىم - پەن، ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە جىنسىي ئەخلاقنى بۇ دائىرىگە كىرگۈزگەن ۋاقتىمىزدا، ئىجتىمائىي مەجبۇرىيەتنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە كېڭىيىدىغانلىقىنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنەلەيمىز.

تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىك جەمئىيەتنىڭ جېنى بولسا، ئادالەت تىنچلىق ۋە بىخەتەرلىكنى جانغا ئايلاندۇرۇپ، جەمئىيەتكە ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ. تۆۋەندە، بىز بۇ قىممەتلەر ھەققىدە تەرتىپ بىلەن توختىلىپ ئۆتىمىز.

1) تىنچلىق

تىنچلىق ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ تەبىئىي ھەق ـ ھوقۇقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. بارلىق قىممەت قارىشى ۋە تەربىيىسى بىلەن بىز ئۈچۈن بۆشۈككە ئوخشايدىغان جەمئىيەت بىزدىن تىنچلىقنى بەرپا قىلىشىمىزنى، ئۇنى بۇزماسلىقىمىزنى كۈتىدۇ. تىنچلىق تەرەپدارى بولمىغان شەخسلەرنىڭ جەمئىيەتكە ئېغىر زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ھەقىقەتتۇر. چۈنكى، شەيتانغا ئەگەشكەن ۋە ئۇنىڭغا چوقۇنغۇچىلاردىن شەيتان تەلەپ قىلىدىغان قۇربانلىق ئىجتىمائىي تىنچلىقنى بۇزۇش بولۇپ، ئاللاھ «تىنچلىق» ۋە «شەيتان» ئۇقۇمىنى قۇرئاندا ئوخشاش بىر ئايەتتە تىلغا ئالغان. بۇ ئايەت مۇنداق:

يَٓا اَيُّهَا الَّذ۪ينَ اٰمَنُوا ادْخُلُوا فِي السِّلْمِ كَٓافَّةً وَلَا تَتَّبِعُوا خُطُوَاتِ الشَّيْطَانِؕ اِنَّهُ لَكُمْ عَدُوٌّ مُب۪ينٌ

«ئى مۆمىنلەر! ھەممىڭلار ئىسلامغا ـ تىنچلىققا بىرلىكتە كىرىڭلار. شەيتانغا ئەگەشمەڭلار، چۈنكى ئۇ سىلەرگە ھەقىقەتەن ئاشكارا دۈشمەندۇر» (بەقەرە سۈرىسى 208 ـ ئايەت).

تىنچلىق تەرەپدارى بولۇش ئاللاھنىڭ ئەمرى بولۇپ، ئاللاھنىڭ ئەمرىنى ئورۇنداشمۇ ئىبادەت ھېسابلىنىدۇ. ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر ئىبادەتنىڭ ئەجرىگە ساۋاب بېرىلىدۇ. تىنچلىق تەرەپدارى بولۇش شەيتانغا ئەگىشىشنىڭ ئالدىنى ئالغاچقا، ئاللاھ ئالدى بىلەن تىنچلىققا بۇيرۇپ، ئاندىن شەيتانغا ئەگىشىشتىن توسقان. دېمەك، تىنچلىقنى تەرك قىلغۇچىلار شەيتانغا ئەگەشكەن بولىدۇ. ئىجتىمائىي تىنچلىققا توسقۇنلۇق قىلىدىغان، تىنچلىق ئابىدىسىنىڭ تاشلىرىنى قومۇرۇشقا ئۇرۇنغان، تىنچلىق بۇلىقىدىن ئىچىشنى خالىمايدىغان كىشىلەر شەيتاننىڭ چاكارلىرى بولۇپ، شەيتان ئۆزىنى ئىلاھ سۈپىتىدە ئىنسانغا كۆرسەتكەندە، تەبىئىي

ھالدا ئىنساندىن قۇربانلىق قىلىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شەيتان تەلەپ قىلغان قۇربانلىق بولسا، تىنچلىقنىڭ جان تومۇرىنى كېسىپ تاشلاشتۇر.

شەيتان تىنچلىقنى قۇربانلىق سۈپىتىدە تەلەپ قىلغاندا، دۈشمەنلىك ھېسسىياتى ئەركىن ھەرىكەت قىلالايدىغان كەڭ ئىجتىمائىي بوشلۇقنى قولغا كەلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. چۈنكى، دۈشمەنلىكنىڭ، يەنى زوراۋانلىق تۇيغۇسىنىڭ ئەڭ ئەشەددىي دۈشمىنى تىنچلىقتىن ئىبارەت. ئىجتىمائىي تىنچلىق ئىنسانلارنىڭ پسىخولوگىيىسىدە بار بولغان زوراۋانلىق تۇيغۇسىنى ئەڭ ياخشى باستۇرىدىغان ۋە تىزگىنلەيدىغان كۈچ بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شەيتان پەقەت بۇ كۈچنى قۇربان قىلغاندىلا، ئاندىن ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ئىلاھلىقىنى قوبۇل قىلدۇرالايدۇ، شۇنداقلا ئۇنىڭ ئىرادىسىنى كونترول قىلىدۇ. شەيتان ئالدى بىلەن ئادەمنىڭ ئىچكى دۇنياسىدىكى ئەقىل، قەلب ۋە نەپس ئوتتۇرىسىدىكى پسىخولوگىيىلىك تىنچلىقنى ئۆلتۈرۈشنى مەقسەت قىلىدۇ. خۇددى ھەزرىتى ھەمزىنىڭ ئىچكى ئەزالىرىنى يەپ، قېنىنى شورىغان ھىندىغا ئوخشاش ئەقىل، قەلب ۋە نەپسنىڭ مەنىۋى پايتەختىدىكى تىنچلىقنىڭ قېنىنى سۈمۈرۈپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشقا ئۇرۇنغان شەيتان، بۇ قۇربانلار ئارقىلىق ئەڭ چوڭ ئۇتۇقنى قولغا كەلتۈرىدۇ.

دېمەك، شەيتانغا چوقۇنۇش بىلەن تىنچلىق ئورنىتىشنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى مەۋجۇت. شەيتانغا خىزمەت قىلىدىغانلارنىڭ ئىبادەتخانىسىدا تىنچلىق مەۋجۇت ئەمەس بولۇپ، دۈشمەنلىك تۇيغۇسى شەيتاننىڭ ئىبادەتخانىسى ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر ئارىسىدا ئاداۋەت ئۇرۇقىنى چاچىدىغان ۋە تەپرىقىچىلىق پەيدا قىلىدىغانلار ئەمەلىيەتتە، شەيتانغا ئىبادەت قىلغان بولىدۇ.

تارىختىن مەلۇمكى، جەمئىيەتنىڭ تىنچلىقنى بۇزىدىغانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى كىچىك، ئەمما ئىنسانىيەتنىڭ، يەنى خەلقئارا تىنچلىقنى بۇزىدىغانلارنىڭ ئىبادەتخانىسى غايەت چوڭ بولىدۇ. شەيتاننىڭ ئىبادەتخانىسىنىڭ ئىشىكىگە مۇنداق جۈملە يېزىلغان: تىنچلىقنى قۇربانلىق قىلمىغانلار بۇ ئىشىكتىن كىرەلمەيدۇ. شەيتانغا چوقۇنغۇچىلارنىڭ كىم ئىكەنلىكى ئېنىق بولۇپ، ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقىنىڭ ئاساسى بولغان تىنچلىقنى قۇربان قىلغۇچىلار شەيتانغا چوقۇنغۇچىلار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

**2) ئىشەنچ**

تىنچلىق بولغان يەردە ئىشەنچ بولىدۇ. باشقىچە ئېيتقاندا، تىنچلىقنىڭ ئۆزى ئىشەنچ پەيدا قىلىدۇ ۋە ئۇنى كۈچەيتىدۇ. شۇڭا، ئىشەنچمۇ خۇددى تىنچلىققا ئوخشاشلا جەمئىيەتنىڭ ھەق - ھوقۇقلىرىدىن بىرى ھېسابلىنىدۇ. جەمئىيەتنىڭ ياكى جەمئىيەتلەر ئارا مۇناسىۋەتلەردىكى ئىشەنچكە بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغانلار جەمئىيەتنىڭ ۋە ئىنسانىيەتنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان بولىدۇ.

جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتنىڭ خۇشاللىقى تىنچلىق ۋە ئىشەنچ دەپ ئاتىلىدىغان قوش ئەمچەكتىن ئېمىلگەن سۈت بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئانا سۈتى بالىغا جىسمانىي جەھەتتىن، يەنى ساغلاملىق ۋە ئۇزۇقلۇق جەھەتتىن نېمىلەرنى ئاتا قىلغان بولسا، تىنچلىق ۋە ئىشەنچمۇ جەمئىيەت ۋە ئىنسانىيەتكە ئوخشاش نەرسىنى بەخش ئېتىدۇ. ئالدى بىلەن، تىنچلىق كۆكسىدىن ئىشەنچ دەپ ئاتىلىدىغان قىز سۈت ئېمىپ چوڭ بولىدۇ. ئاندىن كېيىن، بۇ قىز ھەر ئىككىلىسى جەمئىيەتنىڭ ھەققى بولغان بەخت سۈتىنى ئۆز كۆكسىدىن ئىنسانىيەتنى ئېمىتىدۇ. دېمەك، تىنچلىق ۋە ئىشەنچ مەۋجۇت بولمىغان جەمئىيەتلەر ئانىسىدىن

ئايرىلىپ يېتىم قالغانلار قاتارىدا يېتىم ھېسابلىنىدۇ. مەلۇمكى، يېتىمنىڭ ھەققى ئىنتايىن ئېغىر بولىدۇ.

تىنچلىق؛ ساپالىق ۋە مەدەنىيەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشى بولۇپ، «تىنچلىقنى قانداق ئۇسۇلدا، نېمە بىلەن بەرپا قىلىمىز؟» دەپ سورىغۇچىلارغا بىز مۇنداق جاۋابنى بېرەلەيمىز: ئەقلىنى ئىشلىتىپ تەپەككۇر قىلىش، بىلىمگە ساھىب، ھارارەتلىك ئىمانغا ئىگە بولۇش ۋە كىشىلەرنى ھۆرمەتلەش پەزىلىتىگە يېتىش ئارقىلىق تىنچلىقنى بەرپا قىلغىلى بولىدۇ.

ئىنسانىي سۆيۈش. نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭ بىلەن ئورتاقلىشىش ۋە ئۇنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىش، «تىنچلىق» دەپ ئاتىلىدىغان قىممەتنىڭ ئاساسى. مۇھەببەتتىن، ھۆرمەتتىن ۋە بىلىمدىن يوقسۇل تىنچلىق، پەقەت مەجبۇرىي شەكىلدە ۋۇجۇدقا چىقىرىلغان ئۆتكۈنچى ۋىسالغا ئوخشايدۇ. يەنى، ئۇ قۇرۇق ئېمىزگۈنى ئېمىشتىن باشقا نەرسە ئەمەس، خالاس.

شەيتان ئىنساننىڭ دۈشمەنلىك تۇيغۇسىنى ئويغاتقاندا، كىشىلەرنى تەپرىقچىلىك ئەمچىكىدىن ئەمدۈرۈپ ئۇلارنى سەمرىتىدۇ. ئاندىن بودالغان بۇ چاكارلىرىنى تىنچلىقنى ئۆلتۈرۈشكە بۇيرۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپ، ئىشەنچىمۇ قۇربانلىق قىلىدۇ. ئەگەر بىز تەلىم - تەربىيە خىزمىتى ئارقىلىق تىنچلىق ۋە ئۆزئارا ئىشەنچنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشقا مۇۋەپپەق بولالىساق، ئۇ چاغدا شەيتاننىڭ ئەمچىكىنى قۇرۇتىۋەتكەن بولىمىز. نۆۋەتتە، جەمئىيىتىمىز ۋە ئىنسانىيەت تىنچلىق ۋە ئىشەنچكە تەشنا بولۇپ، ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتمەكتە، ئۇنىڭ يولىغا زور ئۈمىد بىلەن قارىماقتا.

بىز مىللەتنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىپ تۇرىدىغان دۆلەتنى قوغداشنى، ئاممىۋى ئەخلاقىي قىممەت قاراشلارنى مۇھاپىزەت قىلىشنى، شۇنداقلا تىنچلىق ۋە ئىشەنچكە زىيان يەتكۈزمەسلىكنى جەمئىيەتنىڭ ھەققى قاتارىدىن ھېسابلىدۇق. ئەمدى، بىز جەمئىيەتنىڭ ئۈستىمىزدىكى باشقا ھەقلىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتەيلى.

### iii. ھەقىقەتنى ئالدىماسلىق

«ئالدىماسلىق» ئۇقۇمىدىن مەقسەت، خەلق ئاممىسىغا ھەقىقەتنى سۆزلەش. ئۇنداقتا، ئاممىغا ھەقىقەتنى سۆزلەشنىڭ مەنىسى نېمە؟ تۆۋەندە، بىز بۇنىڭغا بىر قانچە جەھەتتىن جاۋاب بېرىمىز.

**1) ئادالەتنى ئالدىماسلىق**

وَاِذَا قُلْتُمْ فَاعْدِلُوا وَلَوْ كَانَ ذَا قُرْبٰى

«... سۆز قىلغان ۋاقتىڭلاردا، تۇغقانلىرىڭلار بولسىمۇ ئادىل بولۇڭلار ...» (ئەنئام سۈرىسى 152 ـ ئايەت).

گەرچە تۇغقانلىرى بولغان تەقدىردىمۇ، گۇۋاھلىق بەرگەندە ياكى باشقىلارغا ئېيتىپ بەرگەندە ئادىل بولۇش ئەڭ چوڭ پەزىلەت ھېسابلىنىدۇ. ئاللاھ بۇ پەرمان ئارقىلىق، قەبىلە مەدەنىيىتىنى ئاساس قىلغان ئەرەب جەمئىيىتىنى زامانىۋى جەمئىيەتكە ئايلاندۇرۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. گەرچە جىنايەتچى تۇغقىنى بولسىمۇ، قانۇننى، يەنى ئادالەتنى ئالدىماسلىق ئۈچۈن ھەقىقەتنى ئېيتىپ ئادالەت تەرەپدارى بولغان كىشى پەزىلەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يەتكەن بولىدۇ. مانا مۇشۇنداق شەخسلەر ئۆز جەمئىيەتلىرىنى ئېپتىدائىيلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ قالىدۇ:

يَـٰٓا اَيُّهَـا الَّذِينَ اٰمَنُوا كُونُوا قَوَّامِينَ بِالْقِسْـطِ شُـهَدَٓاءَ لِلّٰهِ وَلَـوْ عَلٰٓى اَنْفُسِـكُمْ اَوِ الْوَالِدَيْنِ وَالْاَقْرَبِينَ اِنْ يَكُـنْ غَنِيـاًّ اَوْ فَقِـيراً فَاللّٰـهُ اَوْلٰى بِهِـمَا فَـلَا تَتَّبِعُـوا الْهَـوٰٓى اَنْ تَعْدِلُوا وَاِنْ تَلْـوُٓا اَوْ تُعْرِضُـوا فَاِنَّ اللّٰهَ كَانَ بِمَـا تَعْمَلُونَ خَبِيراً

«ئـى مۆمىنلـەر! ئاللاھ ئۈچۈن گۇۋاھلىق بېرىشـتە، ئۆزۈڭلارنىڭ ياكـى ئاتـا ـ ئاناڭلارنىـڭ ۋە ياكـى تۇغقانلىرىڭلارنىـڭ زىيىنىغا بولغـان تەقدىردىمۇ، ئادالەتنى بەرپا قىلغۇچىلاردىن بولۇڭلار. باي بولسۇن ياكى پېقىر بولسۇن، ھامان ئادىل بولۇڭلار. بىلىڭلاركى، ئاللاھ ئۇلارغا سىلەردىن يېقىن. نەپسـى ـ خاھىشىڭلارغا ئەگىشىپ ئادالەتتىـن بۇرۇلۇپ كەتمەڭلار. ئەگـەر تىلىڭلارنـى تولغىساڭلار ياكـى گۇۋاھلىقتىـن بـاش تارتساڭلار، مۇنداقتا، ئاللاھ ھەقىقەتەن سـىلەرنىڭ قىلمىشـىڭلاردىن خـەۋەردار بولـۇپ تۇرىـدۇ» (نىسا سۈرىسـى 135 ـ ئايـەت).

ئۆزىنىـڭ، ئاتـا ـ ئانىسـىنىڭ، تۇغقانلىرىنىـڭ، بـاي ياكـى كەمبەغەلنىـڭ زىيىنىغا بولسـىمۇ ھـەق ـ ئادالەتنى ئېيتىش، قانۇن بايرىقىنـى قوغـداش دېگەنلىـك بولىدۇ. چۈنكى، قانۇننى ئالداشقا ئۇرۇنۇش جەمئىيەتنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغا دەخلى ـ تەرۇز قىلىشتىن باشقا نەرسـە ئەمـەس. ھېسسـىياتىغا بېرىلىـپ ئادالەتتىـن چەتنەپ كەتكەنلـەر ياكـى ھەقىقەتنـى بىلىـپ تـۇرۇپ ئۇنـى ئېيتمىغانـلار ھـەق ـ ھوقۇقنـى دەپسـەندە قىلغۇچـىلار بولـۇپ ھېسابلىنىدۇ. ھـەق ـ ھوقۇقنـى دەپسـەندە قىلىـپ، قانۇننـى قايمۇقتۇرىدىغانلار ئەمەلىيەتتـە، جەمئىيەتنىـڭ تېمىدىن خۇشـاللىق، قېرىنداشـلىق ۋە پاراۋانلىق كېسـكىنى قومۇرۇپ تاشـلىغان بولىدۇ. ئېنىقكى، بۇنداق قىلغانـلار ئاللاھ ۋە ئىنسـانىيەت ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ. تېگىدىن ئالغانـدا، ئادالـەت بايرىقىنىـڭ جـەۋلان قىلىشـىغا توسـقۇنلۇق قىلغـان بـۇ كىشـىلەر مىللەتنىـڭ مۇسـتەقىللىقىنى زەخىملەندۈرۈش ۋە ئۇنـى ئۆلۈمگـە ئىتتىرىـش جىنايىتىنـى سـادىر قىلغـان بولىـدۇ.

مانا بۇلار جەمئىيەتنى زۇلمەتكە ئىتتىرىدىغان، ئىپتىدائىيلىقنى تىرىلدۈرىدىغان قارا نىيەت كىشىلەر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

2) ئەقىل ۋە قەلبنى بۇزىماسلىق

يېزىلغان كىتاب، ئېلان قىلىنغان ماقالە ۋە ئاممىغا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن يەتكۈزۈلگەن ئۇچۇرلار كىشىلەرنىڭ ئىدىيەسىنى ۋە قەلبىنى قايمۇقتۇرۇپ ھەقىقەتتىن يىراقلاشتۇرماسلىقى ياكى ئۇلارنى يالغان ئۇچۇرلار بىلەن تولدۇرماسلىقى كېرەك. ئەڭ چوڭ بۇلغىنىش؛ ئىنسانلارنىڭ ئەقلى ۋە قەلبىنى ناتوغرا ئۇچۇرلار بىلەن تولدۇرۇش بولۇپ، ئەقىل ۋە قەلبنىڭ بۇلغىنىشى پۈتكۈل ئىجتىمائىي ۋە جىسمانىي مۇھىتنى بۇلغايدۇ. دوختۇر بىمارغا ئېھتىياجلىق بولغان دورىلارنى بېرىدۇ ھەم بېرىشى كېرەك بولغىنىدەك، كىشىلەر قەلبمۇ گۈزەللىككە، ھەقىقەتكە ۋە ياخشىلىققا موھتاج بولىدۇ. شۇڭلاشقا، جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي، گۈزەل ۋە ياخشىدىن خەۋەردار بولۇش ھوقۇقى بار. ئوقۇتقۇچىلار، دىنىي ئۆلىمالار، يازغۇچىلار ۋە ئالىملار كىشىلەرگە توغرا بولغاننى ئۆگىتىشى زۆرۈر. چۈنكى، توغرىنىڭ ئورنىغا خاتانى، ھەقىقەتنىڭ ئورنىغا سەپسەتىنى ئۆگىتىش بىر جەمئىيەتكە ۋە بىر خەلققە قىلىنغان ئەڭ چوڭ زۇلۇم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئەنئام سۈرىسىنىڭ 93 ـ ئايىتىگە ئاساسلانغاندا، كىشىلەرگە خاتانى ئۆگىتىش ياكى دىن نامىدا خاتا پەتىۋا بېرىش ئەڭ چوڭ زۇلۇم بولىدۇ. نەھل سۈرىسىنىڭ 116 ـ ئايىتىگە ئاساسلانغاندا، بۇنداق قىلغۇچىلار نىجاتلىققا ئېرىشەلمەيدۇ. دىنىي ئۆلىمالارنىڭ كىشىلەرگە خۇراپاتنى، ناتوغرىنى، شۇنداقلا دىن بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق نەرسىلەرنى دىن دەپ ئۆگىتىشى ئەڭ چوڭ زۇلۇم ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى، ئۇلار بۇ قىلمىشى ئارقىلىق دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى ئۆگىنىش ھوقۇقى بار كىشىلەرنىڭ ئەقلى

ۋە قەلبىنى قايمۇقتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغان بولىدۇ.

ئوقۇتقۇچىلار ياش - ئۆسمۈرلەرگە ئۆزىنىڭ ئىدېئولوگىيىسىنى سىڭدۈرۈشىنىڭ ئورنىغا، ئۇلارغا توغرا بولغان ئىلمىي بىلىملەرنى ئۆگىتىشى ۋە ناتوغرا ئۇچۇرلار بىلەن ياش - ئۆسمۈرلەرنىڭ يۇمران زېھنىنى بۇلغىماسلىقى كېرەك. ئۇلارغا ناتوغرا ئۇچۇر - مەلۇماتلارنى يەتكۈزۈش ئۇلارنىڭ ئەقلى ۋە قەلبىنى ئۆلتۈرگەنلىك بولۇپلا قالماي، يەنە ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلغانلىق بولىدۇ. سىياسەت نامىدا خەلققە يالغان سۆزلەش ئۇلارنىڭ سىياسىي مايىللىقىنى ۋە سىياسىي جەھەتتىن مەلۇماتقا ئىگە بولۇشىنى خاتا يۆنىلىشكە يېتەكلىگەنلىك بولىدىغانلىقتىن، بۇ خىل قىلمىش سىياسەتنىڭ بۇلغىنىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. داڭلىق پەيلاسوپ فارابى سىياسەتنى كىشىلەرنى پەزىلەتكە ئىگە قىلىش سەنئىتى دەپ تەرىپلەيدۇ. سىياسەت ساھەسىدە ناتوغرا مەلۇمات بەرگۈچىلەر ۋە ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشلارنى ۋەدە قىلغۇچىلار كىشىلەرنى ھېچقانداق پەزىلەتكە ئىگە قىلالمايدۇ، شۇنداقلا ئۇلار خەلقنىڭ بۇ ساھەدىكى ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ.

كىتاب ۋە ماقالىلىرى بىلەن كىشىلەرنىڭ زېھنى ھەم قەلبىنى بۇلغايدىغان يازغۇچىلار يۇيۇش - پاكلىنىش تەس بولغان گۇناھلارنى سادىر قىلماقتا. جەمئىيەتتە تەپرىقچىلىك پەيدا قىلىدىغان، كىشىلەر ئارا ئاداۋەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىدىغان ۋە مۇھەببەت تۇيغۇسىنى ئۆلتۈرىدىغان بۇنداق كىشىلەر دەۋرىمىزدىكى ئەڭ چوڭ زالىملار بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

شۇڭا، جەمئىيەتنىڭ ئۆزى ئۈستىدىكى ھەققىنى ئادا قىلىشنى خالايدىغانلار ئادىل بولۇشى ۋە ئاممىغا توغرا ئۇچۇر يەتكۈزۈشى

كېرەك. كىشىلەر گۈزەللىككە، ھەقىقەتكە، مەنپەئەتلىككە ۋە پەزىلەتكە لايىق بولۇپ، بۇلارغا ئېرىشىش ئۇلارنىڭ ھەققى ھېسابلىنىدۇ. دىنىي ئۆلىمالار، ئوقۇتقۇچىلار، سىياسىئونلار ۋە يازغۇچىلار بىلەن تىنچ جەمئىيەت بەرپا قىلىشنى ئويلىساق، ئالدامچىلىق ۋە قايمۇقتۇرۇشتىن ۋاز كېچىشىمىز كېرەك. جەننەتكە ئەڭ لايىق كىشىلەرنىڭ ئادىل ۋە كىشىلەرگە ھەقىقەتنى ئۆگىتىدىغانلار ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز لازىم.

**3) ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىش ھەققى**

مەلۇم بولغىنىدەك، جەمئىيەت ھەققىدە بارلىققا كەلگەن نەزەرىيەلەرنىڭ بىرى «بىيو ئورگانىك» نەزەرىيىسى بولۇپ، پەلسەپە، جەمئىيەتشۇناسلىق ۋە قانۇن پەلسەپىسىدىمۇ ئورۇن ئالغان بۇ نەزەرىيە جەمئىيەتنى ئادەم بەدىنىگە ئوخشىتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ نەزەرىيەۋى سىستېمىسىنى ئورنىتىشقا تىرىشىدۇ. جەمئىيەتنىڭ رولىنى ئادەم بەدىنىگە ئوخشىتىدىغان بۇ نەزەرىيىنىڭ يىلتىزى قەدىمكى دەۋرلەرگە تۇتىشىدىغان بولۇپ، قەدىمكى يۇنان پەلسەپىسىدىن فارابىغىچە ۋە ئۇنىڭدىن ئىبنى خالدۇنغىچە سوزۇلغان بۇ نەزەرىيەنىڭ تارقىلىش كۆلىمى غەرب جەمئىيەتشۇناسلىقىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

مېنىڭ بۇ مەسىلىنى نېمىشقا مۇشۇ نۇقتىدىن مۇھاكىمە قىلماقچى بولغانلىقىمنى سورايدىغانلارمۇ بولىدۇ، ئەلۋەتتە. جەمئىيەتنىڭ قۇرۇلمىسى ۋە بۇ قۇرۇلمىنىڭ خىزمەت ئۇسۇلى ئادەم بەدىنىگە ئوخشايدىغان بولغاچقا، ئادەم بەدىنىدىكى يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ھادىسىسى جەمئىيەتتىمۇ يۈز بېرىشى كېرەك.

ئىسپىرما ۋە تۇخۇم ئۇرۇقلانغاندىن كېيىن، ئىنسان بالىسى باشتىن كۆچۈرگەن باسقۇچلاردىكى ئۆزگىرىشكە ئوخشاش،

جەمئىيەتتىمۇ ئۆزگىرىش ۋە يېڭىلىنىش بولۇشى كېرەك. ئەگەر بىر جەمئىيەت ئۆزىنى يېڭىلىمىسا ۋە دەۋرگە ماسلىشالمىسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭ ھالاك بولۇشى مۇقەررەر.

جەمئىيەتنىڭ ھاياتى كۈچى يېڭىلىنىش ۋە يېڭىلاش ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشتە بولۇپ، ئەگەر بېغىڭىزدىكى مېۋىلىك دەرەخ باھار كەلگەندە چېچەكلىمىسە ۋە بىخ سۈرمىسە، سىز ئۇنى كېسىپ ئوچاققا ئوتۇن قىلىسىز. چۈنكى، ئۇ مېۋىلىك دەرەخ ئەتىيازدا ئۆزىنى يېڭىلىيالمىغان ۋە باھار پەسلىگە ماسلىشالماي قالغانىدى.

دەۋرلەرمۇ باھار پەسلىگە ئوخشايدۇ. كۆكلەم مەۋسۇمىدا چېچەكلىمەيدىغان ۋە بىخلانمايدىغان خەلقلەر ياشاش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالىدىغان بولۇپ، ئۇلار قۇرۇپ تارىخ ئوچىقىغا ئوتۇن بولىدۇ. دەۋر پەسلى جەمئىيەتلەردىن چېچەك ئېچىشنى، بىخ سۈرۈشنى ۋە يېڭى مەھسۇلنى تەقەززا قىلىدۇ. يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىش بۇلارنى رويابقا چىقىرىدۇ. ئۆتمۈشنىڭ يىرتىلىپ جۇل - جۇل بولۇپ كەتكەن كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ، يېڭى دەۋرنىڭ كىيىملىرىنى كىيىشنى شەرت قىلىدۇ. خۇددى يىرتىلىپ كەتكەن كىيىملەر بىلەن سەرخىللار ئەنجۇمەنىگە قاتنىشالمىغىنىڭىزغا ئوخشاش، دەۋرى ئۆتكەن جەمئىيەت چۈشەنچىڭىز بىلەن مەدەنىيەت جەمئىيىتى قاتارىدىن ئورۇن ئالالمايسىز. شۇڭا، يېڭىلانماسلىق ۋە ئۆزگىرىشتىن يىراق تۇرۇش، ئەيىب سۈپىتىدە جەمئىيەتكە يېپىشىپ قالىدۇ.

جەمئىيەتنى يېڭىلايدىغان ۋە ئۆزگەرتىدىغان كۈچ ئىنسانىنىڭ مېڭىسى ۋە پائالىيىتى بولۇپ، ئۇنداقتا، «ئارقىدا ۋە ئالدىدا تام - توساق بولغان ...» (ياسىن سۈرىسى 9 - ئايەت) مېڭە بۇ يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىشنى قانداق ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؟ يېڭىلىنىش

ۋە ئۆزگىرىش مېڭە ئىشلىتىشنى، يەنى مېڭە ۋە قەلب دەپ ئاتىلىدىغان تاۋاپگاھ ئىچىدە تەپەككۇر ئىبادىتىنى ئادا قىلىشنى تەقەززا قىلىدۇ. تەپەككۇر قىلالمايدىغان ئەقىل يېڭىلىق ۋە ئۆزگىرىش ئۇپۇقىغا قانات قاقالمايدۇ.

تەپەككۇرنى تۈرلەرگە ئايرىش پايدىلىق بولۇپ، ئۇلارنى دىنىي تەپەككۇر، سىياسىي تەپەككۇر، ئىلمىي تەپەككۇر ۋە ئىنسانىي تەپەككۇر ـ ئىدىيە دەپ تىزىشقا بولىدۇ. جەمئىيەتنى يېڭىلايدىغان ۋە ئۇنىڭ ھەققى بولغان ئۆزگىرىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدىغان كىشىلەر چوقۇم دوگما ۋە ئىدىيەۋى پىكىر بويۇنتۇرۇقلىرىنى پاچاقلاپ تاشلاپ، ئۆزىنى بۇ توساقلارنىڭ ئىچىدىن چىقىرىشى كېرەك.

ئەگەر دىنىي ئۆلىمالار كىشىلەرنىڭ قەلبىگە دىن نامىدا دۈشمەنلىكنى ئەمەس، بەلكى مېھىر ـ مۇھەببەت، بىلىم ۋە ئىلاھىي نۇرنى سىڭدۈرسە، ئۇ ھالدا بۇ جەمئىيەتتە يېڭىلىققا ئىنتىلىدىغان ۋە ئىجابىي ئۆزگىرىشنىڭ بارلىققا كېلىشىگە كاپالەتلىك قىلىدىغان ۋەزىيەت بارلىققا كېلىدۇ. بۇ سەۋەبتىن، دىنىي ئۆلىمالار ئىلاھىي تەپەككۇرنىڭ ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى ۋە قەلبىدە بۆسۈش ھاسىل قىلىدىغان ئۆزگىرىشلەرنىڭ بارلىققا كېلىشى ئۈچۈن شارائىت يارىتىشقا تىرىششى لازىم.

سىياسىيونلار جەمئىيەتنىڭ يېڭىلىنىشى ۋە ئۆزگىرىشى ئۈچۈن پىلانلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشى كېرەك. نىزا قىلىش سەۋەبىدىن خەلققە خىزمەت قىلىش پۇرسىتىنى يوقاتقان ۋە جەمئىيەتنىڭ ياخشىلىنىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشمىغان سىياسىيونلار جەمئىيەتنىڭ ھەققىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ. يىراقنى كۆرىدىغان، نەزەر دائىرىسى كەڭ سىياسىيونلار جەمئىيەتنىڭ يېڭىلىنىش ۋە ئۆزگىرىش ھەققىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئۆزىنى مەزگىللىك

پىلانلارنى تۈزۈپ چىقىدۇ. سىياسىي ئىدىيە بارلىققا كەلتۈرىدىغان كىشىلەرنى يېتىشتۈرۈش تولىمۇ مۇشكۈل بولۇپ، بۇ تىرىشچانلىق بىر جەمئىيەت ئۈچۈن تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، سىياسىي تەپەككۇر ئىلمىي، ئىنسانىي ۋە دىنىي تەپەككۇرنى بىرلەشتۈرۈپ، جەمئىيەتكە ھاياتلىق ئاتا قىلىدىغان تەپەككۇر بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مەسىلىلەرگە كەڭ دائىرىدىن نەزەر تاشلايدىغان، خەلقنى پارچىلاپ گۇرۇپپىلارغا ئايرىۋەتمەي ھەممىسىنى قۇچاقلايدىغان ۋە سىياسەتنى مۇھەببەتكە ئايلاندۇرىدىغان ئىدىيە جەمئىيەتكە جان - ھايات ئاتا قىلىدۇ.

ئىلمىي ئىدىيە بولسا تەقلىدنى يوقىتىدىغان، يېڭى مەھسۇلات بارلىققا كەلتۈرىدىغان، كىشىلىك تۇرمۇشنى ئاسانلاشتۇرىدىغان ۋە جەمئىيەتنى تۈپ يىلتىزىدىن يېڭىلايدىغان ھەم ئۆزگەرتىدىغان چۈشەنچە بولۇپ، بۇ ئىدىيە بەزىدە سىياسىي تەپەككۇرغا يېتەكچىلىك قىلىدۇ، تېخنىكىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ، تەبىئەت ۋە ئىنسانلارنىڭ سىرىنى يېشىپ بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئۇ بەزىدە ئىنسانلارنىڭ مېڭىسى ۋە جەمئىيىتىنى دوزاخقا ئايلاندۇرسا، يەنە بەزىدە تەقلىدۋازلىقنى يوقىتىپ، جەمئىيەتتە بۇرۇلۇش ھاسىل قىلىدۇ ۋە ئۇنى جەننەتكە ئايلاندۇرىدۇ.

ئىنسانىي ئىدىيە ئەقىل بىلەن قەلبنى بىرلەشتۈرىدىغان ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى باغرىغا باسىدىغان دۇنيا قاراش بولۇپ، ئۇنىڭدا بارلىق كىشىلەرنىڭ قېرىنداش ئىكەنلىكىگە ۋە بۇ قېرىنداشلىقنىڭ بۇلغانغان كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ئۆزگەرتىدىغانلىقىغا ئىشىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

ھەر ۋاقىت يېڭى پىلانلارنى تۈزۈپ، ئىزدىنىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغان شەخسلەردىن تەشكىل تاپقان جەمئىيەتلەر توختىماي يېڭىلىنىدۇ ۋە توختىماي ئۆزگىرىدۇ. بۇنداق

جەمئىيەتلەر ھەر خىل تەپەككۇر پائالىيەتلىرىنى ئېلىپ بارىدىغان ئەزالىرى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ يېڭى ئېقىمغا، زامانىنىڭ تەقەززاسىغا تەييارلىق قىلىدۇ.

بۇ ئىدىيە - چۈشەنچىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆزگىرىشنىڭ خۇش خەۋەرچىسى بولغان باھار شەبنىمىگە ئوخشايدۇ. ئۇلار چېچەكلەيدۇ، مېۋە بېرىدۇ، جەمئىيەتنى يېڭىلايدۇ، ھەمدە جەمئىيەتنى ياخشى تەرەپكە يېتەكلەيدۇ. ئەگەر ئەقىل ۋە تەپەككۇر ئالدىدىكى توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىمىغاندا، بۇ شەبنەملەر چۈشمەيدۇ ۋە باھارمۇ كەلمەيدۇ. شۇڭا، ئى ئەقلى ئويغاق، تەپەككۇرى سەگەك سەرخىللار، ئەقلىگە سېلىنغان بويۇنتۇرۇق، تەپەككۇرنى باغلىغان زەنجىر - كىشەنلەرنى پاچاقلاپ تاشلاڭلار، ئەركىن تەپەككۇرغا توسالغۇ بولغان جاھىل سېپىللارنى پارتلىتىپ گۇم قىلىڭلار، جاھالەتنىڭ زەھەرلىك يىلانلىرىنىڭ بېشىنى ئېزىڭلار، قالاقلىق ئۇۋىسى بولغان شەيتاننىڭ ئىبادەتخانىسىنى گۇمران قىلىڭلار، ئىلىم - ئىرپان نۇرىنى چاقنىتىپ، ئىلاھىي رەھمەت تامچىلىرىنى ئاققۇزۇڭلار. شۇنىڭ بىلەن، ياۋا شاخلار قىرقىلىپ، ئىنسانىيەت يېڭىلانسۇن. جەمئىيەتنىڭ ھەق - ھوقۇقى ئىچىدە يەنە «دېموكراتىك ھايات»مۇ بار بولۇپ، بىز بۇ يەردە جۇمھۇرىيەتنىڭ غۇنچىسى بولغان دېموكراتىيىنىڭ ئەڭ مۇھىم قىممەت قاراشلىرىدىن بىرى ئۈستىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**4) خەلقنىڭ ئارزۇسىنى ئورۇنداش**

دېموكراتىيە تارىخنى ئىنسانىيەت تارىخىغا ئوخشاش قەدىمىي دېسەك قەتئىي خاتالاشمايمىز. دېموكراتىيە ئۆزىنى سىستېمىلىق ھالدا ھېس قىلدۇرغان ھەرىكەتلەرنىڭ يۆنىلىشى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرگە ئاۋامنىڭ ئاۋازىنى يەتكۈزۈش شەكلىدە نامايان بولغان. دېموكراتىيە ئۈچۈن ئەڭ كەسكىن كۈرەش ئېلىپ

بىرىلگەن ساھە ئارزۇ - ئىستەك، ئېھتىياج ۋە مەسىلىلەرنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرگە يەتكۈزۈش يوللىرىنىڭ ئوچۇق بولۇشى، يەنى خەلق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە ساھەسى ئىدى. ئىدارە قىلغۇچىلارنىڭ ئاۋامنىڭ ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە قۇلاق سېلىشى، ئىشتىشى ۋە ئۇنىڭ تەقەززاسى بولغان ئەمەلىي ھەرىكەت - سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشى، دېموكراتىيە دەپ ئاتىلىدىغان ئىلغار باشقۇرۇش تۈزۈمىنىڭ جانلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلغان. چۈنكى، بۇ خىل باشقۇرۇش شەكلى خەلقنىڭ داد - پەريادى، نالىسى ۋە ئامالسىزلىقى ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىنى ئىزدەش يولى دەپ قارالغان، شۇنداقلا بۇ ھەق - ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ھەل قىلىش چارىسى تېپىشقا تىرىشقان.

كىشىلەرنىڭ نىداسىغا قۇلاق سېلىپ، چارە ئىزدەش قانۇنىنى دەسلەپتە ھەممىگە قادىر ئاللاھ يولغا قويغانىدى:

وَاٰتٰيكُمْ مِنْ كُلِّ مَا سَاَلْتُمُوهُۜ

«ئاللاھ سىلەرگە سورىغان نەرسەڭلارنىڭ ھەممىسىنى بەردى» (ئىبراھىم سۈرىسى 34 - ئايەت).

كائىناتنىڭ ھۆكۈمرانى بولغان ئاللاھ بەندىلىرىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان، ئاشۇرىۋاتىدۇ ھەم ئاشۇرىدۇ. ئىنسانغا ئۆزىنىڭ مەسىلىلىرىنى يارالتقۇچىسىغا يەتكۈزۈش ۋە ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاش ھوقۇقىنى بەرگەن ئاللاھ بەندىلىرىگە داد - پەريادلىرىنى، ئەرز - شىكايەتلىرىنى، ئارزۇ - ئىستەك ۋە ئېھتىياجلىرىنى ئۆزىگە يەتكۈزۈش ھوقۇقىنى بىرىپلا قالماستىن، يەنە ئۇلارغا ھەق - ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىشنى، ئېلىشنى ئۆگەتتى. ئىنساننىڭ ئارزۇسى، ئېھتىياجى ۋە قىيىنچىلىقلىرىنى ئاللاھقا يەتكۈزۈش

ھوقۇقى بار بولۇپ، بەندە بىلەن ئاللاھ ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە يولى ھەمىشە ئوچۇق تۇرىدۇ:

أُجِيبُ دَعْوَةَ الدَّاعِ إِذَا دَعَانِ

«... بەندىلىرىم ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ تىلىكىنى ئەمەلگە ئاشۇرىمەن ...» (بەقەرە سۈرىسى 186 - ئايەت).

ئۆزىمۇ بەندىسىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرغان ئاللاھ، ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى باشقۇرۇش شەكىللىرى ئىچىدىكى خەلقىنىڭ ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن قىلىنغان سەمىمىي تىرىشچانلىقتىن ئەڭ رازى بولىدۇ. ئەكسىچە، باشقۇرغۇچىلارنىڭ خەلقىنىڭ داد - پەرياد، ئەرز - شىكايەت، ئارزۇ - ئىستەكلىرىگە قۇلاق سالماسلىق، مەسىلىلەرنىڭ ھەل قىلىش چارىسىنى ئىزدىمەسلىك قاتارلىق قىلمىشلىرىدىن ئاللاھ نەپرەتلىنىدۇ.

ئاللاھ ئەڭ كىچىك ھاشارەتتىن تارتىپ ئىنسانلارغىچە بولغان بارلىق جانلىقلارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرىدۇ. جەمئىيەتتە ئىجتىمائىي ئورنى تۆۋەن بولغان، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ ئەڭ چەت ياقىسىدا ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش، ئۇلارنىڭ دەردىگە دەرمان بولۇش ۋە ئارزۇسىغا قۇلاق سېلىپ ھەل قىلىش ئاللاھنىڭ ئەخلاقى بىلەن ئەخلاقلىنىش ۋە پەزىلەتلىك سىياسەتنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە يېتىش ھېسابلىنىدۇ. ئەگەر بىر دۆلەتتە خەلق ئاۋازىنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرگە يەتكۈزەلىسە، باشقۇرغۇچىلارمۇ بۇنى ئۇلارنىڭ ھوقۇقى دەپ قارىسا، ئۇنداقتا بۇ، سىياسەتنىڭ مېھىر - شەپقەتكە ئايلانغانلىقى ۋە جەمئىيەتنىڭ نىجاتلىققا ئېرىشكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

شۇنداق قىلىپ، ئاۋامنىڭ ئاۋازىنى ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرگە يەتكۈزۈش شەكلىدە باشلانغان دېموكراتىيە كۈرىشى، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ قار پومزىكىدەك چوڭىيىپ، ئاخىرىدا خەلقنى ھۆرمەتلەش ۋە خەلقنىڭ ئىرادىسىگە قارشى خەلقنى باشقۇرماسلىقتەك پەزىلەتنى سىياسىي ھاياتنىڭ ۋاز كەچكىلى بولمايدىغان پىرىنسىپىغا ئايلاندۇردى. دېموكراتىيە ئۈچۈن كۈرەش قىلىۋاتقان كىشىلەر سىياسەتكە ئۆزئارا ھۆرمەت ۋە كەڭ قورساقلىق خىمىرتۇرۇچىنى قوشۇپ، كىشىلىك ھوقۇقنى ئەمەلگە ئاشۇرالايدىغان سىياسىي مۇھىت ياراتتى. ئىنسانىيەتنىڭ ئاشۇ زۇلمەتلىك كۈنلىرىدە، ئۇلار جاپالىق كۈرەش بىلەن دېموكراتىيە تۈپرىقىنى ئۇسا قىلغاندا، پەزىلەتلىك سىياسەتنىڭ پەزىلەتلىك دۇنياسىنى كەلگۈسى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلدى. ئۇلارنىڭ سەۋداسى، ئىشقى ۋە ھېرىسمەنلىكى كىشىلىك ھوقۇق دەپسەندە قىلىنمايدىغان، كىشىلەرگە ئىنسانىي مۇئامىلە قىلىدىغان بەختلىك ۋەتەن مىراس قالدۇرۇش ئىدى.

بەلكىم، ئۇلار ئۆلۈپ كەتكەن بولۇشى مۇمكىن، ئەمما دېموكراتىيە مەشئىلى ئۇلارنىڭ يادىكارى سۈپىتىدە يېنىپ تۇرۇۋاتىدۇ، ئىنسانىي قەدىر - قىممەت نۇرىنى كېلەچەككە يەتكۈزۈۋاتىدۇ.

جەمئىيىتىمىزدىكى جۇمھۇرىيەت ۋە دېموكراتىيە كۈرىشى بۇ مەشئەلنى قولمۇقول كۆتۈرۈپ ئاخىرقى پەللىگە يەتكۈزۈشكە تۆھپە قوشۇش سۈپىتىدە تۇغۇلغان بولۇپ، بۈگۈن ئۇ چوڭ بولۇپ يىگىتكە ئايلاندى. ھەممىمىز بۇ يىگىتنىڭ بىناپ بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن نېمە زۆرۈر بولسا شۇنى قىلىشىمىز كېرەك. دېموكراتىك ھاياتنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنى ۋە مىكروبى جاھالەت، ئاداۋەت، تەپرىقە ۋە ئەقىل ئىشلەتمەسلىك بولۇپ،

بىز دېموكراتىيەمىزگە ئەقىل، بىلىم، ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىق ۋىتامىنلىرىنى بېرىش ئارقىلىق ئۇنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە يېتىلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشىمىز لازىم.

ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر خەلقنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سېلىشى ۋە پاراسەت بىلەن ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرۇش ئارقىلىق خىزمەت قىلىشى كېرەك. ئەگەر ئۇلار ئەقىلنى سىياسەتكە ھۆكۈمران قىلسا، خەلقنىڭ ئاۋازىغا قۇلاق سالىدۇ، ئۇلارنىڭ مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىشقا تىرىشىدۇ. خەلق بىلەن ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئالاقە قاناللىرى توسۇلۇپ قالغاندا بولسا، دېموكراتىيە بىتاپ بولىدۇ، پەزىلەتلىك ھاكىمىيەت رەزىللىككە ئايلىنىدۇ. شۇڭا، ئەقىل، تەپەككۇر، ھۆرمەت، ئەركىنلىك ۋە ھەق - ھوقۇق تۈزۈمى بولغان دېموكراتىيە ئۆزىنى جەمئىيەتنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىدا ھېس قىلدۇرۇشى كېرەك.

**5) بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق**

ئاللاھ ئىنسانىنى شەخس سۈپىتىدە يارىتىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا تەۋھىد، يەنى بىرلىكنى شەكىللەندۈرۈشنىڭ قائىدىلىرىنىمۇ قوشۇپ ياراتقان. نەپس، ئەقىل ۋە قەلب ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىق شەخسنى بەخت - سائادەتكە يەتكۈزىدۇ.

تەبىئىي شەكىللەنگەن جەمئىيەتلەرگە نىسبەتەن، ئەڭ ئېھتىياجلىق بولغان قىممەت بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق بولۇپ، جەمئىيەتنى پارچىلايدىغان، ئۇنىڭ بىرلىكىنى بۇزىدىغان ۋە كىشىلەر ئارىسىدا بۆلۈنۈش پەيدا قىلىدىغان ئىدىيە ھەم ھەرىكەت ئامىللىرى ئەمەلىيەتتە، جەمئىيەتنىڭ بەخت - سائادىتىگە زىيان يەتكۈزىدۇ.

ئەگەر «ئاللاھ بىزگە قۇرئاننى نېمە ئۈچۈن ئەۋەتتى؟» دەپ سورالسا، بېرىدىغان بىرىنچى جاۋابىمىز «بۆلۈنۈشنى يوقىتىش، يەنى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى تەپرىقىنى يوقىتىش ئۈچۈن» بولىدۇ. تەپرىقە بىر خىل ئىجتىمائىي زۇلۇم بولۇپ، ئۇ يەر شارىنى تەۋرىتىۋېتىدۇ، لەۋھۇل مەھپۇزنى ھەرىكەتكە كەلتۈرىدۇ.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ بۆلۈنۈشنى دوزاخ دەپ ئاتايدۇ. ئوت ياغاچنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەنگە ئوخشاش، تەپرىقىمۇ جەمئىيەتنى ۋە ئۇنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلغان قىممەت قاراشلارنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئايەتتە تەپرىقە ئوت دەپ ئىزاھلىنىدۇ.

«ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا مەھكەم يېپىشىڭلار، تەپرىقىچىلىق قىلماڭلار. ئاللاھنىڭ سىلەرگە بەرگەن نېمىتىنى ئەسلەڭلار. ئۆز ۋاقتىدا سىلەر بىر ـ بىرىڭلارغا دۈشمەن ئىدىڭلار، ئاللاھ دىلىڭلارنى بىرلەشتۈردى. ئاللاھنىڭ نېمىتى بىلەن ئۆزئارا قېرىنداش بولدۇڭلار. سىلەر دوزاختىن ئىبارەت ئورەكنىڭ گىرۋىكىدە ئىدىڭلار، ئاللاھ سىلەرنى ئۇنىڭدىن قۇتقۇزدى. سىلەرنىڭ ھىدايەت تېپىشىڭلار ئۈچۈن، ئاللاھ ئايەتلىرىنى سىلەرگە مۇشۇنداق بايان قىلىدۇ» (ئالئىمران سۈرىسى 103 ـ ئايەت).

ئايەتتىكى «ئاللاھنىڭ ئارغامچىسى» دېگەن ئۇقۇم زادى نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئاللاھ بىزگە ئۇزاتقان ئىككى تۈرلۈك ئارغامچا بار بولۇپ، بۇلار ئەقىل ۋە قۇرئاندۇر. بۇ ئارغامچىلارنى بىر ئارغامچا قىلىپ بىرلەشتۈرگەن ۋاقتىمىزدا، ئاللاھ بىزنى «تەپرىقە» دەپ ئاتىلىدىغان ئوت ئورىكىدىن قۇتۇلدۇرىدىغان بولۇپ، قۇرئان قەلبنىڭ ئارغامچىسى، ئەقىل بولسا مېڭىنىڭ ئارغامچىسى ھېسابلىنىدۇ. مېڭە بىلەن قەلب بىرلەشكەندە، ئەقىل

قۇرئانغا، قۇرئان ئەقىلگە ئايلىنىدۇ. ئەقىلنىڭ يەنە بىر مەنىسى «تۇتقۇن» دېگەنلىك بولىدۇ. كىشىلەرنى ئەقىل تۇتقىنى بىلەن باغلاش جەمئىيەتنىڭ مائارىپ سىستېمىسىدىكى ھەققى بولۇپ، مائارىپچىلار بۇنى ئادا قىلمىسا، ئۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەققىنى دەپسەندە قىلغان بولىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار كېلەچەكتە سىياسەت ساھەسىگە كىرىپ دۆلەتنى باشقۇرىدىغان بولغاچقا، ئوقۇتقۇچىلار ئۇلارغا ئەقىل دەپ ئاتىلىدىغان قىممەتنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئۆگىتىشى كېرەك. چۈنكى، ئەقىلنى ئاساس قىلغان سىياسەت جەمئىيەتنى بۆلۈنۈشتىن ساقلاپ قالىدۇ. جەمئىيەتتىكى بۆلۈنۈش كەلتۈرۈپ چىقارغان مەسىلىلەر جەمئىيەتنىڭ نورماللىقىنى بۇزۇپلا قالماي، يەنە ساپا - سەۋىيىسىنىمۇ تۆۋەنلىتىدۇ. بۇ، جەمئىيەتلەرنى ئاستا - ئاستا ھالاكەتكە ئېلىپ بارىدىغان جەريان بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قەسەس سۈرىسىنىڭ 4 - ئايىتىدە پىرئەۋن جەمئىيەتنى دەل مۇشۇ بۆلۈنۈشنىڭ ۋەيران قىلغانلىقى بايان قىلىنغان.

اِنَّ فِرْعَوْنَ عَلَا فِي الْاَرْضِ وَجَعَلَ اَهْلَهَا شِيَعاً يَسْتَضْعِفُ طَٓائِفَةً مِنْهُمْ

«شۈبھىسىزكى، پىرئەۋن زېمىندا ھەددىدىن ئاشتى. ئۆز ئاھالىسىنى تەبىقىلەرگە بۆلۈپ، ئۇلاردىن بىر تەبىقىنى بوزەك قىلدى...».

ئاللاھ قۇرئاندا تەپرىقە - بۆلۈنۈش مەسىلىسىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن بولۇپ، ھەتتا تەپرىقە پەيدا قىلىش ئۈچۈن سېلىنغان مەسچىتتە ناماز ئوقۇشنىمۇ چەكلىگەن. بۇ ئايەت تۆۋەندىكىچە:

وَالَّذِينَ اتَّخَذُوا مَسْجِداً ضِرَاراً وَكُفْراً وَتَفْرِيقاً بَيْنَ الْمُؤْمِنِينَ وَاِرْصَاداً لِمَنْ حَارَبَ اللّٰهَ وَرَسُولَهُ

مِنْ قَبْلُ وَلَيَحْلِفُنَّ اِنْ اَرَدْنَآ اِلَّا الْحُسْنٰىؕ وَاللّٰهُ يَشْهَدُ اِنَّهُمْ لَكَاذِبُونَ

«بەزى كىشىلەر مۆمىنلەرگە زىيان يەتكۈزۈش، كۇپرىنى كۈچەيتىش، مۆمىنلەرنىڭ ئارىسىنى پارچىلاش، ئاللاھقا ۋە ئۇنىڭ رەسۇلى ـ ئەلچىسىگە قارشى كۈرەش قىلغان كىشىنىڭ كېلىشىنى كۈتۈش مەقسىتىدە مەسچىت بىنا قىلدى. ئۇلار چوقۇم: ‹بىز پەقەت ياخشىلىقنىلا ئىرادە قىلدۇق› دەپ قەسەم قىلىشىدۇ. ئاللاھ گۇۋاهلىق بېرىدۇكى، ئۇلار شەك ـ شۈبھىسىز يالغانچىلاردۇر» (تەۋبە سۈرىسى 107 ـ ئايەت).

دەۋرىمىزدىمۇ مانا مۇشۇنداق نىيەتلەر بىلەن قۇرۇلغان ۋە قۇرۇلىۋاتقان مەسچىتلەر مەۋجۇت، بۇ ھەم قىيامەتكىچە داۋاملىشىدۇ. دەل شۇ سەۋەبتىن، مۇسۇلمانلارنى پىرقىلەرگە ئايرىپ: «بۇ مەسچىت ماۋۇلارنىڭ، ئۇ مەسچىت ئاۋۇلارنىڭ» دەپ كۆرسىتىپ، بىر ـ بىرىنىڭ مەسچىتلىرىگە بارمايدىغان دەرىجىدە زىددىيەتنىڭ سىمۋولىغا ئايلاندۇرۇلغان مەسچىتلەر ئۈچۈن، جانابىي ئاللاھ: «ئۇنىڭ ئىچىدە ھەرگىز ناماز ئوقۇما!» (تەۋبە سۈرىسى 108 ـ ئايەت) دەپ بۇيرۇق قىلغان. تەپرىقە پەيدا قىلىدىغان ھەر قانداق سۆز ۋە پوزىتسىيە، ئىدىيە ۋە ھەرىكەت جەمئىيەت بىناسىدىن بىر پارچىدىن خىشنى قومۇرۇپ تاشلاپ، ئاخىرىدا بۇ گۈزەل قەسىرنى گۇمران قىلىدۇ. جەمئىيەتنى تەپرىقىچىلىك پاتقىقىغا، ئوتىغا ۋە زۇلمىتىگە ئىتتىرىدىغانلار بەندە ـ پۇقرالارنىڭ ھوقۇقىغا ئەڭ ئېغىر دەرىجىدە زىيان يەتكۈزىدۇ. شۇڭا، بۇنداق كىشىلەرنى ئاللاھمۇ، ئىنسانىيەتمۇ كەچۈرمەيدۇ. ئىجتىمائىي زىددىيەتنى ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىشلەتمەكچى بولغانلار ئەمەلىيەتتە، كۆيۈۋاتقان ئوتنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرىدۇ. ئوت ئالدى بىلەن ئۈستىگە قويۇلغان نەرسىلەرنى كۆيدۈرگەنگە ئوخشاش، تەپرىقە دوزىخىمۇ ئالدى بىلەن زىددىيەت پەيدا

قىلغۇچىلارنى كۆيدۈرىدۇ.

ئەمدىلا 20 ياشلارنىڭ قارىسىنى ئالغان 21 ـ ئەسىر بۆلۈنۈش ئېلىپ كەلگەن ئۇرۇشلارنىڭ قېنى بىلەن سۇغۇرۇلدى، ئۆسۈپ يېتىلدى. ئى ئىنسانىيەت، ئى مۇسۇلمانلار، كېلىڭلار، 21 ـ ئەسىرنى بىرلىك، ئىتتىپاقلىق ئەسىرى قىلايلى. بۇ بىزنىڭ قولىمىزدا، بىز بۇنى ئاللاھ بىزگە ئاتا قىلغان ئەقىل بىلەنلا ئەمەلگە ئاشۇرالايمىز. بىز ئاداۋەت تۇيغۇسى ئېقىۋاتقان قان دەرياسىدىن ئۇسسۇزلۇقىمىزنى قاندۇرۇشنىڭ ئورنىغا، بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىق بۇلىقىدىن، يەنى قېرىنداشلىق بۇلىقىدىن بەخت ـ سائادەت شەربىتىنى ئىچەيلى. شەيتانغا زوراۋانلىق تۇيغۇسىنى تەڭلەپ، ئىنسانىيەتكە ئەقىل نۇرىنى سۇنايلى. ئەۋلادلىرىمىز قاتىللارنىڭ پۇشتى ئەمەس، ئەقلىنىڭ نەسلى بولسۇن. ئىچىمىزدىكى ئۆچمەنلىك ۋە نەپرەت مەخلۇقىنى ئۆلتۈرۈپ، مۇھەببەت دەرىخىگە ئوغۇت قىلايلى.

خام ـ كەمتۈك قابىلىيەت بىلەن دۇنياغا كەلگەن ئىنسان بالىسىنى تۈرلۈك مۇئەسسەسەلىرى بىلەن تەربىيىلەپ يېتىلدۈرگەن، ئۇنى مەدەنىي جانلىققا ئايلاندۇرغان، شۇنداقلا ئۇنى نۇرغۇن قىممەتلەرگە ئىگە قىلغان جەمئىيەت، ئۆزىنىڭ ئەزاسى بولغان ھەربىر شەخسنىڭ ئۆزى ئۈچۈن بەزى مەجبۇرىيەتلەرنى ئورۇندىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. تۆۋەندە بىز بۇ مەجبۇرىيەتلەردىن بىرى ھەققىدە توختىلىپ ئۆتىمىز.

**6) كىشىلەرگە چىرايلىق سۆز قىلىش**

كىشىلەرگە گۈزەل نەرسىلەرنى سۆزلەش ئاللاھنىڭ بۇيرۇقلىرىنىڭ بىرى. قۇرئاندىن ئىلگىرىكى ساماۋى كىتاب بولغان تەۋراتنىمۇ ئورۇن ئالغان بۇ بۇيرۇق بەقەرە سۈرىسىنىڭ 83 ـ ئايىتىنىڭ بىر

قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. بۇ ئايەتتە، ھەممىگە قادىر ئاللاھ بەنى ئىسرائىل بىلەن بەش ماددىلىق كېلىشىم تۈزگەنلىكىنى بايان قىلغان بولۇپ، كېلىشىمنىڭ ماددىلىرى مۇنداق: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرمەسلىك، ئاتا ـ ئانىغا، تۇغقانلارغا، يېتىم ـ يېسىرلارغا ۋە كەمبەغەللەرگە ياخشىلىق قىلىش، كىشىلەرگە ياخشى سۆزلەرنى قىلىش، ناماز ئوقۇش ۋە زاكات بېرىش».

بۇ كېلىشىم ھەم تەۋرات، ھەم قۇرئانغا ئوخشاشلا كىرگۈزۈلگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇنىڭدا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم بولغان ئۈچۈرلار ۋە قىممەت قاراشلار مەۋجۇت.

كىشىلەرگە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلىش مەزكۇر ئايەتتە ئۈچىنچى قاتاردا تىلغا ئېلىنغان بولۇپ، ئۇ ناماز ۋە زاكاتتىن بۇرۇن زىكىر قىلىنغان.

ئىنگلىزچىغا «fari» سۆزى بىلەن تەرجىمە قىلىنغان «گۈزەل» سۆزى بۇ ئايەتتە «ھۇسن» كەلىمىسى بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، بۇ ئۇقۇم «گۈزەل، يېقىشلىق، نەپىس، ساپ، پاكىز، سەممىي، ھەقىقىي، ياخشى، ئادىل، ئوچۇق، مۇلايىم، ئاق كۆڭۈل» دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ.

مەلۇمكى، ئۆزئارا سىلىق سۆزلىشىشنىڭ مائارىپ، ئىجتىمائىي ئىناقلىق ۋە ئىتتىپاقلىق جەھەتتە زور پايدىسى ھەم تەسىرى بار. سىلىق سۆزلەر يەنە كىشىلەرنى «تەپەككۇر» ۋە «ھۆرمەت»كە يېتەكلەيدىغان قۇدرەتكىمۇ ئىگە. تاھا سۈرىسىنىڭ 44 ـ ئايىتىدە، كىشىلەرگە سىلىق سۆزلەش نەتىجىسىدە قولغا كەلتۈرۈلىدىغان نەتىجە ھەزرىتى مۇسا ۋە ھارۇنغا مۇنداق بىلدۈرۈلگەن:

«پىرئەۋنگە سىلىق سۆز قىلغىن. بەلكىم ئۇ ۋەز ـ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشى ياكى ھايا قىلىشى مۇمكىن».

يەنە بىر ئايەتتە، «مۇلايىم بولۇش»نىڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇش ۋە بىر گەۋدىگە ئايلاندۇرۇش رولى بولىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ئالئىمران سۈرىسىنىڭ 159 ـ ئايىتىدە ئاللاھ پەيغەمبىرىمىزگە، كىشىلەرگە مۇلايىم بولۇشنىڭ خەلقنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇشتىكى رولىنىڭ چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن. سىياسىئونلار خەلققە، ئوقۇتقۇچىلار ئوقۇغۇچىلارغا، ئاتا ـ ئانىلار پەرزەنتلىرىگە، قوشنىلار ئۆزئارا، ئاخبارات ۋاسىتىلىرى ئاممىغا چىرايلىق سۆز قىلىشى ۋە ياخشى ئۇچۇرلارنى بېرىشى كېرەك.

«ھۇسن» سۆزىنىڭ «يۇمشاق» مەنىسىدىن باشقا، «توغرا، ھەقىقەت» دېگەن مەنىلىرىمۇ بار. ئەگەر بىز بۇ ئايەتكە «كىشىلەرگە ھەقىقەتنى ئېيتىڭلار» دەپ مەنە بەرسەك، ئۇ ئىجتىمائىي ھاياتنىڭ مۇھىم ساھەلىرىگە چېتىلىدۇ. سوتتا ھەقىقەتنى سۆزلەش، توغرا خەۋەرنى بېرىش، باللارغا ھەقىقەتنى سۆزلەش، ئوقۇغۇچىلارغا توغرا ئۇچۇرلارنى ئۆگىتىش، ئاممىغا ئوچۇق ـ ئاشكارە بولۇش ۋە ھەقىقەتنى سۆزلەش جەمئىيەتنىڭ ئەڭ مۇھىم ھەقلىرىدىن بىرى. خەلقنى توغرا ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەش يوق بولغان، دەپسەندە قىلىنغان ۋە ئېتىباردىن چۈشۈپ كەتكەن جەمئىيەتلەر گۈزەللىككە، ياخشىلىققا ۋە پەزىلەتكە ئىگە بولالمايدۇ. ئەگەر «كىشىلەرگە ھەقىقەتنى سۆزلەش» پرىنسىپى تەتبىقلىنىش شارائىتىغا ئىگە بولسا، ئۇ سىياسەت، مائارىپ ۋە ئاخبارات ۋاسىتىلىرىنى گۈزەل ئەخلاقنىڭ يۇقىرى پەللىسىگە ئېلىپ چىقىدۇ، شۇنداقلا جەمئىيەتنى شۇنىڭغا ماس ھالدا يۇقىرى كۆتۈرىدۇ، نەتىجىدە، بۇ خىل جەمئىيەتنىڭ ھەققىمۇ ئادا قىلىنغان بولىدۇ. خەلققە ھەقىقەتلەر بىلدۈرۈلگەن سىياسەت، مائارىپ ۋە تاراتقۇلاردا پەزىلەت، ئەقىل، بىلىم ۋە ئاللاھنىڭ رازىلىقى بولىدۇ. ھەقىقەتلەر ئاممىغا بىلدۈرۈلگەن يەردە ئىدىيە، قەلب، ئەخلاق ۋە ئىجتىمائىي پاكلىق بولىدۇ.

ئايەتتىكى «ھۆسىن» سۆزىنىڭ يەنە بىر مەنىسى «ھېكمەتلىك سۆز ۋە نەسىھەت» بولۇپ، «ھېكمەتلىك سۆز» بىھۇدە سۆزلەردىن خالىي سۆز دېگەنلىك بولىدۇ. ئارتۇقچە ماددىلاردىن ساپلاشتۇرۇلغان سۇ «ساپ سۇ» دەپ ئاتىلىدۇ. شۇڭا، سىز ئۇ سۇغا دورا قوشۇپ، ئادەمنىڭ تومۇرىدىكى قانغا بەرسىڭىز بولىدۇ. ئۇ پاكلانغانلىقتىن، كىشىلەرنى زەھەرلىمەيدۇ. ساپلاشتۇرۇلغان سۇغا ئوخشاش، بىلىمنىڭمۇ ساپلاشتۇرۇلغانلىرى بار بولۇپ، ئۇ ھېكمەت دەپ ئاتىلىدۇ. يەنە «يالغان، ساختا، باتىل ۋە خاتالىقتىن پاكلانغان بىلىممۇ «ھېكمەت» دەپ ئاتىلىدۇ. ئەگەر سىز بۇ بىلىملەرنى ئادەمنىڭ مېڭىسىگە ۋە قەلبىگە كىرگۈزسىڭىز، ئۇلار ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزمەيدۇ. بۇ سەۋەبتىن، نەھل سۈرىسىنىڭ 125 - ئايىتىدە «ھېكمەت بىلەن ئاللاھنىڭ يولىغا دەۋەت قىلىش» مېتود سۈپىتىدە بېكىتىلگەن. ئەگەر كىشىلەرگە توغرا بولمىغان ئۇچۇرلارنى بەرسىڭىز، ئۇلارنىڭ مېڭىسى ۋە قەلبىنى زەھەرلەيسىز. ئۇ ھالدا سىز شەخسنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ھوقۇقىغا دەخلى - تەرۇز قىلىپ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلغان بولىسىز. شۇڭا، پەقەت كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئالىدىغان، كىشىلەرنى بىر - بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدىغان ۋە ئاداۋەتنى دوستلۇققا ئايلاندۇرىدىغان يېقىشلىق، مۇلايىم، نەپىس، سەممىي، توغرا ۋە مۇلايىم سۆزلەرلا ئىنسانىيەتكە مۇناسىپ كېلىدۇ. فۇسسىلەت سۈرىسىنىڭ 34 - ئايىتىدە ياخشى سۆز ۋە ياخشى ئىشلارنىڭ دۈشمەننى دوست قىلىدىغانلىقى بايان قىلىنغان. ياخشى سۆز ئەقىل ۋە مۇھەببەتنىڭ سۆزى بولۇپ، ياخشى سۆز جەمئىيەتنى ۋە پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى يۇقىرى كۆتۈرىدىغان، ئىنسانىيەتنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان، ئالىيجانابلىقنى كىشىلەرگە يەتكۈزىدىغان ۋە كىشىلەرنى ئىنسان قىلىدىغان سۆزنى كۆرسىتىدۇ.

## 7) يېتىم باللارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقى

قۇرئان كىشىلىك ھوقۇق مەسىلىسىگە يېتەكچىلىك قىلغاندا، يېتىملارنىڭ ھەق ـ ھوقۇقىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن. يېتىم دېگەن سۆز «ئاتا ـ ئانىسىدىن بىرسى ياكى ھەر ئىككىسى قازا قىلغان بالا» مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ. بىز «يېتىم ھەققى» مەسىلىسىگە تۆۋەندىكى بىر قانچە نۇقتىدىن مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك.

**i. ئىقتىسادىي ھەق ـ ھوقۇق**

ئەگەر يېتىم بالىغا ئاتا ـ ئانىسىدىن مىراس قالغان بولسا، ئۇنداقتا، تۇغقانلىرى ئۇچۇن بۇ مىراسنى قوغداش ۋە چوڭ بولغاندا ئۇنى بالىغا ساق ـ سالامەت تاپشۇرۇش مۇھىم مەجبۇرىيەت ھېسابلىنىدۇ. بۇ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش يېتىمنىڭ ئىقتىسادىي ھەق ـ ھوقۇقى بولۇپ، يېتىمنىڭ بۇ مەسىلىدىكى ھوقۇقى تۆۋەندىكى ئايەتلەردە ئېنىق بەلگىلەنگەن:

«يېتىم باللارغا مال ـ مۈلكىنى بېرىڭلار، ياخشىسىنى ناچارغا تېگىشىۋالماڭلار، ئۇلارنىڭ مال ـ مۈلكىنى ئۆزۈڭلارنىڭ مال ـ مۈلكىگە قوشۇپ يەۋالماڭلار. چۈنكى، بۇ ھەقىقەتەن چوڭ گۇناھ» (نىسا سۈرىسى 2 ـ ئايەت).

«يېتىمنىڭ مېلىنى تاكى ئۇ (قۇرامىغا يېتىپ) ئەقلى يېتىلگەنگە قەدەر ئۇنىڭغا ئەڭ پايدىلىق ئۇسۇلدا تەسەررۇپ قىلىڭلار...» (ئەنئام سۈرىسى 152 ـ ئايەت).

بىز بىر ئادەمنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن زىيانكەشلىككە

ئۈچرىشىدىن كېلىپ چىققان ھەققىنى «بەندىنىڭ ھەققى» دەپ ئاتايمىز. بولۇپمۇ بۇ ئۆۋۈلچىلىققا ئۇچرىغان كىشى يېتىم بولسا، ئۇنىڭ ھەم يېتىم بولۇشىدىن، ھەم ئىنسان بولۇشىدىن كېلىپ چىققان ئايرىم - ئايرىم ئىككى ھەققى مەيدانغا كېلىدۇ. دېمەك، يېتىم بالىنىڭ ئىقتىسادىي ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىش سەۋەبىدىن ئىككى خىل گۇناھ سادىر بولىدۇ. دەل مۇشۇ سەۋەبتىن، ئۇلۇغ ئاللاھ نىسا سۈرىسىنىڭ ئىككىنچى ئايىتىدە يېتىمنىڭ ھەققىنى يېيىشنى چوڭ گۇناھ دەپ ئاتايدۇ. يېتىم بالىنىڭ ئىگە - چاقىسىز بولۇشىدىن پايدىلىنىش بىر گۇناھ بولسا، ئۇنىڭ مال - مۈلكىنى ناھەق يەۋېلىش ئايرىم گۇناھ بولۇپ، بۇنداق قىلغۇچى قاتمۇقات گۇناھ سادىر قىلغان بولىدۇ.

بۇ چۈشەنچە چىقىش قىلىنغاندا، دۆلەتنىڭ بارلىق مال - مۈلۈكلىرىدە يېتىم بالىلارنىڭ ھەققى بار دېگەن يەكۈننى چىقىرىشقا بولىدۇ. شۇڭا، دۆلەتنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش يېتىم - يېسىرلارنىڭ مال - مۈلكىنى قوغداش بولىدۇ؛ دۆلەتنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ناھەق يېيىش بولسا يېتىم بالىلارنىڭ ھەققىنى يېگەنلىك بولىدۇ. «يېتىمنىڭ ھەققى» ئۇقۇمىنى ئۇنىۋېرسال دەپ قاراش تېخىمۇ پايدىلىق. چۈنكى، يېتىم بالىنىڭ دىندار ياكى دىنسىزى بولمايدۇ. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى يېتىم بالىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقى ئوخشاش بولۇپ، ئۇلارغا ئوخشاش دەرىجىدە مۇئامىلە قىلىنىشى كېرەك.

### ii. تەربىيىلىنىش ھەققى

جەمئىيىتىمىزدە دۆلەتنىڭ شەپقەت قولى بېشىنى سىيلىيالمىغان نۇرغۇن يېتىم بالىلار بار بولۇپ، ئۇلارنى بېقىش ۋە تەربىيىلەپ چىقىش بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ھېسابلىنىدۇ. بىز يۇقىرىدا ئاتا - ئانىسىدىن مىراس قالغان يېتىم ھەققىدە توختالغانىدۇق،

ئەمما مىراس قالمىغان يېتىم بالىلارنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەش قانداق بولىدۇ؟ ئۆتمۈشتە قۇرۇلغان بىر قىسىم ۋەخپىلەر يېتىم بالىلارنى بېقىش ۋە تەربىيىلەشنى ئۈستىگە ئالغان بولۇپ، «دارىلئېيتام» ئۇقۇمى مانا بۇنىڭدىن بارلىققا كەلگەندى. ئەپسۇسكى، بۇ ئورگانلار ئۇرۇش، قاتناش ۋەقەسى ۋە چەتئەلگە چىقىپ كېتىش دېگەندەك سەلبىي ئامىللار سەۋەبىدىن يېتىم قالغان بالىلارنىڭ ئېھتىياجىنى تولۇق قاندۇرالمايۋاتىدۇ. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام يېتىم ھالدا چوڭ بولغانىدى. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىنغانلىقىنى «زۇھا» سۈرىسىدە مۇنداق بايان قىلغان:

«ئاللاھ سېنى يېتىم بىلىپ پاناھ بەرمىدىمۇ؟ قايمۇققان بىلىپ ھىدايەت قىلمىدىمۇ؟ سېنى يوقسۇز بىلىپ بىھاجەت قىلمىدىمۇ؟ شۇڭا، يېتىمنى خارلىما، سائىلغا قوپاللىق قىلما» (زۇھا سۈرىسى 6 ـ 10 ـ ئايەتلەر).

يېتىمغا پاناھلىق بېرىش، تۇرمۇشىنى قامداش ۋە ئۇنىڭغا زۇلۇم قىلماسلىق ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ سۈننىتىدۇر. بىز بۇ سۈننەتنى يەر يۈزىدە تەتبىقلىساق، كامىل ئىنسان بولۇشنىڭ ئاساسىنى سالغان بولىمىز. ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئۆز پەيغەمبىرىگە قانداق مۇئامىلە قىلغان بولسا، پەيغەمبىرىمىزمۇ يېتىملارغا شۇنداق مۇئامىلە قىلىشقا بۇيرۇغانىدى ۋە بىزدىنمۇ شۇنداق قىلىشنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر يېتىم بالىنىڭ ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئېلىنسا ۋە تەربىيىلەنسە، ئۇ ئېھتىمال ھەر ساھەدە ئىنسانىيەتكە پايدىلىق ئادەم بولۇپ چىقىشى مۇمكىن. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىزمۇ يېتىم ئىدى، ئەمما يېتىم بولۇش ئۇنىڭ پەيغەمبەر بولۇشىغا ۋە دۇنياغا نۇر تارقىتىشىغا توسالغۇ بولالمىدى.

يېتىم بولغانلىقى ئۈچۈن سەل قارالغان نۇرغۇن بالىلار ئىچىدىن

ھەرقايسى ساھەلەردە يارامىلىق كىشىلەر يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىن. ئەگەر بىز يېتىم باللارنىڭ مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھەققىنىڭ بارلىقىنى ۋە بۇ ھەقنى ئادا قىلىش مەسئۇلىيىتىنىڭ زىممىمىزدە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىساق، شۇنداقلا بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلساقلا، مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى جەزمەن پارلاق بولىدۇ.

### iii. شېھىتلەرنىڭ باللىرىنىڭ ھەق - ھوقۇقى

ئۇلۇغ ئاللاھ بەقەرە سۈرىسىنىڭ 154 ـ ئايىتىدە مۇنداق دەيدۇ: «ئاللاھنىڭ يولىدا ئۆلتۈرۈلگەنلەرنى ئۆلۈك دېمەڭلار، ئەكسىچە ئۇلار تىرىكتۇر، ئەمما سىلەر بۇنى ھېس قىلالمايسىلەر».

تارىختىن بويى مۇقەددەس قىممەت قارىشىمىز ۋە ئىززەت ـ ھۆرمىتىمىزنى قوغداش ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلغان شېھىتلىرىمىز ھەرگىز ئۆلۈك ئەمەس، ئەكسىچە ئۇلارنىڭ مەنىۋى شەخسىيىتى ئارىمىزدا تىرىك ياشاۋاتىدۇ. چۈنكى، ماددىنىڭ مەنىۋىگە ئايلىنىش قانۇنىيىتىگە ئاساسەن، ئۇلار مەنىۋى جەھەتتىن ئارىمىزدا ياشايدۇ. ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن يېتىم باللار ئۆلمەس قەھرىمانلىرىمىزنىڭ ھاياتلارغا سۇنغان ھەدىيىسى ۋە ئامانىتى بولۇپ، ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىپ، ماددىي ۋە مەنىۋى ئېھتىياجىنى قاندۇرساق، ئۇلارنىڭ مائارىپتىن بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىغا كاپالەتلىك قىلساق، ئاندىن شېھىتلەرنىڭ ئۈستىمىزدىكى ھەققىنى ئادا قىلغان بولىمىز. بولمىسا، بىز ھەم شېھىتلىرىمىزنىڭ، ھەم ئۇلار قالدۇرۇپ كەتكەن يېتىم باللارنىڭ ھەققى سەۋەبىدىن خار بولىمىز. چۈنكى، ئۇلار بىز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلدى ۋە بىزنىڭ ئۇلارنىڭ يېتىم باللىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىشىمىزنى ئۈمىد قىلىدۇ. ئەگەر بىز بۇ يېتىم باللارنى تۇغۇلغانلىقىغا پۇشايمان قىلدۇرساق، قىيامەتتە ئۇلارنىڭ شېھىت ئاتىلىرىغا قانداق يۈز كېلەلەيمىز؟ ھەتتا ئۇلارنىڭ ھەققىنى دەپسەندە قىلغۇچىلار

قاتارىدا تىرىلىمىز. شېھىتلىرىنىڭ بالىلىرىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالالمىغان كىشىلەر سۈپىتىدە تىرىلدۈرۈلۈشتىنمۇ ئارتۇق نومۇسمۇ بولامدۇ، ئەجەبا؟

يېتىم بالىلار كۆز يېشى قىلمايدىغان، نالە قىلمايدىغان، چەتكە قېقىلمايدىغان، ھەق ـ ھوقۇقى دەخلى ـ تەرۇزغا ئۇچرىمايدىغان ۋە ئۇلارنىڭ بارلىق ئېھتىياجى قامدىلىدىغان دۇنيا بەرپا قىلىش ئۇلۇغ ـ مۇقەددەس ۋەزىپە بولۇپ، يېتىم بالىلارنىڭ كۆز ياشلىرى كەلگۈنگە ئايلىنىپ ئىنسانىيەتنى غەرق قىلىشتىن ئىلگىرى، بىز يېتىم بالىلارنىڭ ئەھۋالىنى چۈشىنىدىغان ۋە ئۇلارنىڭ دەردىگە چارە تاپىدىغان قەلبى بار پەزىلەتكە ئىگە بولىشىمىز كېرەك.

# خاتىمە

قۇرئان ئاياللارنى قىزلىق دەۋرى، ئەرنىڭ ئايالى دەۋرى ۋە ئانىلىق دەۋرىدىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچتا مۇھاكىمە قىلغان بولۇپ، ئاللاھ ئۇلارغا ئانا بولۇش غايىسىنى سىڭدۈردى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ يۇقىرى ماقامغا ئولتۇرغۇزدى.

ئايال ھەممىدىن بەك قىزغانچۇق، ھەممىدىن بەك سۆيۈلىدىغان، ھەممىدىن بەك سادىق بولۇش بىلەن بىرگە، ناھايىتى ئاسان ئالدىنىپ قالىدۇ. ئايال گويا بىر قۇياش بولۇپ، تۇغۇشچان كېلىدۇ، ھاياتلىق ئاتا قىلىدۇ، مىللەتنىڭ كەلگۈسىنى يورۇتۇپ بېرىدۇ. ئۇ ئالىيجانابلىقنىڭ سىمۋولى، ھايانىڭ مەنبەسى بولغاچقا، مىللەتنىڭ ئىپپەت ـ نومۇسى ئۇنىڭ يەلكىسىگە ئارتىلغان. ئۇ ئاللاھقا تەسلىم بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ، ئىتائەت قىلىدۇ. ئۇ يەنە ئائىلىنىڭ تۈۋرۈكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

قۇرئان ئاياللار ھوقۇقىدا ئىنقىلاب ئېلىپ بارغان بولۇپ، تارىختا تۇنجى قېتىم ئاياللارغا ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇش ۋە ئۇنى ياقلاش، ھەق ـ ھوقۇقىنى تەلەپ قىلىش ھوقۇقىنى بەرگەن. ئېرىدىن ئايرىلىش ئۈچۈن سوتقا ئەرز قىلىش، مىراستىن ھەسسە ئېلىش ۋە گۇۋاھچى بولۇش جەھەتتە قۇرئان تۇنجى بولۇپ ئۇلارغا بۇ ھوقۇقلارنى بەرگەن.

قۇرئانغا ئاساسلانغاندا، سۆيگۈ ـ مۇھەببەت مۇنداق تەقسىم قىلىنغان: دىنىي سۆيگۈ، مال ـ مۈلۈك سۆيگۈسى، ئانا سۆيگۈسى، دۇنيا سۆيگۈسى، قېرىنداش سۆيگۈسى ۋە پەرزەنت سۆيگۈسى.

ھەممىگە قادىر ئاللاھ ئادىل بولغۇچىلارنى، سەۋرچانلارنى، پاكلانغۇچىلارنى، تەقۋادارلارنى، مۇھسىنلارنى ۋە تەۋەككۇل قىلغۇچىلارنى ياخشى كۆرىدۇ ھەم دوست تۇتىدۇ. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇزغۇنچىلىق قىلغۇچىلارنى، ئىسراپچىلىق قىلغۇچىلارنى ۋە يامانلىقنى ئاشكارىلىغۇچىلارنى ياقتۇرمايدۇ.

قۇرئان كەرىم ئىنسانلارنىڭ ياشاش، ئۆگىنىش، مەزلۇملارنىڭ ھەققىنى تەلەپ قىلىش، مال - مۈلۈككە ئىگە بولۇش، ئەمگەك ھەققى قاتارلىق ھەق - ھوقۇقلارنى، شۇنداقلا ئاتا - ئانا، پەرزەنت، ئۇرۇق - تۇغقان، يوقسۇللارنىڭ ھەققى، تەشكىللەش ھوقۇقى، جەمئىيەتنىڭ ھەققى، يېتىم باللارنىڭ ھەق - ھوقۇقى ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقنى ئېتىراپ قىلىدىغان بولۇپ، بۇ ئارقىلىق كىشىلىك ھوقۇق خىتابنامىسىنى ئېلان قىلغان.